سىدىق رەھمەت
مۇختار مامۇت مۇھەممىدى

# مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئىلشات تۇرسۇن

ISBN 7-5373-0572-2

9 787537 305723 >

ISBN7 — 5373 — 0572 — 2

K.22(民文) باھاسى : 8.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap

سىدىق رەھمەت
مۇختار مامۇت مۇھەممەدى

# شەھەر ئۇيغۇر تېتۇسلىرى

قادىر ھامۇت

2002.2.[illegible]K.

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : باقىھاجى تىۋەككۇل

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
مىجىت ناسىرنىڭ بېغىشلىمىسى :

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تەتقىقاتىنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، مەشھۇر
تېۋىپلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە
ۋارىسلىق قىلىپ . شىنجاڭنىڭ سەھىيە
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە
قوشايلى!

1996.9.5 مىجىت ناسىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# سۆز بېشى

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن بۇيان كۆپلىگەن مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت ئىلىم - پەن خەزىنىسىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى.

تارىختىن مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى مىلادىدىن بۇرۇنلا مەيدانغا كېلىپ، مىللىتىمىز ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئەمچى، ئاتاساغۇن، تېۋىپ ۋە دورىگەرلەرنىڭ سان - ساناقسىز تەجرىبىلىرى، دورىگەرلىك ئىختىرالىرىنىڭ توپلىنىشى، رەتلىنىشى، ئەۋلادلارغا يېزىپ قالدۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە راۋاجلانغان. دېمەك، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، ئىلمىي تەجرىبە ۋە تۈرلۈك ئاغرىق - سىلاقلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى جەريانىدىكى ئىلمىي يەكۈنىدۇر.

ماتېرىياللارنىڭ كەملىكىدىن كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنى تارتقان بولساقمۇ، 1991 - يىلدىن بۇيان ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىپ بۇ كىتابنى تەييارلىدۇق. «مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى» ناملىق بۇ كىتاب تىبابەتچىلىك تارىخىمىزنى ياراتقۇچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىدۇر. بۇنىڭدىكى «ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە دۇنيا تىبابىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ئاتاقلىق تىبىبىي ئالىملار»، «ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە ئىسلام تىبابىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن بىر قىسىم شەرق تىبىبىي ئالىملىرى» قاتارلىق قىسىملارنى سىدىق رەھمەت؛ «مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى»، «ئۇيغۇر تىبابىتىگە

تۆھپە قوشقان مەشھۇر ئۆزبېك تېۋىپلىرى » قىسمىنى مۇختار ماموت مۇھەممەدى ئىشلىدى .

بۇ كىتابتىكى تېۋىپلىرىمىزنىڭ رەت تەرتىپى تۇغۇلغان يىلىنىڭ بۇرۇن - كېيىنلىكى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ھازىرقى زاماندىكى بىر قىسىم تېۋىپلىرىمىزدىن تىبابەتچىلىكنىڭ ئالدىنقى سېپىدە كېسەل كۆرۈش ، داۋالاش ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى توغرىسىدا كىتاب يېزىپ ئېلان قىلغانلارغا بۇ كىتابتىن ئورۇن بېرىلدى .

بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىش جەريانىدا ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ داموللا ھاجى نىڭ كىتابلىرىدىن پايدىلاندۇق ، مەرھۇم كىتابنىڭ ئورىگىنالىنى كۆرۈپ بۇ ئەمگىكىمىزدىن سۆيۈنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى ، شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ھاجى مۇھەممەد ئېلى مەھمۇدى ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيغۇر تىبابەت تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرېھىم قادىر ئاسىپ ئەپەندى ، تارىخ تەتقىقاتچىسى ئابلىز مۇھەممەت سايرامى ، غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىق ئۇستازلار كۆپ ياردەم قىلدى . ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز .

بۇ كىتابنى تېخىمۇ تولۇقلاپ قايتا نەشر قىلىش ئۈچۈن ، بۇ قېتىم كىتابتىن ئورۇن ئالالمىغان تېۋىپلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ۋە ياكى ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا بالا - چاقىلىرى تەرجىمھالى ۋە تۆھپىلىرىنى يېزىپ چىقىپ ، بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپلىرىگە ياكى مەسئۇل مۇھەررىرىگە ئەۋەتىپ بېرىشلىرىنى شۇنداقلا كىتابىمىزدا خاتالىق ۋە نۇقسانلار بولسا كىتابخانلارنىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش بېرىشلىرىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز .

**ئاپتورلاردىن**

1996 - يىل ، 5 - ئاپرېل .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# مۇندەرىجە


غازىباي ........................................ 1
جىنۋا ........................................ 5
كومراجىنۋا ........................................ 7
ساۋ شياۋكۇي ........................................ 10
گەنجۇ قاغىن ........................................ 15
لى شۇن ........................................ 16
جان باشلاق ( شىراخان ) ........................................ 21
ئەبۇ نەسىر فارابى ........................................ 22
ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا ........................................ 27
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ........................................ 31
مەھمۇد قەشقەرى ........................................ 34
ئىمادىددىن قەشقەرى ........................................ 36
مۇھەممەد بىنىنى رەشىد بىنىنى ئەلى قەشقەرى ........................................ 39
مارۋازى ........................................ 40
ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى ........................................ 42
موللا ئەھمەد تىبەتى ........................................ 44
ئارغۇن سارىق ........................................ 45
يۈچۈرنچ قىيا ........................................ 46
ئىجان يارى ........................................ 47

تارىم ( دىھارما ) ………………………… 48
مىجىت ………………………… 53
تۆمۇر تۇبرۇك ………………………… 56
يۇ جۇ ………………………… 60
سەۋىنچ قىيا ………………………… 61
جامال قەرشى ………………………… 62
قۇسقۇي ………………………… 64
سادىرمىش ………………………… 69
دارىما قۇجۇ ( دىھارما قۇچۇ ) ………………………… 74
ئەنزۇك ( ئۇراساك ) ………………………… 75
نەزەر ………………………… 76
يەھيا ………………………… 77
نورۇزى ئاخۇن يەركەندى ………………………… 81
موللا ئارىپ خوتەنى ………………………… 82
خۇدۇيۇمخان ھاجى غوجام ………………………… 85
خوجا قۇتلۇق بىننى مەنسۇر ئەللامى ………………………… 86
مۇھەممەد مىراتبەگ ئەلىبەگ ئوغلى ………………………… 88
شىرىپ بىننى جامالىدىن ھاجى ئوغلى ………………………… 89
مۇھەممەد بىنبى شىرىپخان ھاجى ………………………… 90
قىسسۇرى ………………………… 91
ئوسمان بەگ ۋە مۇرات بەگ ………………………… 93
قۇتبىدىنشاھ ………………………… 94
زورىخان ………………………… 96
دانىش شاھ ھاجى ………………………… 98

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap


خوجا رېھىم ئاخۇنۇم ........................................ 99
موللا يۈسۈپ يەركەندى ........................................ 100
مەۋلانە سەيق ئەللامە يەركەندى ........................................ 101
سەئىد مۇختار بۇلاقبەگ ........................................ 102
مۇھەممەت رېھىم شاھ بوۋا ........................................ 103
بەدىردىن سوپى ئاخۇنۇم ........................................ 104
جامالىدىن ئاقسارايى ........................................ 105
جامالىدىن مەۋلىۋى داموللا ھاجى ........................................ 107
ئابدۇراھمان ئاخۇن دانىش ھاجى ئوغلى ........................................ 108
گۈلجىملىخان ........................................ 109
دەرۋىش ناسىر ........................................ 111
ئىمىن ھاجى ........................................ 113
مېھمانشاھ غوجى ........................................ 114
ھۈسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى ........................................ 115
سابىت ھاجى ........................................ 119
تۇردى ھاجى ........................................ 121
نىياز ھاجى ........................................ 122
ئىمىن ھاجى ........................................ 124
قاسىم ئەلەمئاخۇنۇم ........................................ 125
ھېيىز نىياز ........................................ 127
مۇھەممەد ئېلى ھاجى ........................................ 128
سەپەر ئاخۇنۇم ........................................ 130
يۈسۈپ ھاجى قەشقەرى ........................................ 132
مۇھەممەد ئاخۇنۇم ........................................ 135

سامساق ئۇستام ........................ 136
ئابدۇل ۋاھاپ مۇھەممەد شاھ ئاخۇنۇم ........................ 139
مىرئەخمەت ھاجى ........................ 140
لوقمان ئارسلانى ........................ 142
سەمەت ئۇستا ........................ 143
مەسۇم ئاخۇن داموللا ........................ 144
ئەمەت ھاجى ........................ 145
مەگلىك ئۇستا ........................ 146
توختى ئاخۇنۇم ........................ 149
توختىمۇھەممەت يۈسۈپ ........................ 152
ئېلىخان ھەزرىتىم ........................ 154
باياخۇن ئەزىزى ........................ 157
ماخسۇت ئاخۇنۇم ........................ 158
ماگسۇر ھاجى ........................ 162
ئىسھاق ئاخۇنۇم ........................ 165
سەيپۇل قارىم ........................ 167
مامۇت ھاجى ........................ 168
روزى موللا ........................ 170
مايىسخان ........................ 171
تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم ........................ 173
ناسىر بەگ ........................ 174
ئابدۇللا ھاجى ........................ 177
يۈسۈپ روزى ........................ 179
تېيىپزات تاھىرى ........................ 181

زۇنۇن قارىم ........ 185

مۇھەممەد ئېلى ئېزىزۇللا خەلپىتىم ........ 187

مەتنىياز ئاخۇنۇم ........ 189

مۇتىئۇللا قارى ھاجى ........ 191

ئابدۇقادىر روزى ........ 194

ياسىن ئاخۇن داموللا ........ 195

ئىمىننىياز ئاخۇنۇم ........ 197

ئوبۇل ھۇداخان ........ 199

غوپۇر ئاخۇن ........ 200

سادىق مەخسۇم ........ 201

پازىل قارى ........ 203

ئابدۇراھمان ھاجى ئاتام ........ 205

ئەيسا ھاجى ........ 207

ئابدىۋا قارىم ........ 209

يۇسۇپ ئاخۇنۇم ........ 210

ئىسمايىلجان ........ 212

ئابدۇللا قارى ........ 214

زىياۋۇدۇن قارىم ........ 215

ھاجى ئابدۇراھمان نىئمەت ........ 216

سايىت ئاخۇن خەلپىتىم ........ 218

غوجا باھاۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى ........ 220

پەتىھۇللا سوپى ........ 221

ئىنايىتۇللا ھىلىمى ........ 222

ئىسھاقجان مەھمۇد ........ 225

ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجى ........................ 228
ئىبراھىم قارى ھاجى ........................ 234
ئابدۇۋاھىد ھاجى ........................ 236
ئابدۇلھەق رەھمەتۇللا ........................ 238
قۇربان نىياز داموللا ........................ 240
ئابدۇلھەمىت مۇھەممەدى ........................ 242
مۇھەممەد مۇسا يۈسۈپ ھاجى ........................ 245
ھەسەن داموللا ھاجى ........................ 247
سىدىق ئېزىز ........................ 249
ئابدۇقادىر ھاجى ........................ 250
ئابدۇرېشىت غوپۇر مەخسۇم ھاجى ........................ 252
ياسىن زۇنۇن ........................ 254
باقى يۈسۈپ ........................ 258
مۇھەممەد ئىمىن داموللا ........................ 262
تۇرسۇن توختى ھاجى ........................ 264
مۇھەممەتئىمىن سابىر ........................ 267
ئېزىز كەنجى ........................ 270
ھاجى مۇھەممەد ئېلى مەھمۇدى ........................ 272
سىراجىنەخمەت ھاجى ........................ 275
ئابدۇل مۆمىن ئېزىز ( ئايدىڭ ) ........................ 278
ئابلىمىت ھاشىم ........................ 280
مۇھەممەد باقى ئالىم ھاجى ........................ 282
رۇقىيەم سادىق ........................ 285
مەيىنگارخان ھاجى ........................ 287

ئابدۇرېھىم قادىر ئاسىپ ........................................ 289
خالمۇرات غوپۇر ........................................ 292

## ئۇيغۇر تىبابىتىگە تۆھپە قوشقان مەشھۇر ئۆزبېك تېۋىپلىرى

نەجمىدىن داموللا ھاجى ........................................ 301
فۇرقەت ........................................ 303
ھېپىزخان مەخسۇم ........................................ 308
فەتھىدىن مەخسۇم ........................................ 311
ئورۇنبۇخان ئايىم ........................................ 313
مىرئەخمەت مىرمەرۇپ ........................................ 315
سەئىد ۋەلىخان مەخسۇم ........................................ 317
ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەم ........................................ 319
ئەنۋەرخان مەخسۇم ھاجى ........................................ 323
ئابلىمىت ھېپىز ........................................ 325
نېمىتىللاخان ھاجى ........................................ 328

## قوشۇمچە :
## ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە دۇنيا تىبابىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ئاتاقلىق تىببىي ئالىملار

بەقرات ( ھىپپوكرات ) ........................................ 332
جالىنۇس ( كىلاۋدىي گالىن ) ........................................ 334
سۇقرات ( سوكراتىس ) ........................................ 336
ئەپلاتۇن ( فلاتۇن ) ........................................ 338

ئەرەستۇ ( ئارستوتېل ) .................................... 340

## ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە ئىسلام تىبابىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن بىر قىسىم شەرق تىببىي ئالىملىرى

ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد بىننى زىكرىيا رازى .................. 343
داۋۇد ئەنتاكى .................................................. 347
ئىبنى روشىدىي .............................................. 349
ئەبۇ ئابدۇللا خارەزىمى ...................................... 351
ئەللامە نەجىبىددىن سەمەرقەندى ........................... 353
ھەكىم مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانىي ........................... 354
مۇھەممەد ئەزەمخان ........................................... 355
مۇھەممەد ئەجمەلخان ......................................... 356
شەمسۇلئەتىبا غولام گىيلانىخان ............................ 357
پايدىلانغان ماتېرىياللار ........................................ 359

# غازباي

غازباي خوتەندە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېۋىپ بولۇپ، ئۇنىڭ «غازبابىنىڭ ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى» ناملىق مەشھۇر كىتابىنى يازغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار. دەسلەپكى ئىگە بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مىلادى 1200 - يىللىرى ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان «ھەدىقەتۇل ئەقالىم» (ھەرقايىسى ئەللەر تەزكىرىسى) دېگەن قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەردە مۇنداق مەزمۇندىكى مۇھىم مەنبەلەر قەيت قىلىنغان: تېرىم (تارىم) يايلىقىدىكى غازباي قەدىمكى خوتەن رايونى دائىرىسىدىكى نۇرغۇن دورىلارنى يەكۈنلەپ 312 ماددىلىق دورا قامۇسى يازغان، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇنانلىق ئالىم ئەپلاتۇن ئۆز شاگىرتلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن، ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئالتە ئاي تاغ - دەريالارنى كېزىپ غازبابىنى تاپقان. غازبابىنىڭ يۇرتىدا ھەرخىل مېۋە - چېۋىلەرنىڭ يەرلەرگە تۆكۈلۈپ ياتقانلىقى، بىنەپشە، باديان، سانا، يۇمغاقسۈت، ئۇغرى تىكەن، ئاق لەيلى، لالە ئوت، ئاچچىق تاۋۇز ... قاتارلىق نەچچە مىڭ خىل ئوت - چۆپ دورىلارنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلىغانلىقىنى كۆرگەن، غازبابىنىڭ 312 ماددىلىق دورىلار كىتابىنى كۆرۈپ ئاپىرىن ئوقۇغان ھەمدە ئەپلاتۇننىڭ ھەرخىل ئىلىملەر تەھسىل قىلىدىغان ئالىم ئىكەنلىكى، ئەگەر ئەپلاتۇن بۇ ئەسەرنى كۆرۈشكە

مۇيەسسەر بولالىسا، غازىباي ۋە تارىم خەلقىگە ھەر جەھەتتىن زور ياردەملەر بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. غازىباي كۆپ ئۆيلىنىشلاردىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، قىممەتلىك ئەسىرىنى 40 ياشلىق ئوغلى بارىينىڭ قولىغا چىڭ تۇتقۇزۇپ، كەلگەنلەر بىلەن بىللە ئەپلاتۇننىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن. ئەپلاتۇن بارىينى ئالىي ئېھتىرام بىلەن قىزغىن قارشى ئالغان، غازىباينىڭ ئەسىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن كېچە - كۈندۈز ئوقۇپ چىقىپ، غازىباينىڭ تىببىي ئىلىمدىكى ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن ھەمدە بۇنىڭغا جاۋابەن ئامراق قىزى ئەنفىيالۇسنى بارىيغا نىكاھلاپ بەرگەن. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بارىي بىلەن ئەنفىيالۇس تارىمغا قايتماقچى بولغاندا، ئەپلاتۇن غازىباينىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىگە جاۋابەن ھازىرقى خوتەن رايونىغا قاراشلىق شەھەرلەرنى تېخىمۇ ھەيۋەت - گۈزەل قىلىپ قۇرۇشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھۈنەرۋەنلەرنى قوشۇپ ئەۋەتكەن، بۇ ھۈنەرۋەنلەر بارىينىڭ رەھبەرلىكىدە ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن دىيارى خەلقى بىلەن بىللە ھازىرقى كىرىيە، خوتەن، قاراقاش، گۇما شەھەرلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن، بىنالار سالغان. يەرلىك خەلق خاتىرە ئۈچۈن كىرىيەنى سىھراب، خوتەننى زىھراب، قاراقاشنى فاراب، گۇمىنى داراب دەپ يۇنانچە ناملار بىلەنمۇ ئاتىغان.

ئەسەرنى ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرى 350 يىل بۇرۇن يېزىلغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەرگە ئايانكى، ئەپلاتۇن مىلادىيىدىن بۇرۇن 427 - يىلى تۇغۇلۇپ 347 - يىلى ۋاپات بولغان دۇنياغا مەشھۇر قەدىمكى يۇنانلىق ئالىم.

شۇبھىسىزكى ، ئەينى ۋاقىتتا ئەپلاتون ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى غازىبايىنىڭ دورىلار قامۇسىدىن ناھايىتى زور مەنپەئەتلەر ئالغان . مەزكۇر « قامۇس » نىڭ قايسى يېزىقتا يېزىلغانلىقى بىزگە ھازىرچە نامەلۇم . لېكىن ، يېزىقشۇناس ئالىملارنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسلانغاندا ، شىنجاڭدا مۇقەددەم زامانلاردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە جەمئىي 26 خىل يېزىق قوللىنىلغانلىقى مەلۇم . ئۇيغۇرلار مىلادىدىن 300 — 400 يىللار ئىلگىرى كارۇشتى ۋە بىراھمى يېزىقلىرىنى قوللانغان . خوتەن ئۇيغۇرلىرى كارۇشتى يېزىقىنى ئىشلەتكەن . « شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىدىكى ئاقسېپىل قەدىمكى شەھەر خارابىسىدا ساقلىنىپ قالغان سېپىل تاملىرىنىڭ كېسەكلىرىدىمۇ ... كارۇشتى ھەرپلىرى تېپىلدى ... ۋەخوتەن رايونىدىن مىلادى 3 ـ ، 4 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تارشا ، تېرە ۋە قەغەزگە يېزىلغان ئىجتىمائىي ـ مەمۇرىي ۋەسىقىلەر كۆپ تېپىلدى ... » ، « ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ كارۇشتى يېزىقى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ماددىي پاكىت ... ئەينى زامانلاردا خوتەن رايونىدا كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ كارۇشتى يېزىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانلىقى » نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . شۇڭا ، مەزكۇر « قامۇس » نىڭ كارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغانلىق ئېھتىمالى چوڭ دەپ قاراشقا بولىدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرى 3 ـ ، 4 ـ ئەسىرلەردىلا تېببىي ئىلىم جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازانغانلىقى ، يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە يەكۈنلىرىنى

ئۇرخۇن - يېنسەي يېزىقي بىلەن مەنبەداش بولغان كارۇشتى يېزىقى بىلەن كىتاب قىلىپ يازغانلىقى، قەدىمكى يۇنان تىبابەت ئالىملىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنلىكى ۋە شۇلار ئارقىلىق ئەڭگۈشتەر قاتارىدا پۈتۈن دۇنياغا تارقاپ، ئىنسانىيەتنىڭ تىبابەت ئىلمىگە غايەت زور تۆھپىلەر قوشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.



# جىۋا

جىۋا ( ؟ — 324 ) ئۇلۇغ ئالىم ، شائىر ۋە تەرجىمان « كومراجىۋا ( 344 — 413 ) نىڭ ئانىسى بولۇپ » ، « كۇچا خانى بەگ چوگىنىڭ سىڭلىسى ئىدى » . « ئەقىللىك - زېرەك ، ئىلىملىك ، ئىرادىلىك ، مېھرىبان ئايال بولۇپ ، 20 ياشقا كىرگەندە كومراجىۋانى تۇغۇپ ، پەرزەنت تەربىيىلەشتە نام چىقارغان » ، « 〈 جىۋا بەش ئەزا كېسەللىكلىرى توغرىسىدا 〉 ناملىق ئەسەرنى يازغان » . ئەسەرنىڭ نامى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىدىنلا ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن مەشھۇر ئايال تېۋىپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ . ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىل - دەۋرى 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ . ئەسلى ئەسەرنىڭ يېزىقى ئېنىق ئەمەس . ئەسەر ئاپتورنىڭ ئوغلى كومراجىۋا تەرىپىدىن 383 - يىللىرى ئەتراپىدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان .

فورماتى : 13.5 × 20 س م ، بەت سانى ئېنىق ئەمەس .

مەزمۇنى : ئىچكى بەش ئەزانىڭ نورمال خىزمىتى ۋە ئۇلارنىڭ نورمالسىزلىقىدىن كېلىپ چىققان ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ داۋاسى ، ھەرخىل دورىلارنىڭ نامى قاتارلىقلار تەپسىلىي يېزىلغان .

بۇ ئەسەرنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلغان نۇسخىسى تۇرپاندىن كەمتۈك ھالەتتە قېزىۋېلىنغان . ئۇ ، قېلىن بىر دەپتەر قىلىنغان ئىككى كىتابتىن ئىبارەت بولۇپ ، دەپتەرنىڭ ئوڭ تەرىپى مەزكۇر

ئەسەر، تەتۈر تەرىپى «تىببىي رېتسېپلار جەۋھىرى» دېگەن كىتابتىن تەشكىل تاپقان. ئوڭ تەرىپى ئاساسەن كەمتۈكلىشىپ كەتكەن. ئۇ، گېرمانىيىلىك ئالبېرت ۋون لېكوك ۋە ئالبېرت گرۈن ۋېدېللار 1902 — 1903 - يىللىرى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن تۆت كىتابنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىر گېرمانىيە پىروسى باكلاۋىرلار ئىنستىتۇتىدا TIIY49 دەپ رەت نومۇرى سېلىنىپ ساقلانماقتا.



# كومراجىۋا

كومراجىۋا ( مىلادى 344 ـــ 413 ) بۇددا دىنى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىبابەت ئەسەرلىرىنىڭ ئاتاقلىق تەرجىمە مۇتەخەسسىسى ، بۇددا نوملىرىنىڭ جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ مەشهۇر تەرجىمە پىر ئۇستازىنىڭ بىرى ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئۇلۇغ نامايەندىلىرىنىڭ بىرى ۋە مۇتەپەككۇر ئالىمى ، ئەدىبى .

ئۇ ، 344 ـ يىلى قەدىمكى غەربىي دىيار كۆسەن ( كۇچا) خانلىقىدا دۇنياغا كەلگەن . ئاتىسى كومرايان مۇھىم دۆلەت ئەربابى ، ئانىسى جىۋا مەشهۇر تېۋىپ بولۇپ ، كۆسەن خانى بەگ چوڭنىنىڭ سىڭلىسى ئىدى . ئۇ ، يەتتە ياشقا كىرگەندە ( 350 ـ يىلى ) ئانىسى بىلەن بۇددا دىنىغا كىرگەن ، زېرەكلىكىدىن كۈنىگە 1000 مىسرادىن نوم تېكىستى ياد ئالغان . توققۇز ياشقا كىرگەندە ئانىسىغا ئەگىشىپ كەشمىرغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان . 13 يېشىدا يۇرتىغا قايتىش سەپىرىدە ئۆزىنى كىچىك كۆرۈپ مەگىستىمىگەن بىر راھىب كالان بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ، ئۇنى يېڭىپ پۈتۈن غەربىي دىيارغا داڭقى كەتكەن . كۆسەن خانى ئۆزى شەھەر سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالغان ۋە دۆلەت ئۇستازى دەپ نام بەرگەن . كۆسەندە ھەر جايلاردىن كەلگەن مۇرىتلار تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن ساۋاق ئالغان .

ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئالدىنقى چىن پادىشاھى 383 - يىلى كۈسەنگە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇنى ئالدۇرۇپ كەلگەن، كومراجىۋا گۇزاڭ شەھىرى ( ھازىرقى گەنسۇ ۋۇۋېي ) دە 15 يىل تۇرۇپ قېلىپ خەنزۇچىنى مۇكەممەل ئۆگىنىۋالغان. كېيىنكى چىن پادىشاھى 401 - يىلى ئۇنى چاڭئەن ( ھازىرقى شىئەن ) گە ئالدۇرۇپ كېلىپ، دۆلەت ئۇستازى دەپ ئىززەتلەپ ئىشلەتكەن. كومراجىۋا شاۋياۋيۈەن باغچىسىدا 800 نەپەر شاگىرتقا دەرس بەرگەن ھەمدە 3000 راھىبقا يېتەكچىلىك قىلىپ، جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ زور كۆلەملىك نوم تەرجىمە قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 74 پارچە 384 جىلد نوم تەرجىمە قىلغان. ئۇ، شۇ قاتاردا ئۇيغۇر تىبابىتىگە دائىر نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئانىسى جىۋانىڭ داڭلىق تىببىي ئەسەرلىرى « جىۋا بەش ئەزا كېسەللىكلىرى توغرىسىدا » ۋە « جىۋا كاپوستاكا » نى تەرجىمە قىلىشتىن سىرت، يەنە 33 جىلدلىق « غەربىي دىيار تېۋىپلىرى ئېيتىپ بەرگەن مۇھىم رېتسېپلار »، ئۈچ جىلدلىق « غەربىي دىيار ئەۋلىيالىرىنىڭ رېتسېپلىرى »، تۆت جىلدلىق « غەربىي دىيار مەشھۇر تېۋىپلىرى توپلىغان مۇھىم رېتسېپلار »، تۆت جىلدلىق « بۇسەتۋا ناگار جۇنانىڭ دورا رېتسېپلىرى »، ئىككى جىلدلىق « بۇسەتۋا ناگار جۇنانىڭ ئىسرىقلاش ئۇسۇلى »، 2600 جىلدلىق « ھەر يەرلەردىن توپلانغان رېتسېپلار » قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان. بۇ ئۇيغۇر تىبابىتى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يوقىلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە « جىۋا بەش ئەزا كېسەللىكلىرى توغرىسىدا » ۋە « جىۋا كاپوستاكا » دېگەن ئەسەرلەر 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن

دۇنخۇاڭدىكى خۇپيانە كىتاب ئامىرىدىن ئېلىپ كېتىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا گېرمانىيىدىكى بورىس ماگىستىرلار ئىنستىتۇتىدا TII49 دېگەن نومۇر بىلەن، لوندۇندىكى ھىندىستانغا دائىر ئىشلار كۇتۇپخانىسىدا chii 300 دېگەن نومۇر بىلەن ھازىرغىچە ساقلانماقتا.



# ساۋشياۋ كۈي

ساۋشياۋ كۈي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆرەتۆپە خانلىقىدا ( بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەند ئەتراپىدا ) تۇغۇلۇپ ئۆسكەن توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىدىن بولۇپ، ئۇ، تاڭ سۇلالىسى كەييۈەن يىللىرىدا ( مىلادى 713 ــ 741 ـ يىللىرى ) بىر تۈركۈم راھىب، رەسسام، سەنئەتكارلار بىلەن بىللە چاڭئەنگە كەلگەن ھەمدە ئوردا ئوركېستىرىغا تەكلىپ قىلىنغان.

ساۋشياۋ كۈينىڭ ھاياتى، سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى توغرىسىدا ھازىرچە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ساۋشياۋ كۈي بەرباپنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدىغان مۇزىكا ئۇستازى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاۋاز قانۇنى، مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە ئاكۇستىكا نەزەرىيىسى جەھەتتىكى رېزونانس بىلىملىرىگە كامىل كۈيشۇناس ھەم دوختۇر ئىدى①.

جاۋشېچەننىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ساۋشياۋ كۈينىڭ ئاۋازلارنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئوردا ئوركېستىرىدىكى ھەرقانداق ئادەملەر ئۇنىڭ ئاۋاز پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئالدىيالمايتتى. بىر قېتىم شەھەر ئەتراپى

---

① جاۋشېچەن: «ساۋشياۋ كۈينىڭ كېسەل داۋالىشى». «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» خەنزۇچە 1985 ـ يىل 2 ـ ماي سانىغا قاراڭ.

رايونىدا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزگەندە، ئوردا ئوركېستىرى بۇ داغدۇغىلىق مەرىكىگە تەكلىپ قىلىنغان. بۇ چاغدا مەرىكىگە قاتنىشىۋاتقان ئوردا تەپتىش بېگى ساۋشياۋكۇيىنىڭ كامالەتكە يەتكەن بەرباپ چېلىش ماھارىتىگە ھەسەتخورلۇق قىلىپ، نەغمىسى مۇقامغا چۈشمىدى، دېگەن باھانە بىلەن ئۇنى جازالىماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قالايمىقان چېلىنىۋاتقان قوڭغۇراق، دۇمباق ۋە تاشتىن ياسالغان قىيپاش جاڭ ئاۋازىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ساۋشياۋكۇيگە پەرق ئەتكۈزگەن، نەتىجىدە ساۋشياۋكۇيىنىڭ ئاۋازلارنى ئايرىپ بېرىشىدىن قىلچە خاتالىق كۆرۈلمىگەن. ساۋشياۋكۇيىنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن تەپتىش ئەمەلدارى بۇنىڭغا ھاڭ - تاڭ قالغان①.

خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ساۋشياۋكۇيىنىڭ لوياڭدا لىيۇ فامىلىلىك بىر راھىب دوستى بولغان. ئۇ راھىب ئايەت ئوقۇش، ئىستىقامەت قىلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر قىيپاش جاڭ (قەدىمكى زامانلاردا قاشتېشى ياكى تاشتىن ياسىلىدىغان سوفما ساز بولۇپ، ئۇنى كۆپىنچە، راھىبلار ئىشلىتەتتى. خەنزۇچە 石磬 دەپ ئاتىلىدۇ) سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۆيىنىڭ تورۇسىدىكى لىم ياغاچقا ئېسىپ قويغان. لېكىن راھىب نوم ئوقۇغۇچە ھېلىقى جاڭ ئۆزلۈكىدىن چېلىنىپ ئاۋاز چىقارغان. بۇ غەلىتە ئىشقا ھەيران بولغان راھىب جاڭنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ قارىغان ھەمدە ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن ئاۋاز چىقىرىۋاتقانلىق سەۋەبىنى تاپالمىغان. ئۇ، جاڭنى كارىۋىتىنىڭ بېشىغا يۆتكەپ ئەكەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا پات - پاتلا چېلىنىپ

---

① جاۋشېچەن: «يىپەك يولى مۇزىكا - ئۇسسۇلى ھەققىدە ھېكايىلەر» نىڭ 73 - بېتىگە قاراڭ.

ئاۋاز چىقارغان . نەتىجىدە راھىب « بۇ جاڭنىڭ ئىچىدە چوقۇم جىن ـ شاياتۇن بولۇشى مۇمكىن ... » دەپ پەرەز قىلىپ قاتتىق چۆچۈگەن ھەمدە نەچچە كۈنگىچە يۈرىكى سېلىپ ، تېنى سىرقىراپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان . بۇ راھىب كېسەلگە داۋا ئىزدەپ داڭلىق تېۋىپلارنى چاقىرتىپ ھەرخىل ئامالالارنى قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن كېسەلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ جاڭنىڭ سىرلىق ئاۋازىنى يوقىتالمىغان ...

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ساۋشياۋكۇي راھىب دوستىنى يوقلاپ بارغان ۋە راھىبنىڭ « جاڭ ئىچىدە جىن ـ شاياتۇنلار بار ئىكەن » دېگەن گېپىگە زادىلا ئىشەنمىگەن . ئىككيلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا ، يېقىن ئەتراپتىكى ئىبادەتخانا راھىبلارغا تاماق بېرىش ئۈچۈن جاڭ ئۇرغان ، بۇنىڭغا ئەگىشىپلا ھېلىقى سىرلىق جاڭمۇ ئۆزلۈكىدىن ئاۋاز چىقىرىپ چېلىنغان . راھىب بۇنى ئاڭلاپ يەنە قورقۇپ ، تىترەپ « جىن كەلدى ! جىن كەلدى ! » ، دەپ ۋارقىرىغان . جاڭنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئاۋاز چىقىرىش سىرىنى بىلگەن ساۋشياۋكۇي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ ، ئۆيگە قايتىپ بېرىپ ئېكىكىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ تاشتىن ياسالغان بۇ جاڭنىڭ ئەتراپىنى بىر قۇر ئېكەكلىگەن . شۇنىڭدىن كېيىن جاڭنىڭ غەيرىي ئاۋازى يوقىلىپ ئۆزلۈكىدىن ئاۋاز چىقارمايدىغان بولغان . كېيىن راھىب بۇنىڭ داۋلىسىنى سورىغاندا ، ساۋشياۋكۇي ئۇنىڭغا : « بۇ تاش جاڭ بىلەن ئىبادەتخانىدىكى قوڭغۇراقنىڭ ئاۋاز قانۇنى ئوخشاش ، قوڭغۇراق جاراڭلىسا تاش جاڭمۇ ئاۋاز چىقىرىدۇ . بۇ ، رېزونانىستىك قائىدە ، ھاۋانىڭ جىسىملارنى تەۋرىتىشتىكى ئوخشاشلىقىدىن ئەكس سادا ھاسىل بولىدۇ ، مەن ئېكەك بىلەن ئۇنى ئېكەكلىۋەتتىم ، ئەمدى ئەكس سادا ھاسىل

قىلمايدۇ » دەپ جاۋاب بەرگەن①.

1000 يىل ئىلگىرىكى تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرى ساۋشىياۋكۇينىڭ تەبىئىي پەنلەرنى، خۇسۇسەن ئاكۇستىكا رېزونانس، ئاۋاز قانۇنى قاتارلىقلارنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشى ۋە خىمىيىلىك، فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن، هاۋانىڭ جىسىملارنى تىترىتىشى نەتىجىسىدە ئەكس سادا هاسىل بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارغا رەسمىي ئىلىم - پەن نۇقتىسىدىن جاۋاب بەرگەنلىكى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ، تەبىئىي پەنلەر تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى ئاتوم دەۋرىدىمۇ ئۆرنەك قىلىنىشقا ئەرزىيدۇ.

ساۋشىياۋكۇي ئاۋاز قانۇنى ۋە مۇزىكا نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاتاقلىق ئالىم بولۇپلا قالماي، بەلكى بەرباپنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدىغان ماھىر مۇزىكانت ھەم ناخشا - مۇزىكا ئىجاد قىلىدىغان كومپوزىتور ئىدى. « نەغمە - ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى » دىكى بايانلارغا قارىغاندا، ساۋشىياۋكۇي ئوركېستىردا كومپوزىتور بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە ئاۋاز قانۇنى ھەققىدىكى قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدىغان بىردىنبىر كىشى ئىدى. ساۋشىياۋكۇي يەنە لوياڭدا مۇزىكا بىلەن يۈرەك كېسىلىنى داۋالاپ، راھىب لىيۇ قاتارلىقلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان. ئۇ، مۇزىكىنى ھەم سەنئەت نۇقتىسىدىن ھەم ئىلىم نۇقتىسىدىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، مۇزىكىنىڭ كىشىلەرگە شادلىق، ھۇزۇر - ھالاۋەت بېغىشلاشتىن باشقا، باش ئاغرىقى (نېرۋا كېسىلى)، يۈرەك كېسىلىگە شىپا بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ

---

① « يىپەك يولى مۇزىكا - ئۇسسۇلى ھەققىدە ھېكايىلەر » نىڭ 74 - بېتىگە قاراڭ.

چىققان شۇنداقلا بۇ تېخنىكىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، كۆپلىگەن بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان. ئۇ يەنە مۇزىكىنى تەبىئەتتىكى شەيئىلەرگە تەتبىقلاپ، مۇزىكا قانۇنىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن.



# گەنجۇ قاغىن

گەنجۇ قاغىن ( مىلادى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشىغان ) ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئاتاقلىق تىببىي تەرجىمانى ۋە مەشھۇر تېۋىپى بولۇپ ، غەربىي دىيار ئۇدۇن ( خوتەن ) لۇق .

مىلادى 710 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى مەلىكىلىرىدىن چۇەن ـ چېڭ مەلىكە شىزاڭغا ئەۋەتىلىپ ، تۇبۇتلار سۇلالىسىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد پادىشاھى چىدې زۇزەن ( مىلادى 704 ـــ 754 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان ) غا ياتلىق قىلىنغان . مەلىكە چۇەن چېڭ بىللە ئېلىپ بارغان زور بىر تۈركۈمدىكى تىببىي ئەسەرلەر گەنجۇ قاغىن يېتەكچىلىكىدە خەنزۇ راھىب تېۋىپ شيەن رۇ ، زاڭزۇ تەرجىمانلاردىن جىڭبۇزىسى ، جىڭبۇ دۇنجۇ ، جۆلامىن با قاتارلىقلار تەرىپىدىن تىبەتچىگە تەرجىمە قىلىنغان . گەنجۇ قاغىن يەنە خەنزۇ راھىب ۋە تېۋىپ ۋۇجىڭ ۋە زاڭزۇ تەرجىمان ۋىيلۇزانا قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ نۇرغۇنلىغان تىببىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغاندىن سىرت ، تىبەت خەلقى ئارىسىدىكى تىببىي تەجرىبىلەر ۋە ئۆز يۇرتىدىكى ھەمدە چەت ئەللەردىكى تىببىي تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ تىبەتلىكلەرگە « يۆجى ياۋجىن » ( ئاي كەبى دورىلار بىلەن كېسەللىك داۋالاش ) دېگەن داڭلىق تىببىي ئەسەرنى تۈزۈپ بەرگەن .

# لى شۈن

لى شۈن ①( 李询 تەخمىنەن ملادى 855 ــ 930 - يىللىرى ) تەخەللۇسى دېرۈن ( 德润 ) بولۇپ، سىچۇەننىڭ شىنجۇ ئايمىقىدا ( هازىرقى سەنتەيدە ) غەربىي يۇرتلۇق دورا سودىگىرى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئەسلى شىنجاڭلىق بولۇپ، يۇرتىمىزدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تىببىي دورا ۋە ھەرخىل پۇراقلىق دورا - دەرمەكلەرنى ئاپىرىپ ساتىدىغان دورا سودىگىرى ئىدى. بىرنەچچە قېتىملىق دورا - دەرمەك سودىسىدىن كېيىن، ئۇنىڭ يۇرتىمىزدىن ئېلىپ بارغان بىرقانچە خىل شىپالىق دورىلىرى شىنجۇ ئايمىقى ۋالىيسىنىڭ كېسىلىگە شىپا بولغان ھەم پۇراقلىق دورا - دەرمەكلەر ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. نەتىجىدە تاڭ خانلىقىنىڭ ئوردا قائىدە - يوسۇنى بويىچە ۋالىيىنىڭ ئۇنىڭغا لى فامىلىسىنى ھەدىيە قىلىشى ۋە مەنسەپكە تەيىنلىشى بىلەن سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ شىنجۇ ئايمىقىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە لى فامىلىسى بىلەن ئاتىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

لى شۈن كىچىكىدە دورا - دەرمەك سېتىش، تېۋىپلىق قىلىش ھەم شېئىر يېزىش بىلەن مەشغۇل بولغان.

---

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» گە بېسىلغان «مەشھۇر دوختۇر لى شۈن ۋە ئۇنىڭ ‹باشقا يۇرت دورا ئۆسۈملۈكلىرى › ناملىق تىببىي ئەسىرى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

« ئون پادىشاھلىق يىلنامىسى » دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا ، لى شۈن شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ خېلى تونۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ « گۈزەل قاشتېشى توپلىمى » ناملىق شېئىرلار توپلىمى بولغان ھەمدە « بېلىقچى بوۋاي » ، « جەنۇبىي يۇرت ئوغلى » قاتارلىق داڭلىق نەزمىلىرى بولغان . ئۇ ، ياش ۋاقتلىرىدا لىڭنەن ( ھازىرقى جياڭسۇ ، جېجياڭ ، گۇاڭدۇڭ ئەتراپلىرى ) قاتارلىق جايلارغا بېرىپ دورا - دەرمەك سودىسى قىلىش جەريانىدا جايلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن خېلى پىششىق تونۇشقان . ئۇ ، ئانا يۇرتى — شىنجاڭدىن ئېلىپ بېرىلغان تىببىي دورا - دەرمەكلەر ۋە ھەرخىل خۇش پۇراق دورا ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ، تەجرىبە قىلىش ، تېۋىپلىق قىلىش بىلەن 20 يىلچە شۇغۇللانغاندىن كېيىن ، ئۇزاق يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن ، « باشقا يۇرت دورا ئۆسۈملۈكلىرى » ناملىق تىببىي ئەسىرىنى يېزىپ چىققان ( ئەينى ۋاقىتتا يۇرتىمىزدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىلغان دورىلار « باشقا يۇرت دورىلىرى » دەپ ئاتالغاچقا ، لى شۈننىڭ بۇ كىتابىنىڭ نامىمۇ شۇنداق ئاتالغان ) . بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن دورا - دەرمەك ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى يۇرتىمىزدىن جەنۇبىي جۇڭگو تەرەپلەرگە ئېلىپ بېرىپ تىكىپ ئۆستۈرۈلگەن دورا ئۆسۈملۈكلىرى بولۇپ ، بۇنىڭدا يۇرتىمىزدىن جەنۇبىي جۇڭگوغا كىرگۈزۈلگەن دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى تىببىي بىلىملەر تونۇشتۇرۇلغان .

« باشقا يۇرت دورا ئۆسۈملۈكلىرى » ناملىق بۇ تىببىي ئەسەر ئەسلىدە ئالتە جىلد بولسىمۇ ، ئەمما ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ۋە تۈرلۈك يېغىلىقلار سەۋەبىدىن ، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ( مىلادى 1127— 1279 -

يىللار ) نىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسى يوقىلىپ، ياغاچ باسما نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان. بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان دورا - دەرمەكلەرنىڭ بىر قىسىم مۇھىم مەزمۇنلىرى كېيىن تۈزۈلگەن «ئىسپاتلانغان دورا ئۆسۈملۈكلىرى» ۋە «دورا ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» قاتارلىقلارغا كىرگۈزۈلگەن. دورا ئۆسۈملۈكلىرى تەتقىقاتچىسى فەن شىڭجۇن ئەپەندى يۇقىرىدىكى كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن «باشقا يۇرت دورا ئۆسۈملۈكلىرى» نىڭ مەزمۇنىنى توپلاپ، قايتا رەتلەپ يەنە «باشقا يۇرت دورا ئۆسۈملۈكلىرى» دېگەن نام بىلەن بىر كىتاب قىلىپ تەييارلىغان. بۇ كىتابتا 124 خىل دورا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قاشتېشىدىن ئىشلىنىدىغان سەككىز خىل دورا، ئوت - چۆپتىن ئىشلىنىدىغان 38 خىل دورا، ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكتىن ئىشلىنىدىغان 48 خىل دورا، ھايۋاناتتىن ئىشلىنىدىغان ئۈچ خىل دورا، قۇرت، بېلىق ۋە باشقا جانىۋارلاردىن ئىشلىنىدىغان 16 خىل دورا، مېۋە - چېۋىدىن ئىشلىنىدىغان توققۇز خىل دورا، ئاشلىقتىن ئىشلىنىدىغان بىر خىل دورا ۋە بىر خىل تىببىي ئەسۋاب قاتارلىقلار بار.

لى شۈن يۇرتىمىزدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىلغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەچكە، ئۆزىنىڭ رېتسېپىغا ئاساسەن، بۇ دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىغان خەنزۇ تېۋىپلارنىڭ تىببىي ئەسەرلىرىگە ناھايىتى كۆپ تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈپ، خەنزۇ تىبابەتچىلىكىنىڭ توغرا، ساغلام راۋاجلىنىشىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇ قاتاردا يۇرتىمىزدا ئۆسىدىغان ھەرخىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ۋە مېۋە دەرەخلىرىنىڭ ئۆسۈشى،

بۇلارنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇق، قۇرۇق ـ ھۆل خۇسۇسىيىتى، تەسىرى، شىپالىق رولى جەھەتتە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىچكى ئۆلكە تېۋىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە كۆپلىگەن تۈزىتىشلەرنى بېرىپ، ئۇنى تولۇقلىغان.

لى شىۋنىڭ «باشقا يۇرت دورا ئۆسۈملۈكلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ھەرخىل خۇش پۇراقلىق دورا ـ دەرمەكلەرنى خاتىرىلىگەنلىكىدە. سۇڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن نامەلۇم بىر ئاپتور يازغان «خۇش پۇراق ئىپارىيە بۇيۇملىرى ھەققىدىكى توپلامنىڭ مۇھىم بايانلىرى» دېگەن كىتابتا: «خۇش پۇراق ئىپارىيە بۇيۇملىرى غەربىي يۇرتتىن چىقىدۇ، چىن، خەن خانلىقلىرىدىن ئىلگىرى بىزدە بۇنداق ئېسىل بۇيۇملار بولمىغان ئىكەن. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى جاھاندىكى خۇش پۇراق دورا ـ دەرمەكلەرنى قەسىرىگە يىغدۇرۇپ، خۇش پۇرىقىدىن لەززەتلەنگەن. كېيىن بۇ خۇش پۇراقلار كۆپلەپ كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇشتا ئىز ـ دېرەكسىزلا يوقىلىپ كەتكەن ...» دەپ پۈتۈلگەن. يۇقىرىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا، جۇڭگونىڭ سۈي (مىلادى 581 ـ 618 ـ يىللار)، تاڭ (مىلادى 618 ـ 907 ـ يىللار) سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە يۇرتىمىزدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگۈزۈلگەن خۇش پۇراق دورىلارنىڭ مىقدارى خېلى كۆپ بولغان ھەم تولىمۇ ئەتىۋارلىنىپ، خان، پادىشاھلارنىڭ ئوردا ـ قەسىرلىرىدە ساقلانغان. لى شىۋن «باشقا يۇرت دورا ئۆسۈملۈكلىرى» ناملىق تىببىي ئەسىرىدە خېلى كۆپلىگەن خۇش پۇراق دورا ـ دەرمەكلەرنىڭ چىقىدىغان رايونلىرى، ئۆسۈشى، خۇسۇسىيىتى، شىپالىق رولى ۋە مىقدارى قاتارلىقلار ھەققىدە خېلى چوڭقۇر ئىزدەنگەن ھەم بۇنى ئىشلىتىش

ئۇسۇلىنى خەنزۇ تېۋىپلىرىغا تونۇشتۇرغان . لى شىنىڭ كىتابىدا 50 خىلدىن كۆپرەك خۇش پۇراق دورا ـ دەرمەك خاتىرىلەنگەن .

لى شىنىڭ « باشقا يۇرت دورا ئۆسۈملۈكلىرى » ناملىق ئەسىرىدە مەدەن دورىلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ خاتىرىلەنگەن . مەسىلەن ، ئالتۇن ، زەمچە ، نۆشۈدۈر ، تۇز ، سەپىداپ ، راك ، مىس دېتى ، تۆمۈر كېپىكى ، گەج قاتارلىقلارنىڭ تىبابەتچىلىك ساھەسىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ئەينى زاماندىكى زور ئىلگىرىلەش بولۇپلا قالماي ، بەلكى خىمىيە ئىلمىنىڭمۇ مىللىي تىبابەت بىلەن ماسلىشىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

تىببىي ئالىم ، مەشھۇر دورىگەر لى شۈن گەرچە ئائىلىسىنىڭ سىچۇەنگە كۆچۈپ بېرىشى ( شۇ دەۋردە سىچۇەندىكى شىنجۇ ئايمىقى ۋالىيسىنىڭ تەكلىپ قىلىپ كۆچۈرۈپ كېتىشى ) سەۋەبىدىن شۇ جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىك ساھەسى دائىرىسىدىلا پائالىيەت قىلغان . ئۇ ، مىللىي تىبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلگەن ۋە كىتابىدا خاتىرىلىگەن دورا ـ دەرمەكلەرنىڭ ھەممىسى يۇرتىمىزدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بارغان دورىلاردىن ئىبارەت . لى شىنىڭ جۇڭگو تىبابەتچىلىكىگە قوشقان زور تارىخىي تۆھپىسى يۇرتىمىزدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگۈزۈلگەن ھەرخىل دورا ـ دەرمەك ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ مەنبەسىنى كۆپەيتىش بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۆز دەۋرىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا يۇرتىمىز دورا ئۆسۈملۈكلىرى ھەققىدە يېزىلغان تىببىي ئەسەرلەردىكى سەۋەنلىك ، خاتالىقلارنى تۈزىتىش ، تولۇقلاشتىن ئىبارەت . شۇڭلاشقا ، بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# جان باشلاق ( شىراخان )

جان باشلاق ( شىراخان ) مىلادى 8 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى . ئۇ چەرچەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ياش چېغىدىلا تىبابەتچىلىك ئىلمىگە قىزىقىپ ، خەلق ئارىسىدىكى تېۋىپ ـ ھۆكۈمالار ۋە بۇددا راھىبلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ ، ئۆگەنگەن . جان باشلاق ئەمچى ، ئاتاچى ، قام ۋە باشقىلارنىڭ ھەرخىل داۋالاش تېپلىرىنى توپلاپ ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا كۆپ خىل دورىلارنى ياساش ۋە تەجرىبىلەردىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ھۆكۈمالىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تونۇلغان . ئۇنىڭ نام ـ شەرىپى ئۆز يۇرتىدىن ھالقىپ قوشنا ئەللەرگە قەدەر تارالغانلىقتىن ، تىبەت لاماسى ئۇنى تەكلىپ بىلەن شىزاڭغا ئاپىرىپ ، بىرقانچە يىل ئەتىۋارلاپ ئۆز يېنىدا تۇرغۇزغان . جان باشلاق لاسادىكى چوڭ ئىبادەتخانىدا راھىب تېۋىپلارغا ئۇيغۇر تىبابىتىدىن تەلىم بەرگەندىن تاشقىرى ، « تىرىك بەدەن ئۆلچەملىرى » ، « جەسەت رەسىم نۇسخىلىرى » قاتارلىق تىبابەتچىلىك ئىلمىگە دائىر ئەسەرلەرنى يېزىپ زاڭزۇ تىبابەتچىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن ، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىككى پارچە ئەسىرى شىزاڭنىڭ مەشھۇر تۆت توملۇق تىببىي قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن .

# ئەبۇ نەسر فارابى

10 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ، ئىران ، ئىراق ، سۈرىيە ۋە مىسىرلاردا شۆھرەت قازانغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر پەيلاسوپى ئەبۇنەسىر فارابى ئۆز ۋاقتىدا قاراخانىلار ھاكىمىيىتىگە قاراشلىق بولۇپ تۇرغان فاراب ۋىلايىتىدە ( مىلادى 870 ـ يىلى ) تۇغۇلغان . ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەد بىننى ئۇزلۇغ قاراخانىلار تەرىپىدىن « تارخان » دەپ ئۇنۋان بېرىلگەن ھاكىمىيەتكە مەنسۇپ بىر كىشىنىڭ ئوغلى ( تارخان دېگەن نام ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋاڭ ـ سېلىقلىرىدىن كەچۈرۈم قىلىنغان ھەربىيلەر ئائىلىسىگە بېرىلىدىغان ئىمتىيازلىق ئۇنۋان ) ئىدى .

ئەبۇنەسىر فارابى ياش ۋاقتىدا قەشقەر بالا ساغۇن مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان . شۇ ۋاقتىدىلا ئىلمىي ھېكمەت ( پەلسەپە ) ، ئىلمىي نۇجۇم ( ئاسترونومىيە ) قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە تىرىشقان ئىدى . ئۇ ، قەشقەردىن مەرۋىشاھىجاھانغا ( خۇراسانغا ) يۆتكىلىپ ، ئۇزاق مۇددەت شۇ يەرلەردە ئوقۇپ ئەرەبچە ، پارسچە تىل ـ ئەدەبىياتنى ئۆگەنگەن ، پۈتۈن ئۆمرىنى پەلسەپە تەتقىقاتى ۋە قەدىمكى يۇنان ئالىملىرىدىن ئارستوتېل ، ئەپلاتۇن ، ئەبىقۇر قاتارلىقلارنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىسلام دىنى پەلسەپىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئىسلام دۇنياسىدا يېڭى بىر پەلسەپىۋى ئېقىم ئېچىپ چىقىشقا ئۆمرىنى بېغىشلىغان پەيلاسوپ ئىدى . پەيلاسوپ فارابى ئىران ،

ئىراق، مىسىر، كەنئان (پەلەستىن) نى سایاھەت قىلىپ، نۇرغۇن ئىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلىشنىڭ سىرتىدا، پۈتۈن ئوتتۇرا شەرق تىللىرىنى ئۆگەنگەن. فارابى ئۆمرىدە دۇنياپەرەسلىك قىلمىغان، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولمىغان، ئىنتايىن پېقىرلىق ۋە كەمبەغەللىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. داۋاملىق قەدىمكى ئۇيغۇرچە كىيىم (تون، قالقان، يۈك - چەكمەن، مەللە چاپان، كەش - مەيسە) بىلەن يۈرەتتى. ئۇچىسىدا بىر خۇرجۇن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە كىتاب، كىيىم - كېچەكلىرى؛ بىر تەرىپىدە چالغۇ ئەسۋابلىرى بار ئىدى. خەلىپە مۇقتەدىر بىللانىڭ ھۇزۇرىغا مۇشۇ قىياپەت بىلەن كىرگەنلىكى ئۈچۈن ۋەزىرلەر تەرىپىدىن ھاقارەتلىنىپ، ئۇ يەردىن يېنىپ شامغا كەتكەن (رەۋزىتوسسافانىڭ رىۋايىتى). پەيلاسوپ فارابى جاھانغا يېڭى پەلسەپە تارقىتىش ۋە مۇزىكا سەنئىتىدە ئاجايىپ ئىقتىدارلارغا ئىگە ئىدى.

فارابى بىرنەچچە تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىجاد قىلغان بولۇپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىدىن پەقەت قالۇن بار (ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر چالغۇ ئەسۋابى). پەيلاسوپ فارابى باغدادتىن سۈرىيىگە بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ ئىنتايىن رىيازەتلىك ھايات كەچۈرگەن ھەم پەلسەپە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇھىم ئەسەرلىرىنى شۇ تەرەپتە يازغان. فارابى ئەرەب، پارس، ئىبرانىي (يەھۇدىي) ۋە يۇنان تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى. كېچىلەردە ئۇخلىماي تەتقىقات مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۆيىدە بىر چىراغقا ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ۋاقىتلاردا كوچىلاردا ياندۇرغان ساقچى چىراغلىرى يورۇقىدا ئولتۇرۇپ كىتاب يازاتتى. پەيلاسوپ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنى بەك ياخشى

كۆرىدىغان كىشى بولغاچقا، پادىشاھلاردىن مائاش ئېلىپ ئۇلارغا باغلىنىپ قېلىشتىن ياكى ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قاچاتتى. شۇڭا، كۆپىنچە باغلار ۋە دەريا بويلىرىدا ھەمدە ئورمانزارلىقلاردا مەشغۇلات ئۆتكۈزەتتى. كىشىلەر بىلەن ئانچە بەك ئارىلاشمايتتى. كېيىن دەمەشىق شەھىرىنىڭ چوڭ بىر باغچىسىدا باغۋەن بولغان ئىدى. پەيلاسوپنىڭ ئىلىم ۋە پەزىلىتى دەمەشىق ھۆكۈمرانى ئەمىر سەيفىددەۋلەگە ئاڭلانغاندىن كېيىن پەيلاسوپنى چاقىرتىپ سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭ يۈكسەك ئىقتىدارىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭغا يۇقىرى مائاش بېرىشكە ئىنتىلگەن بولسىمۇ، پەيلاسوپ كۆندىلىك تۇرمۇشقا يەتكۈدەك بىر نەرسە، يەنى تۆت دەرەم پۇل بەرسە بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىر نەرسە تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەبۇنەسىر فارابى ئۆمرىدە 113 جىلدتىن ئارتۇق كىتاب يازغان. بۇنىڭدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى ئاز ئېپىلىدۇ.

فارابى بۇخارا ئەمىرى نۇھ بىننى سامانىينىڭ تەكلىپى بىلەن بۇخاراغا كېلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دەسلەپكى ئىسلام ۋە تۈرك پەلسەپىسى ئېنسىكلوپېدىيىسىدىن ئىبارەت بولغان « ئەتتە ئىلماتى سانىي » ( ئىككىنچى تەلىمات ) دېگەن ھەممىگە يارامىلىق كىتابىنى يېزىپ چىقىش ئارقىلىق، پۈتۈن ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىدا داڭقى چىقىدۇ. ئۇنىڭغا شۇندىن باشلاپ « مۇئەللىم سانى » ( ئىككىنچى ئۇستاز ) دېگەن ئۇنۋان بېرىلىدۇ ( ئارستوتېلغا بىرىنچى ئۇستاز دېگەن نام بېرىلگەنگە ئوخشاش ).

فارابى كېيىن سەيفىددەۋلەنىڭ چاقىرتىشى بىلەن سۇرىيىگە كېلىپ ھەلەپ شەھىرىگە ئورۇنلاشقان. ئۆزىنىڭ پۈتۈن

ئەسەرلىرىنى ھەلەپ شەھىرى باغچىلىرىنىڭ تىنچ ۋە ساپ ھاۋاسى ئىچىدە يېزىپ چىققان . فارابى مىلادى 971 ـ يىلى 80 يېشىدا ھەلەپ شەھىرىدە ۋاپات بولغان .

گەرچە ئۇنىڭ تىبابەت ساھەسىدە بىرەر قانداق ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگەن تارىخى بولمىسىمۇ ، ئەمما تىبابەت نەزەرىيىسى ۋە ئۇمۇرى تەبىئىيە ، تىببىي پسىخولوگىيە ، تىببىي ئەخلاق ھەققىدە ناھايىتى مۇھىم ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغانلىقى ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىبنىسىنا ، زەكەرىيا رازى ، نەفىسى ، ئاقسارايى ، داۋۇد ئەنتاكى ، ئىبنى بەيتار قاتارلىق تېۋىپلار پايدىلىنىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىققانلىقى ۋە بۇ ئەسەرلەردىن ھازىرقى كەڭ تىببىي خادىملارنىڭ پايدىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنى بۈرۈنقى چوڭ تىببىي ئۇستازلاردىن دەپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ .

فارابىنىڭ تىبابەتكە ئائىت يازغان ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىچە :

1 ) ماقالىتەين نەفسىي ( روھ ۋە پسىخولوگىيە ھەققىدە ) ؛

2 ) ئەلمەۋجۇداتىل مۇتەغەييىرە ( ئۆزگىرىپ تۇرغان مەۋجۇدات ھەققىدە ) ؛

3 ) ئەلئەقلۇل كەبىر ( چوڭ ئەقىل ) ؛

4 ) پەسىل ۋە ھاۋا كىلىماتى ھەققىدە ( بۇنىڭدا فارابى يەر يىرىم شارىنى يەتتە ئىقلىمغا بۆلۈپ ، ھەر بىرسىنىڭ ھاۋا كىلىماتىنى تونۇشتۇرغان ) ؛

5 ) ئادەم ئۇخلىغاندا چۈش كۆرۈش ھەققىدە ؛

6 ) كالام فى بايانى ئەئزائىل ھەيۋان ( ھايۋان ‹ جۈملىدىن ئىنسان › ئەزالىرى ھەققىدە ) ؛

7 ) كىتابول جۇنۇن ( ساراڭلىق كېسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ) ؛

8 ) كىتابول ھېس ۋە ئىدراك ( ھېس قىلىش ۋە ئىدراك قىلىش ھەققىدە ) . بۇ كىتابتا ئادەمنىڭ دۇنيانى توغرا تونۇشى ۋە ماجىرالار ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە توغرا تەپەككۇر قىلىشى ، ئەقىل ۋە تەپەككۇرنىڭ توغرا ئىشلىتىلىشى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇمات بار .

9 ) لىسمازا يەختىسۇل ئىنسان ( ئادەم نېمە ئۈچۈن خاتالىشىدۇ ؟ ) ؛

10 ) ئۇمۇرى تەبىئىيە ھەققىدە .

پەيلاسوپ فارابىنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرى ئادەمنىڭ پسىخولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك خاراكتېرىنى ئىلمىي ئاساستا شەرھلەپ كۆرسىتىدۇ . بۇ ئەسەرلەر ئىبنىسىنانىڭ پەلسەپە ۋە تىبابەت خىزمەتلىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# ئەبۇئەلى ئىبنىسىنا

ئەبۇئەلى ھۇسەيىن ئىبنى ئابدۇللا ئىبنىسىنا مىلادى 980 ـ يىلى بۇخارا ۋىلايىتىگە يېقىن ئەفشانە ناھىيىسىدە ( فارابىنىڭ ۋاپاتىدىن توپتوغرا 30 يىلدىن كېيىن ) دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇللا بۇخارا ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئەفشانە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىدى .

ئىبنىسىنا ياش ۋاقتىدىن تارتىپ ئىلىم ـ پەن ، پەلسەپە ۋە تىبابەت ئۆگىنىشكە ئىنتايىن قىزغىن بولۇپ ، ئادەتتىكى ئەرەبچە ، پارسچە تىل ـ ئەدەبىيات ، دىنىي ، پەننىي پەلسەپە ۋە تىبابەتكە ئائىت نۇرغۇن كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆگىنىپ ، ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن ، 16 ياش ۋاقتىدىلا ئۆگىنىشتىن سىرت قوشۇمچە يېزىش ئىشلىرىغا كىرىشكەن . ئىبنىسىنا بۇخارا ئەمرى نۇھ بىننى مەنسۇرنىڭ ھاكىمىيىتىدە ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ۋە بۇخارانىڭ چوڭ كۇتۇپخانىسىنى باشقۇرغان . ئىبنىسىنا بۇ كۇتۇپخانىدىكى ئەسىرلەر بويى توپلىنىپ كەلگەن كىتابلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ مەلۇماتىنى ئاشۇرغان . بولۇپمۇ فارابى يېزىپ قالدۇرغان ئەتتەئلىماتى سانىي ( ئىككىنچى تەلىمات ) دېگەن كىتاب ئىبنىسىنانىڭ پەۋقۇلئاددە مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىغا سەۋەب بولغان . ئىبنىسىنانىڭ ئەتراپىغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىلىم ـ مەرىپەت ئىزدەپ كەلگەن ئالىملار ۋە تالىپلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشى ۋە ئىبنىسىنا چوڭ

ئەمىرلەر، شاھزادىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ شۆھرەت قازانغانلىقى تۈپەيلىدىن پادىشاھلارنىڭ پەۋقۇلئاددە ھۆرمىتى ۋە ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشتى. بەزىلەر ئىبنىسىناغا ھەرخىل تۆھمەت، بۆھتانلارنى چاپلىدى. «دەھرى، مۆتىزىلەر، بەدمەزھەپ» دەپ چەت مەملىكەتلەرگىمۇ يامان تەسىر تارقاتتى. مەزكۇر چوڭ كىتابخانىغا ئۇشتۇمتۇت ئوت كېتىپ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن نۇرغۇن كىتابلارنىڭ كۆيۈپ كېتىش سەۋەبىنى ئىبنىسىناغا چاپلىدى. فارابى يازغان «ئەتتە ئىلماتى سانىي» شۇنىڭ قاتارىدا كۆيۈپ كەتتى. بەزىلەر سۇلتاندىن ئىبنىسىنانى قاتتىق جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. لېكىن، بۇخارا ئەمىرى بۇ ئىشنى ئۇزاق مۇددەت تەكشۈرۈپ، ئۇ ئىشتا ئىبنىسىنانىڭ قولى يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئىبنىسىناغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى. ئىبنىسىناغا مەخسۇس ئىمارەت سالدۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مائاش ۋە ئىلمىي تەتقىقات شارائىتى بىلەن تەمىنلىدى. لېكىن ئىبنىسىنانىڭ بۇ ياخشى شارائىتى ئۇزاق داۋام قىلمىدى. ئەمىر ئىبنى مەنسۇر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى بىر مەزگىل بۇخارا سۇلتانى بولغان بولسىمۇ، مەملىكەت ئىشلىرىنى ئوبدان باشقۇرالمىدى، ئىچكى ماجىرالار چىقتى. غەزنىۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد سەبۇق تېكىن (مەھمۇدغەزنىۋى) بۇخارانى بېسىۋالدى. ئىبنىسىنامۇ بۇخارادىن چېكىنىپ چىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، ئىبنىسىنانىڭ ئىلىم ۋە پەلسەپە تەلىماتى بەزى مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن دىنىي ئېتىقاد ۋە شەرىئەتكە خىلاپ دەپ تونۇلغان ئىدى. ئىبنىسىنا بۇ مەسىلىنى مەھمۇد غەزنىۋى ئاللىقاچان ئاڭلاپ ئۆزىنى يوقىتىش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئىبنىسىنا

www.uyghurkitap

بۇخارادىن چىقىپ مۇھەممەد خارازىم شاھ تەۋەلىكىدىكى ئورگانىچ شەھىرىگە پاناھ ئىزدەپ بېرىپ، شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغان بولىسىمۇ، يەنە مەھمۇد غەزنىۋى خارازىم شاھقا خەت يېزىپ، ئىبنىسىنانى تۇتۇپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. شۇڭا ئىبنىسىنا بۇ يەردىمۇ تۇرالماي باشقا يەرلەرگە بېرىپ گاھى ئاشكارا، گاھى يوشۇرۇن ھالەتتە يۈرىدۇ ۋە مۇشۇ مۇساپىرچىلىق جەريانىدا 30 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يېزىپ، نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىپ، كۆپ شاگىرتلارنى يېتىشتۈرىدۇ. ئۇ يەنە خاتىرجەم بولالماي ئىراننىڭ جورجان، قەزۋىن، رەي، رىھىستان دېگەن شەھەرلىرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. ئاخىر ھەمەدان شەھىرىدە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ مەشھۇر پەلسەپە كىتابى «ئەششىپا»، «كىتابۇل ھەيۋان» ۋە «كىتابۇل ھېكمەت» دېگەن كىتابلارنى يېزىپ چىقىدۇ. كېيىن تاجۇد دەۋلە دېگەن بىر ھۆكۈماننىڭ تەشەببۇسى بىلەن زىنداندىن خالاس بولۇپ ئىسپاھانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان جىسمانىي ۋە روھىي ئازاب سەۋەبىدىن كېسەل بولۇپ 1037 ـ يىلى 57 يېشىدا (قولۇنجى كېسەللىكى بىلەن) ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ «ئەلقانۇن»، «ئەششىپا»، «مەنتىق (لوگىكا)»، «ئەقىل ـ ئىدراك ۋە قۇۋۋەتلەر» دېگەن كىتابلىرى بىرنەچچە قېتىم ئىتالىيىچە، ئىنگلىزچە، لاتىنچە، نېمىسچە، فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە پۈتۈن ياۋروپا تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا تىببىي دەرسلىك ۋە پەلسەپە دەرسلىكى قىلىپ ئوقۇلغان. ھازىرمۇ باشقىلار نامىداشۇنىڭدىن شاخلاپ ئۆزگەرتىپ يېزىلغان نۇرغۇن تىببىي كىتابلار چىقىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تىبابەت ئىلمى ۋە تەبىئەت ئىلمىگە

ئۇئىلك يازغان كىتابلىرىدىن « ئەلقانۇن » ئون توم ، « كىتابى شىلىپا » ئون توم ، « قولۇنجى » بىر توم ، « ئۆمرى تەبىئە » يەتتە توم بار . ئىبنىسىنا ئۆمرىدە كۆپ جاپالارنى تارتىپ نۇرغۇن قىممىتى بىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ ، بىر مىنۇت ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزمەي ، دۇنياغا داڭلىق ئىلىم - مەرىپەت مىراسلىرىنى قالدۇردى ھەمدە ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئاساس سالدى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# يۇسۇپ خاس ھاجىپ

يۇسۇپ خاس ھاجىپ 11 ـ ئەسىردە قەشقەردە قاراخانىلارنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە ياشىغان داڭلىق ئۇيغۇر ئالىمى، پەيلاسوپى، شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتادغۇبىلىك» ( بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم ) ناملىق ئالەمشۇمۇل ئەسىرى 11 ـ ئەسىردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئۆلمەس دەلىل ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارىدىن بىرىدۇر.

ئۇلۇغ ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، ئاسترونومىيە، ئىجتىمائىي ئەخلاق توغرىسىدا تەڭداشسىز تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، بەلكى تىبابىتىمىزنىڭ قەدىمدىن مەۋجۇت بولغان نەزەرىيە ئاساسلىرى بويىچە تۆت چوڭ ماددا ( تۆت تادۇ ) ۋە كېسەللىكنىڭ سەۋەبى، كېسەل داۋالاشتا مىزاج تەڭشەشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە چارىلىرى، بىر قىسىم دورا نامىلىرىنىمۇ بايان قىلغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تەلىماتلار تىبابىتىمىزدە ھازىر سۆزلىنىۋاتقان تۆت ئۇنسۇر ( ئاناسۇرى ئەربەئە ) مىزاج تەلىماتى،

سىتتەزۆرۈرىيە تەلىماتلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس هاجىپ سۇ، يەل، ئوت، تۇپراقتىن دۇنيا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ (143 ـ بەت)، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ۋە بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ (144 ـ بەت) دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك كېسەلنىڭ ئېغىزدىن كىرىدىغانلىقىنى، تاماقنىڭ پاك بولۇشى لازىملىقىنى، تاماق يېيىش تەرتىپلىرىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، سالامەت بولۇش ئۈچۈن مىزاجنى تەكشىشكە دىققەت قىلىش لازىملىقىنى قىسقا، ئەمما چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىر بىلەن تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

« كېسەلدۇر ئۆلۈمنىڭ باش خەۋەرچىسى،
كىشى ئاغرىدىمۇ ئۆلۈم قوشنىسى. »

« كىشىمەن دېگۈچە ئادەم بالىسى،
كېرەك بىلسە ئىسسىق ـ سوغۇق قايسى. »

« سوغۇقلۇقنى ئىچ ئاشسا ئىسسىق ئەگەر،
سوغۇقلۇق ئەگەر ئاشسا ئىسسىقلىق تۈزەر. »

« قۇرۇق سوغۇق ئاشسا هۆل ئىسسىقنى تاپ،
بولۇر بۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا جاۋاب. »

« ئېشىپ هۆل سوغۇق گەر سالسا زىيان،
ئاڭا ئىسسىق قۇرۇق بىلەن قارشىلان. »

« سوغۇق بولسا تەبئىتىڭ ئىسسىقلىق كۈچەيت،
ئىسسىق بولسا ئاڭا سوغۇقلۇق ئىشلەت. »

« مىزاجنى شۇ يەڭلىغ دۇرۇس تەڭشىسەڭ ،
ھاياتىڭ ئۆتەر تىنچ ، ياشارسەن ئېسەن . »

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھازىرغىچە تەپسىلىي يازما خاتىرىلىرى يوقلۇقى سەۋەبلىك ، ئۇ كىشىنىڭ تىبابەتچىلىك بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللانغانلىقىنى دەلىللەيدىغان ماتېرىيالغا ئىگە بولالمىساقمۇ ، لېكىن تىبابەتنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ساقلىق ساقلاش قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى ئۆلمەس تەلىماتلىرىغا ئاساسەن ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تىبابەت بىلەن چوڭقۇر تونۇشلۇقى بار بۈيۈك ئالىم، دەپ ئاتاشقا تامامەن ھەقلىقمىز .



# مەھمۇد قەشقەرى

مەھمۇد قەشقەرى مىلادى 1020 - يىلى قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن، 1090 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىسىملىك كىشى ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى ياش ۋاقىتلىرىدا قەشقەر مەدرىسلىرىدە بىلىم تەھسىل قىلغان. ئەرەب، پارس تىللىرىنى. ئەرەب تىل - ئەدەبىياتى ۋە گرامماتىكىسىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن. قاراخانىلار ھاكىمىيىتى تازا كېڭىيىپ بۇخارا ۋە سەمەرقەندلەرگىچە يېتىپ كەلگەندە، پۈتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيانى ساياھەت قىلغان ۋە شۇ زاماندىكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ شەھەر ۋە يېزا قىشلاقلىرىنى ۋە قەبىلىلىرىنى ئايلىنىپ بېرىپ، ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ يەرلىك تىل، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ماقال - تەمسىللىرىنى، ھەتتا يەرلىك تىبابەت، دورىگەرلىك ئىشلىرىنى ئالاھىدە قىزىقىپ ئۆگەنگەن ۋە توپلاپ تەتقىق قىلغان. 1072 - يىلى يېزىپ تاماملىغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن كىتابىدا ئەڭ قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن دورىلاردىن 150 خىل ئۆسۈملۈك، مەدەن ۋە ھايۋاندىن ئېلىنىغان دورىلارنىڭ ساپ ئۇيغۇرچە نامى يېزىلغان ۋە 50 خىلغا يېقىن كېسەلنىڭ نامى ۋە بىرقانچە رېتسېپلار كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدا مال دوختۇرلۇققا ئائىت سۆزلەرمۇ بار.

مەھمۇد قەشقەرى گەرچە بۇ كىتابنى 11 - ئەسىرنىڭ

ئاخىرلىرىدا يازغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ئاتالغۇ ، شېئىر ۋە تەمسىللەرنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى بىرنەچچە يۈز يىللار ئىچىدە بارلىققا كەلگەنلىكى مەلۇم . « تۈركىي تىللار دىۋانى » دە ھېكايە قىلىنغان ئىسكەندەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەشقەر چېگرىسىغىچە يېتىپ كەلگەنلىكى مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى ۋەقە . ئالىپ ئەرتوڭا ( ئافراسىياپ ) نىڭ ئۆلۈمىدە ئېيتىلغان مەرسىيە شېئىرلارمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى كىتابلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن . دېمەك ، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ نەقەدەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مۇشۇ كىتابتىنمۇ مەلۇم . ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئائىت دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغان سۆزلىرى بۇ ئالىمنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان بىر ۋەتەنپەرۋەر ، مىللەتپەرۋەر ئەدىب ھەم تېۋىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

# ئىمادىددىن قەشقەرى

بۇ زات سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم ۋە تېۋىپتۇر. ئىمادىددىن قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى توغرىلىق ئوچۇق مەلۇمات يوق. لېكىن، ئۇنىڭ 10 ـ ئەسىردە قاراخانىلار دەۋرىدە ياشاپ ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر تىبابىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىدە شەك يوق. ئىمادىددىن قەشقەرى ئۆز زامانىسىدا داڭ چىقارغان جامالىددىن قەشقەرى قاتارلىق كاتتا ئالىملاردىن تەلىم ئېلىپ، مۇكەممەل ئىلىم تەھسىل قىلىپ كامالەتكە يېتىش بىلەنلا قالماي، تىبابەت ئىلمى ساھەسىدە قاتتىق ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئاخىر مەشھۇر تېۋىپ بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئىلمى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، تىبابەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «مەدرىسەئى ساچىيە» دە مۇدەررىسلىك قىلىپ مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى قەشقەرى، 30 تومدىن ئارتۇق ھەر خىل ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى مەشھۇر ئالىم ۋە تارىخشۇناس ئوبۇل قەيزى، مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەين بەبەھىقى ( 996 ــ 1039 ) گە ئوخشاش نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن.

ئالىمنىڭ ئىلمىي ھاياتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتلىك بىر تەرىپى ئۇنىڭ ئىلمىي مىراسلىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تىبابەت

ئىلىمىگە بېغىشلىغان ئالىم ئىمادىددىن قەشقەرى ئىلىم تەھسىل قىلىش، مۇتالىيە قىلىش، مۇدەررىسلىك قىلىش بىلەنلا قالماي، ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ «ئەقسائىل ئۇلۇم»، ئەبۇئەلى ئىبنىسىنانىڭ «ھېكمەتۇل ئەلا»، ئابابەكرى مۇھەممەد رازىنىڭ «كىتابۇش شاھ»، «كىتابۇل ھاۋايى»، «دائىرە تۇل مۇئارىپ تىببىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى شەرق ئەللىرى خەلقلىرىگە تونۇشتۇرۇشتىمۇ مۇھىم خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئەرەب، ئىران، يۇنان تېۋىپلىرىگە ئىلگىرى مەلۇملۇق بولمىغان، پەقەت ئىلىمىزدىن چىققان جۇڭگو تىبابىتىدىن ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتىگە قوبۇل قىلىنىپ قوللىنىلىۋاتقان دورا ئۆسۈملۈكى — چۆبچىنىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، شىپالىق ئۈنۈمى، ئۇنىڭ قايسى خىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپ نۇسخىلىرى توغرىسىدا «رىسالە چۆبچىنى» ناملىق بىر كىتابچە يېزىپ شەرق، غەرب تىبابەتچىلىكى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشىغا ھەسسە قوشقاندىن تاشقىرى، «مەدرىسەئى ساچىيە» ئوقۇتۇش قوللانما دەستۇرى قىلىپ كېلىۋاتقان ئىبنىسىنانىڭ «ئەلقانۇن فىددتىبب» ناملىق نادىر ئەسىرىگە ئەتراپلىق ئىزاھ بېرىپ شەرھلەش مەقسىتىدە «شەرھى ئەلقانۇن»، «شەرھى شىپا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان. بۇ كىشى ئۆزىنىڭ يازغان «شەرھى ئەلقانۇن» ناملىق ئەسىرىنى شۇ چاغدىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بۇ ئەسەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىمادىددىن قەشقەرىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭ بىلەن

تىبابەت ئىلمى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بارغان.

ئىمادىددىن قەشقەرى شاگىرت تەربىيلەش ئىلمى، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، داۋالاش ئىشلىرىغىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىمارلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، كۆچلۈك كەسپىي پەزىلەتكە ئىگە ھۆكۈما بولغانلىقتىن، سۇتۇق بۇغراخانمۇ ئۆزى يولۇقتۇرغان بەزى ئېغىر كېسەللەرنى ئۇنىڭغا داۋالاشقا ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقى، تىببىي ئىشلاردا ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقى، جەڭدە يارىلانغانلارنىمۇ ئۇنىڭغا داۋالاتقانلىقى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىمادىددىن قەشقەرى ئوپېراتسىيىگىمۇ ئۇستا بولۇپ، جەڭدە يارىلانغان بەزى كېسەللەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ قۇتۇلدۇرغان. شۇ مەزگىلدە بىر بىمارنىڭ دۈمبىسىگە تۆمۈر پارچىسى كىرىپ كەتكەن. ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرۈپ، ئەسۋاب ئەكىلىشكە ئۈلگۈرمەي چىشلەپ ئېلىش جەريانىدا ئىمادىددىننىڭ ئىككى چىشى سۇنۇپ كەتكەن. بۇنى كۆرگەن سۇتۇق بۇغراخان بۇنىڭ يۈكسەك كەسپچانلىقىدىن تەسىرلىنىپ يەنە بىر قېتىم ئىنئام بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان.

# مۇھەممەدبىننى رەشىد بىننى ئەلى قەشقەرى

مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى قەشقەرى 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، تىبابەتچىسى. ئۇيغۇرلاردا تىبابەتچىلىك ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، كېسەللەرنى ئاۋۋال ئەمچى، ئاتاچى ( تېۋىپ ) لارغا كۆرسىتىپ داۋالاش ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان ئىدى. ئەمچىلەرمۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئىلمىي ھۆكۈملىرى ئارقىلىق ئۇسۇملۇكلەر، مەدەنلەر ۋە ھايۋاناتلاردىن ياسىغان تۈرلۈك دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن كېسەللەرنى داۋالايتتى. ئەللامە ( ھەممە نەرسىنى بىلگۈچى ) دەپ ئاتالغان مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى قەشقەرى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەنە شۇنداق كۆپ ئەسىرلىك تەجرىبىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور تۆھپە قوشتى. ئۇ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئۆزى شۇغۇللانغان ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن ئىتى ئالا ( ئاق كېسەل ) ئىللىتىنى بەديان ھارىقى بىلەن، جىنسىي زەئىپلىكنى مېھرىگىيا بىلەن، زەفىل بەسە « كۆز خىرەلىشىش » نى ئارپىبەديان ( بەديان ) ، قارا سەي ئۇرۇقلىرى بىلەن داۋالاپ ساقايتىدىغان خاسىيەتلىرىنى ئۆزىگە زامانداش ئالىملاردىن مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ زىكرىياغا تونۇشتۇرۇپ بەرگەن. ئۇ، 1083 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان.

# مارۋازى ①

شەرەف ئەل زامان تاھىر مارۋازى ئاتاقلىق جۇغراپىيە ئالىمى، تېۋىپ، زوئولوگ ۋە تارىخچى . ئۇنىڭ « تەبىئەتۇل ھايۋان » ( ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى ) ناملىق ئەسىرىدە جۇغراپىيە، تىبابەتچىلىك ۋە زوئولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەردىن باشقا، ئىلگىرىكى تارىخىي ئەسەرلەردىن ئېلىنغان نەقىللەرمۇ بار . بۇ نەقىللەر ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

مارۋازىنىڭ ھاياتىغا دائىر بىۋاسىتە مەلۇمات يوق دېيەرلىك . شەرقشۇناس ۋ. مىنورىسكىنىڭ 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن سامانى ئەل دامىرنىڭ ئەسىرىدىكى ۋاستىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، مارۋازى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەرۋەلىك بولۇپ، مىلادى 1046 ـ يىلدىن 1120 ـ يىلغىچە ياشىغان . ئۇ سالجۇقى سۇلتانلىقى ( 1040 ــ 1157 ) نىڭ خانلىرى ــ مەھمۇد I ( 1092 ــ 1094 ) ۋە سالجۇقى سۇلتانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى سانجار ( 1117 ــ 1157 يىللار تەختكە ئولتۇرغان ) دەۋرلىرىدە ئوردا تېۋىپى بولغان . بۇنداق ئىجتىمائىي شارائىت ئۇنىڭ مول ماتېرىيال توپلىشىغا، ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرى ئاساسىدا

---

① « شىنجاڭ گېزىتى » نىڭ 1987 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى 5 ـ بېتىدىن ئېلىندى .

« تەبىئەتۇل ھايۋان » ناملىق مول مەزمۇنلۇق ئەسەرنى يېزىپ چىقىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. 1937 ـ يىلى دوكتور ئابېرىي ھىندىستاننىڭ دۆلەتلىك قىرائەتخانىسىدا « تەبىئەتۇل ھايۋان » نىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىنى چېلىقتۇرغان. 1942 ـ يىلى مىنورىسكى بۇ ئەسەردىكى جۇغراپىيىگە دائىر باب ـ پاراگرافلار ( جۇڭگو، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر، ھىندىلار، ئېفىئوپىيە ۋە يىراق شەرقتىكى ئەللەر، ئاراللارغا دائىر بايانلار ) نى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىزاھ بەرگەن. بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنى ئەنگلىيە پادىشاھلىق ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى شۇ يىلى « مارۋازىنىڭ جۇڭگولۇقلار، تۈركىي تىلدا سۆلىشىدىغان خەلقلەر، ھىندىلار توغرىسىدىكى بايانلىرى » دېگەن نام بىلەن نەشر قىلغان. كېيىن ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس ن. ئا. ر. گىبىب بىلەن جۇڭگو ئالىمى جۇيىلياڭ ئۇنىڭدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلىغان.

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، « تەبىئەتۇل ھايۋان » تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى قىسىمدا ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە ئائىت مەلۇماتلار، مەسىلەن، پارسلار، جۇڭگولوقلار، تۈركلەر، ۋىزانتىيە ( شەرقىي رىملىقلار )، ئەرەبلەر، ھىندىلار، ئېفىئوپىيىلىكلەر ( ھەبەشلەر ) ۋە باشقا خەلقلەرگە ئائىت مەلۇمات بېرىلگەن. ئىككىنچى قىسىمدا بارلىق ھايۋانلار، يەنى پىلدىن قۇرت ـ قوڭغۇزلارغىچە بولغان جان ـ جانىۋارلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان. ئۈچىنچى قىسىمدا 94 خىل قۇش تونۇشتۇرۇلغان. تۆتىنچى قىسىمدا 35 خىل قۇرت ـ قوڭغۇز تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭدىن بۇ ئەسەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ ناھايىتى موللۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

# ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى

ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى 12 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەركىزى شەھىرى يوتقان كەنتى ( ھازىر بۇ يەر « ئەسكەنتى » ، يەنى كونا شەھەر دېيىلىدۇ ) دە ، غوجا مۇھەممەدئىسمىلىك بىر دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . بۇ ۋاقىتتا خوتەن ۋىلايىتى ئىسلام دىنىنى يېڭىراق قوبۇل قىلىپ ، قەشقەردىكى قاراخانىلار ھاكىمىيىتىگە قارايتتى . مانا شۇ چاغدا ئالائىددىن خوتەنگە ئوخشاش ئىلىم تەلەپكارلىرى قەشقەر ساچىيە مەدرىسىدە ئوقۇپ دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىپ خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، مەدرىسلەرنى ئېچىپ نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ۋە ئىبنىسىنانىڭ « ئەلقانۇن » ئەسىرنى تولۇق ئۆگىنىپ ، تېۋىپلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان . بۇ كىشى ئۆز ئەۋلادلىرىغا تىبابەت ئۆگەتكەن . ھازىر خوتەندە تىبابەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇ كىشىنىڭ شاگىرتلىرىدىندۇر .

ئەللامە ئالائىددىن شۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق « ئەلفىقھۇتتىببىييە » ( تىببىي قانۇن ) دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان . بۇ كىتابتا تىببىي خادىملارنىڭ قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىرنەچچە ماددىلىق قانۇن بەلگىلەنگەن . بۇ كىتابتا يەنە يالغان تېۋىپلار ۋە باشقىلارنىڭ

ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زىيان يەتكۈزگەن جىنايەتلىرى ئۈچۈن بىرلىدىغان جازا بېكىتىلگەن. ئەپسۇسكى، ئەللامەنىڭ تارىخى، ئەللامە مازىرى تەزكىرىسى ۋە ئۇنىڭ يازغان ئەسىرى «زۇبدەتۇل قاۋانىل ئىلاج» «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە، ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئاتاقلىق تېۋىپ تۇردى مۇھەممەت ئاخۇن ئۆيىدىن ئىبلىپ چىقىپ كېتىلگەن كىتابلار قاتارىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

# موللا ئەھمەد تىبەتى

قولىمىزدا بۇ كىشىنىڭ قاچان ۋە قەيەردە تۇغۇلغانلىقىغا ئائىت بىرەر مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئەمما پاكىستان، ھىندىستاندا نەشىر قىلىنغان بەزى كىتابلاردا موللا ئەھمەد قەشقەرى دەپ ئاتالغان نامىنى ئۇچرىتىمىز. «قارا بادىن كەبىر» نىڭ 439 ـ بېتىدە موللائەھمەد تىبەتى 1150 ـ مىلادىيىدە ئۆتكەن دېگەن بىر سۆز بار. ھىندىستاننىڭ مۇغاد پادىشاھلىرى دېگەن كىتابنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، موللائەھمەد تىبەتىنىڭ قەشقەر ياكى يەكەن تەرەپتىن ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا لاداق يولى بىلەن ھىندىستانغا چىققانلار «تىبەتلىك» دەپ ئاتىلاتتى. بەلكىم شۇ مەزگىلدە تىبابەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاشۇ تەرەپلەرگە بېرىپ تۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. تىبابەتتە شۇ جايدا نام چىقارغانلىقى ئۈچۈن، شۇڭا موللائەھمەد تىبەتى دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك.

موللا ئەھمەد تىبەتى ھىندىستاندىكى ۋاقتىدا «تارىخي ھۆكۇما» دېگەن بىر كىتابنى يازغان. بۇ كىتابتا قەدىمكى يۇنان ئالىملىرى ۋە ھەكىم ئەلدىن تارتىپ 12 ـ ئەسىرگىچە ئۆتكەن ئەرەب، ئىران ۋە ھىندىستان ھۆكۇمالىرىنىڭ تەرجىمھالى يېزىلغان. بۇ كىتاب ھازىر پاكىستاندا ناھايىتى ئەھمىيەت بىلەن ئوقۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# ئارغۇن سارىق

ئارغۇن سارىق ( 1244 ــ 1307 ) شىنجاڭلىق ئاتاسارىقنىڭ ئوغلى قۇت سارىقنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر، موڭغۇل، خەنزۇ تىللىرىنى پۇختا بىلەتتى ھەم « نوم كالاملىرى، تارىخنامىلار، مۇنكىر ـ نەنكىر ئىلمى، مۇنەججىملىك، سېھىرگەرلىك، يەتتە نامە، دورىگەرلىك ۋە كۆتۈش ئىلمى قاتارلىقلارنى پىششىق ئىگىلىگەن » ئىدى.

# يۇچۇرنىچ قىيا

يۇچۇرنىچ قىيا داڭلىق ئۇيغۇر تېۋىپى ۋە ئەمەلدارى. بۇ كىشى توغرىلىق «يۈەن تارىخى» 135 ـ جىلدىنىڭ «يۇچۇرنىچ قىيا تەزكىرىسى» دە مەلۇمات يېزىلغان. شۇ خاتىرىلەرگە قارىغاندا، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى مۆڭگەخان (1251 ـــ 1259 ـ يىللاردا ئالىي ھوقۇق ئىگىلەپ تۇرغان) دياۋيۇ تېغى (سىچۈەن ئۆلكىسى خېچۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە) غا يۈرۈش قىلغاندا، يۇچۇرنىچ قىيا بۇيرۇقنى بىنائەن دورا ياساپ ۋابا كېسىلىنى داۋالىغان ۋە 50 سەر كۈمۈش بىلەن تارتۇقلانغان ھەم مۆڭگەگە ئەگىشىپ يۈننەنگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇرۇشلاردا كۆپ نۇسرەت قۇچقان. جۇڭتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى (1263 ـ يىلى) خۇدۇ ۋە دالىلار تويىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئەسكەر باشلاپ ئۇنى تىنجىتقان. جژيۈەننىڭ 17 ـ يىلى (1281 ـ يىلى) ئوردىدا دانىشمەن تۆرە دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشىپ، بۇرۇنقى جايغا بېرىپ كونا خىزمىتىنى ئىشلىگەن. جژيۈەننىڭ 20 ـ يىلى (1284 ـــ يىلى) ئىشكئاغىسى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ھەم سىچۈەن قاتارلىق جايلاردا ۋاقىتلىق قارا دېۋانى باش ۋەزىرىنىڭ ھەمدەم بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# ئىجان يارى

ئىجان يارى، يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارى بولۇپ، كىچىك چېغىدا يۇزۇك ئوردىسىنىڭ خىزمىتىدە بولغان. جۇيۈەنىنىڭ 15 - يىلى (1278 - يىلى) قارا دىۋان جارچىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. خىنەندە خىزمەت ئۆتەپ تۇرغان مەزگىلدە كەيفېڭ، جىنگجۇلاردا ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، پۇقرالارنىڭ هاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، ئىجان يارى دەرهال شەهەر - يېزىلاردا شىپاخانىلارنى تەسىس قىلىپ، دورا - دەرمەك تەييارلاپ بىمارلارنى داۋالىغان. بۇ ئىش توپەيلىدىن لەشكەر - پۇقرالار ئامان قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئەملى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلۈپ، خۇجۇ ئايمىقىنىڭ دارۇغاچىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن ھەم خان تەرىپىدىن تارتۇقلانغان. ئوردىدا قازا قىلغان، قاچان قازا قىلغانلىقى هازىرچە نامەلۇم.

# تارىم ( دىھارما )

تارىم ( مىلادى 1279 ــ 1348 ـ يىللىرى ياشىغان ) ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پايتەخت خانبالىق ( ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى ) تا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان مەشھۇر دورىگەر، دوختۇر ۋە ئارخىتېكتور. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدە « يۈەن سۇلالىسى يېڭى تارىخى » نىڭ 192 ـ جىلدى ۋە « يۈەن سۇلالىسى تارىخى » نىڭ 144 ـ جىلدى يەنى « تارىم تەزكىرىسى » دە قىممەتلىك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. « يۈەن سۇلالىسى يېڭى تارىخى » نىڭ 29 ـ جىلدى يەنى « ئۇرۇق ـ نەسەپ جەدۋىلى » گە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئالىملىرى قاتارىدىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

تارىم پادىشاھ يۈەن چىڭزوڭ ( مىلادى 1294 ــ 1307 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) ۋە يۈەن شۈندى ( مىلادى 1333 ــ 1368 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) نىڭ يېنىدا توققۇز يىل دوختۇرلۇق قىلغاندىن باشقا، ھاياتىدا ئوردا دوختۇرلۇق ـ دورىگەرلىك مەھكىمىسىنىڭ دورغاچى، خۇبېي، شەنىەن ئۆلكىلىرىنىڭ ( يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆلكىلەر ھازىرقىدىن كىچىكرەك بولۇپ، 道 دەپ ئاتىلاتتى ) قوشۇمچە ئەدلىيە ئىشلىرى نازارەتچىسى، باش مۇپەتتىشى، قوشۇمچە خېدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ

ئەدلىيە ئىشلىرى نازارەتچىسى ، يەننەن ئۆلكىسىنىڭ قوشۇمچە باش مۇپەتتىشى ، جىنىڭ ئۆلكىسىنىڭ باش بۇغى ( ئاغلاقچى ) ، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ ئەدلىيە نازارەتچىسى ، قوشۇمچە جىيىشى ئۆلكىسىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرى نازارەتچىسى ، يۇقىرى ئاستانە قوغداش - خەۋەرلىشىش لەشكىرى ئىشلار بېگى ، جۇندوڭ ئۆلكىسىنىڭ باش تەپتىشى ، زىندان پىرقىسى باش بېگى ، لياۋياڭ مەمۇرىي ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى ، قوشۇمچە سىياسىي مەسلىھەتچىسى ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ قوشۇمچە باش تەپتىشى ، يۇقىرى ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر بېگى ، خېنەن مەمۇرىي ئۆلكىسىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ، پايتەخت باش ئۆلىمالار پەرمانبەردارى ، سەنشى مەمۇرىي ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرانچى ۋەزىرى قاتارلىق مۇھىم ۋە يۇقىرى مەنسەپلەردە بولغان .

موڭغۇل قوشۇنلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغاندا ، موڭغۇل خانلىرىنىڭ بۇ جايلاردىكى ئوقۇتقۇچى ، تەرجىمان ، دوختۇر ، ھۈنەرۋەن ، دورىگەر ، بىناكار قاتارلىقلارغا ئېتىبار بىلەن قاراپ ، ئۇلارنى خانبالىققا ئېلىپ كېتىش توغرىسىدىكى پەرمانىغا ئاساسەن ، ھازىرقى تۇرپان ، جىمسار قاتارلىق جايلاردىن نەچچە يۈز ئائىلىلىك ئىختىساس ئىگىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېتىلىپ ، كەسپىي خىزمەتلەرگە قويۇلغان . شۇ چاغدا تارىمنىڭ بوۋىسى سانجىس بىلەن دادىسى داۋتۇغمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېتىلگەن . سانجىس پادىشاھنىڭ ئىنىسى ۋوجىننىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇتۇق ۋالىيسى قاتارلىق مەنسەپلەرگە قويۇلغان . دادىسى داۋتۇڭ شىنجۇ ئوبلاستىنىڭ باش بۇغى ، جياڭجې مەمۇرىي ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى ، سىياسەت مەسلىھەتچىسى ، دىۋان

ۋازارەت مۇئەككىلى قاتارلىق مۇھىم مەنسەپلەرگە قويۇلغان.

تارىم كىچىكىدە تىرىشچان ھەم سۆزمەن بولۇپ، دەسلەپ ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىدىن تەلىم ئالغان، كېيىن موڭغۇلچە ۋە خەنزۇچە تىل - يېزىقلارنىمۇ تىرىشىپ ئۆگەنگەن. لېكىن، ئۇ ئەمەلدار بولۇشنى خالىماي، دادىسىنىڭ ئەمەلدار بولۇش توغرىسىدىكى نەسىھەتىنى رەت قىلىپ، شىنجاڭدىن ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر دوختۇر، دورىگەرلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدا يۇقىرى شۆھرەت قازانغان دوختۇرلار ۋە دورىگەرلەرنىڭ رىسالىلىرىنى، مۇھىم رېتسېپلىرىنى، دورا ياساش، تەكشەش، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى پەرق ئېتىش، دورا مىقدارىنى بەلگىلەش، تومۇر تۇتۇپ دىئاگنوز قويۇش جەھەتتىكى مول تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگەن ھەمدە دوختۇرلۇق، دورىگەرلىك كەسپىي بىلىملىرى ئۈستىدە خېلى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان. نۇرغۇن ئۆسۈملۈك دورىلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى توپلاپ، دورا ياساش، سىناق قىلىش، ئەمەلىي ئىشلىتىش ھەم يۇزلىنىگەن بىمارلارنى ئازابتىن خالاس قىلىش ئارقىلىق خېلى داڭلىق دوختۇر بولۇپ قالغان. شۇڭا، قۇرامىغا يەتكەندە، ئالدى بىلەن يۇقىرى ئاستانە (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى جېڭلەن خوشۇنى چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، بۇ جاي موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇنجى پايتەختى ئىدى) دە قۇرۇلغان ئۇيغۇر دورىگەرلىك (فارماكولوگىيە) مەھكىمىسىگە تېخنىكىلىققا تەكلىپ قىلىنغان. كېيىن، تارىمنىڭ دورىگەرلىك ۋە دوختۇرلۇق ساھەسىدىكى داڭقىنى ئاڭلىغان موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۇنى تايدۇ (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى بولۇپ، موڭغۇلچە «پايتەخت» دېگەن مەنىدە) دىكى ئۇيغۇر دورىگەرلىك مەھكىمىسىگە يۆتكەپ

كەلگەن. بۇ جاينىڭ شارائىتى خېلى ياخشى بولۇپ، ناھايىتى قىممەتلىك، ئاسانلىقچە تېپىلمايدىغان دورا ئۈسۈملۈكلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى تولۇق ساقلانغان، دورىگەرلىك، ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالاشقا دائىر قەدىمكى كىتابلار، رېتسېپلارمۇ ساقلانغان. تارىم بۇ شارائىتتىن پايدىلىنىپ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، كەسپىي بىلىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان، پايتەختتىكى خان - پادىشاھلار، ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى داۋالىغاندىن تاشقىرى، يېڭى دورىلارنى كەشپ قىلغان، يېڭى بايقالغان كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويغان ۋە داۋالىغان.

تارىمنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى بىلىمگە قايىل بولغان موڭغۇل خانلىرى ئۇنى چىڭزۇڭنىڭ دادې 11 - يىلى (مىلادى 1307 - يىلى) بىرىنچى دەرىجە ئاتلىتىپ ئۆستۈرۈپ، ئوردا دورىگەرلىك مەھكىمىسىنىڭ دورغاچلىقىغا تەيىنلىگەن. بۇ چاغدا مەنسەپپەرەس موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەن تارىمنىڭ ئوردىدا بۇنداق چوڭ مەنسەپكە ئولتۇرغىنىغا ھەسەت قىلىپ، پادىشاھ چىڭزوڭ تۆمۈرگە ئەرز قىلىپ، مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما تارىمنىڭ پايتەختتىكى ئابروي - مەرتىۋىسى شىكايەت قىلغۇچىلار ئۈستىدىن غالىب كەلگەن. ئۇ، ئوردا دورىگەرلىك مەھكىمىسىدىكى نەچچە يۈزلىگەن ئۇستىلارغا تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش، ھەر خىل ئىشلارغا تەقسىم قىلىپ باشقۇرۇش، مەھكىمىنىڭ تامغا، ھېسابات، ئۇسكۈنە، خام ئەشيا، قىرائەتخانا قاتارلىق ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغاندىن تاشقىرى، مەھكىمىگە قاراشلىق تىببىي مەكتەپكە ئىچكى كېسەللىك، تاشقى كېسەللىك، نېرۋا، سۆڭەك كېسەللىكلىرىنى

داۋالاش بىلىملىرىدىنمۇ دەرس بەرگەن . ئۇ ، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ دورىگەرلىك مەھكىمىسىگە 20 نەچچە يىل مەسئۇل بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا ، نەچچە مىڭلىغان ئىختىساسلىق تىببىي خادىملارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇپلا قالماي ، بەلكى دورىگەرلىك ۋە داۋالاش ئىشلىرىغىمۇ گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان . ئۇ ، دورىگەرلىك ۋە داۋالاشقا ئائىت مول بىلىمى ئاساسىدا ، ئون نەچچە كىتاب يازغان ، ئۇنىڭ بۇ كىتابلىرى ئۆز دەۋرىدە قايتا ـ قايتا نەشىر قىلىنىپ ، دەرسلىك ، قوللانما ۋە دەستۇر سۈپىتىدە ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلگەن . ئەپسۇسكى ، كېيىنكى زامانلاردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېتىبار قىلمىغانلىقى ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى دەھشەتلىك كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلار ، يېغىلىقلار ۋە دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ چاك ـ توزانلىرى ئىچىدە ئۇ كىتابلارنىڭ بىرەر ۋارىقىمۇ ساقلىنىپ قالمىغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# مىجىت

مىجىت 12 ـــ 13 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن چاغاتاي دەۋرى كەسپىي مائارىپىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ئاتاقلىق دوختۇر.

مىجىتنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق، پەقەت ئۇنىڭ چاغاتاينىڭ باش دوختۇرى بولغانلىقى ھەمدە ئالمىلىق (ئىلى) تا سۇنۇق كېسەللىكلىرىنى داۋالاش مەكتىپىنى ئاچقانلىقى ھەققىدىلا مەلۇمات بار.

چىڭگىزخان ئىستىلاسى نەتىجىسىدە چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي (1179 ـــ 1242) ئالملىق (قورغاس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، قورغاسقا تەخمىنەن 15 كىلومېتىر كېلىدۇ) نى پايتەخت قىلغان ھالدا شەرقتە قۇمۇلدىن، غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە، شىمالدا قورغاستىن، جەنۇبتا دېھلىنىڭ شىمالىغىچە (پاكىستاندىكى مولتان، لاھور، ئافغانىستاندىكى بەلىخ، ھىرات ۋە ھىندىستاندىكى بىرقانچە شەھەرلەر) بولغان جايلارنى ئىدارە قىلىپ ئۆز خانلىقىغا «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ نام قويىدى.

فېئودالىزمنىڭ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرغان موڭغۇللار بۇ دەۋردە كۈچ - قۇدرەت جەھەتتە ھەرقانچە ئۈستۈن بولغىنى بىلەن، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش، مەدەنىي ھاياتنى جانلاندۇرۇش، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتتە كۆپ

ئىقتىدارسىز ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ جەھەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈنرەك بولغان بىرەر مىللەتنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى. تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتقان چاغاتايخان ئۆزى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ساھەلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. ھەتتا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆزىنىڭ دۆلەت يېزىقى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى. ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ئوقۇتتى. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقى مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىدا زور يۈكسەلدى. بۇ كەڭچىلىك سىياسەت نەتىجىسىدە چىڭگىزخان زامانىسىدا پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ يوقىلىش ھالىتىگە كېلىپ قالغان ئۇيغۇر مائارىپىمۇ بۇرۇنقى ئورنىنى تولدۇرالمىسىمۇ، ھەر ھالدا چېكىنىشتىن ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلدى.

مىجىت يۇقىرىقى ئېھتىياج تۈپەيلى چاغاتايخان ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىنغان ۋە چاغاتاينىڭ باش دوختۇرى بولغان.

مىجىت ئۆز دەۋرىدە ئەتراپلىق بىلىم ئالغان، تىبابەتچىلىك ئىلمىدە زور شۆھرەت قازانغان مەشھۇر دوختۇر بولۇپلا قالماي، تالانتلىق ئۇيغۇر كەسپىي مائارىپچى ئىدى. ئۇ ئالىملىقتا سۇنۇق كېسەللىكنى داۋالاش مەكتىپىنى ئېچىپ، داۋالاش ئىلمى، دورا - دەرمان ياساش ئۇسۇلى، شىپالىق دورىلارنى يىغىش، ئوپېراتسىيە قىلىش قاتارلىق كەسىپ ۋە مەزمۇنلاردا دەرس ئۆتۈپ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ۋراچلارنى، دوختۇرلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن، چاغاتاي دەۋرىدىكى كەسپىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن. مىجىت ئاچقان بۇ مەكتەپكە چاغاتاي

www.uyghurkitap

خانلىقىغا تەۋە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇغان ۋە ئۇلار ۋراچ ، دوختۇر دەرىجىسىگە يېتىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋادىلىرىدا ، ھەتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ( ئىچكى ئۆلكىلەر ) تە ۋراچلىق ۋە تېڭىقچىلىق قىلغان .

# تۆمۈر تۈۋرۈك

تۆمۈر تۈۋرۈك 13 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى، كەسىپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى.

تۆمۈر تۈۋرۈكنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق. «جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق ئەربابلىرى» ناملىق كىتابتا: «لومىڭشەن — ئۇيغۇر، ئەسلى ئىسمى تىيېجۇ① دېيىلگەن» ھەمدە ئۇنىڭ «دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن 208 ماددىلىق زور ھەجىملىك كىتابنى يازغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئالىمنىڭ ئەسلى ئىسمى تۆمۈر تۈۋرۈك بولۇپ، لومىڭشەن ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. «قىسقىچە بايان» دا تونۇشتۇرۇلغان مەلۇمات ۋە تېخنىكىۋى بىلىملەردىن بىز تۆمۈر تۈۋرۈكنىڭ 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ بىرىدە تۇغۇلۇپ، ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئېلىپ ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيەتلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ بەلگىلىك تەجرىبە ھاسىل قىلغان، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى زىچ

① تىيېجۇ خەنزۇچە سۆز بولۇپ، تيې — تۆمۈر، جۇ — تۈۋرۈك، تىيېجۇ — تۆمۈر تۈۋرۈك دېگەن مەنىگە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىلمى جەھەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىمىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

قۇبلەيخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار تەرىپىدىن قۇرۇلغان جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسى چاغاتاي خانلىقىغا ئوخشاش كۆپلىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى دۆلەت ئاپپاراتىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويغان، ئۇيغۇرلارمۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشىدە غايەت زور رول ئوينىغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، تۆمۈر تۇۋۇرۇكمۇ قۇبلەيخاننىڭ ئوردىسىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 13 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە خەنزۇ رايونلىرىغا بارغان. ئۇ ئاۋۋال جېڭجۇ ۋىلايىتى ( ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ جىڭشەن ناھىيىسى ) ۋە ئەنپىڭلۇ ۋىلايىتى ( ھازىرقى ئەنخۈي ئۆلكىسىنىڭ شۇشېن ناھىيىسى ) دە ئامبال بولغان. كېيىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ خان ھۇزۇرىدىكى ئەدلىيە ۋازارەت مەھكىمىسىگە ئۆستۈرۈلۈپ، قانۇن ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

مۇشۇ مەزگىللەردە تۆمۈر تۇۋۇرۇك موڭغۇللارنىڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشقا چۈشكەن ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇزاق يىل توپلىغان مول بىلىمگە ۋە تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئاشلىق، مېۋە، سەي، ياغلىقدان، يېشىل ئوغۇت، دورا ماتېرىياللىرى، چارۋىچىلىق، ھاۋا كىلىماتى، يەر ئاغدۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردىن تارتىپ، ھەسەل ھەرىسى بېقىش، پىلىچىلىك، ئۆي قوشلىرىنى بېقىش تېخنىكىسىغىچە بولغان ناھايىتى باي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ھەققىدە قىسقىچە

بـايـان، »ناملىق يېزا ئىگىلىكىگە دائىر بۇ دەرسلىك كىتابنى يېزىپ چىققان.

بـۇ كـىتـاب مـەزمـۇنـىـنـىڭ موللۇقى، ئىلمىي قىممىتىنىڭ زورلۇقى بىلەن ئەينى زامانىدىكى قالاق يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىلا ئەمەس، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى يولغا قويۇش، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق ۋە چارۋا كۆپەيتىش جەھەتلىرىدە ئەجايىپ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، 1314 - يىلى نەشىر قىلىنىپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. تۆمۈر تۆۋرۈكمۇ بۇ ئىلمىي ئەمگەكنى بىلەن داڭ چىقىرىپ، خان ئوردىسىغا نەكلىپ قىلىنىپ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا يېزا ئىگىلىك ۋە قانۇن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇلغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە « قىسقىچە بايان » يېزا ئىگىلىكىنىڭ دەستۇرى دەپ قارىلىپ كۆپ قېتىم نەشىر قىلىنغان ھەمدە ئەينى ۋاقىتلاردىن تارتىپ تاكى يېقىنقى يىللارغىچە ئېلىمىزدىكى خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇلىدىغان مۇھىم دەرسلىك كىتاب بولۇپ كەلگەن. بۇ كىتاب ئازادلىقتىن كېيىنمۇ يەنە قايتىدىن نەشىر قىلىنغان.

« قىسقىچە بايان » نىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ خەنزۇلار رايونىغا ماس يېزا ئىگىلىك تەلىماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زامانىدىكى پاختا ۋە باغۋەنچىلىك جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنىمۇ ئالاھىدە تونۇشتۇرغان. شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگۈزۈلگەن بېدە، زىغىر، ئانار، ياڭاق، يۇمغاقسۈت، پىياز، سەۋزە، زاراڭزا قاتارلىق ئېسىل مېۋىلەر ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئۆستۈرۈش - پەرۋىش قىلىش جەھەتلەردە مول مەلۇمات بېرىلگەن. مۇسەللەس

ياساش ، سېرىق ماي چىقىرىش ، قېتىق ئۇيۇتۇش ، قۇرۇت ياساش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنىمۇ تونۇشتۇرغان . بۇ مەلۇمات ۋە تەجرىبىلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىچكى ئۆلكىلەر ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى . « قىسقىچە بايان » دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مېۋىلەرنى ئۇلاش ئۇسۇلى ، ئىسسىق ئۆي ۋە كۈنگەي جايدا كۆچەت يېتىشتۈرۈش ، ئۇرۇق تۈرلىرىنى كۆپەيتىش ، چارۋا ماللىرىنى قوتۇر ھەم قىچىشقاقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ، تېبابەتچىلىك دورا ماتېرىياللىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ۋە زىرائەتكە چۈشىدىغان زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرمۇ ئىنتايىن ئەمەلىي ھەم ئىلمىي مەسىلىلەر بولۇپ ، شۇ دەۋر يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن زۆرۈر مەسىلىلەر ئىدى . ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى ھازىرمۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك .

# يۈجۇ

يۈجۇ ( 1281 ــ 1333 ) مەشھۇر ئالىم ئارغۇن سارىقنىڭ ئوغلى . بۇ ئادەممۇ دادىسىغا ئوخشاش نوم كالاملىرى ( دەستۇرنامە ) ، تارىخنامىلار ( تارىخ ) ، ئىلمىي ئېقىملار ، مۇنكىر ـ نەنكىر ئىلمى ، مۇنەججىملىك ، سېھىرگەرلىك ( ئىلاھىيەت ) قاتارلىق ئىلىملەردىن خەۋەردار ، تونۇلغان كىشى بولۇپ قالماستىن ، بەلكى يەنە دورىگەرلىك ۋە كۆتۈش ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەن تېۋىپ ئىدى .

www.uyghurkitap

# سەۋىنچ قىيا

سەۋىنچ قىيا — تۈەن يۈەنشى ( 1286 — 1324 ) موڭغۇل - يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر ئەدىب. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى ھازىرقى جىمسار ئىدى. ئاتا - بوۋىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ بېرىپ ئەمەل تۇتقان. ئەينى چاغنىڭ مىزانى بويىچە، سەۋىنچ قىيا دادىسى — ئاتاقلىق گېنېرال كۈنچەك ( گۇنجىك ) نىڭ ئەمەل - مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى لازىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىمتىياز ۋە نام - ئابرويى قوغلاشماي، ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، خۇپىيانە ھالدا جېجياڭنىڭ چيەنتاڭ رايونىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، دورىگەرلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئاتاقلىق دورىگەر بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

# جامال قەرشى

ئەبۇل فەزلى مۇھەممەد بىننى ئۆمەربىننى خالد ھىجرىيە 700 - يىلى ( مىلادىيە 1300 - يىلى ) ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئالملىق كەنتىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا قەشقەرگە كېلىپ قاراخانىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ساچىيە مەدرىسىدە ئوقۇغان . كېيىن بۇخارا ، باغداد ۋە سۇرىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىلىم ۋە ھېكمەت ئۆگىنىپ شۆھرەت قازانغان . ئۇ يەردىن يەنە قەشقەرگە يېنىپ كېلىپ مەدرىسە ساچىيىدە مۇدەررىسلىك قىلغان . ئۆزىنىڭ « مۇلھە قاتۇس سۇراھ » دېگەن كىتابىدا ئەرەبچە يېزىلغان مۇنداق سۆزى بار : « مەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى ‹ سۇراھ › دېگەن لۇغەت كىتابىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كۆپ جايلارنى ئىزدەپ ، بۇ لۇغەت كىتابنى تاپالمىغان ئىدىم . ھازىر قەشقەردىكى ئۇلۇغ سائادەتلىك چوڭ كىتاب خەزىنىسىدىن بۇ تولۇق لۇغەتنى تاپتىم ۋە ئۇنى خۇلاسە قىلىپ ‹ مۇلھە قاتۇس سۇراھ › دېگەن لۇغەتنى يېزىپ چىقتىم . ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەدرىسىنى قۇرغان ۋە ئۇنىڭدا چوڭ كىتابخانا تەشكىل قىلغان زاتلارغا سەمىمىي قەلبىم بىلەن تەشەككۇر بايان قىلىمەن » .

جامال قەرشىنىڭ « مۇلھە قاتۇس سۇراھ » دېگەن كىتابىدا نۇرغۇن تىببىي ئاتالغۇلار بار . بۇ كىتاب ھىجرىيە 1028 - يىلى ( مىلادى 1626 - يىلى ) ھىندىستاننىڭ لەكنۇ شەھرىدە نەشر قىلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭ نۇسخىسى ھەرقايسى تېۋىپلىرىمىزدا

بىردىن ساقلانماقتا.

جامال قەرشىنىڭ «مۇلھە قات» ناملىق بىر قوشۇمچە ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. بۇنىڭدا قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن پۈتۈن ئالىملار، ھۆكۈمالار، ماشايىخلارنىڭ تەرجىمىھالى يېزىلغان دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ. ئەمما ھازىرغا قەدەر بۇ كىتاب ئاشكارىلانمىدى.

جامال قەرشى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان ۋە چەت ئەللەرگىمۇ تونۇلغان مەشھۇر ئالىم، ھۆكۈما ۋە ئەدىب. ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىلىم - مەرىپەت ۋە تىبابەت تارقىتىشقا زور كۈچ چىقارغان كىشىدۇر. بۇ ئالىمىمىز ھەققىدە ھازىرغا قەدەر ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. بۇنىڭدىن كېيىن ئەۋلادلارنىڭ ئىزدىنىپ، بۇ كىشى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# قۇسقۇي

قۇسقۇي يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئاتاقلىق ئوزۇقلۇقشۇناس بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۇرلۇك ھۈنەر - سەنئەت بىلەن خىلمۇ خىل تائام تۈرلىرىنى تەييارلاشقا ئوخشاش بىر قاتار پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان.

ھازىرچە قۇسقۇينىڭ بىئوگرافىيىسىگە ئائىت مەلۇماتلار ئانچە تولۇق ئەمەس. ئەمما، ئۇنىڭ پادىشاھ يۈەن شىگزانىڭ تېمۇر ( مىلادى 1294 — 1307 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان )، يۈەن شۈندى - توقۇن تېمۇر، يەنى ئۇلجايتۇ قاغان ( مىلادى 1333 — 1368 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان ) زامانىدا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ساراي داستىخانچىسى بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بار.

قۇسقۇينىڭ ئاتا - بوۋىسى قۇبلەيخان غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىلى دەرياسى بويىغا بارغاندا موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىللە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

قۇسقۇينىڭ بوۋىسى ھەربىي ئەمەلدار ۋە ئايماق ۋالىيسى بولغان. دادىسى ئوقتۇتقۇچى، كېيىن مىرزا بېگى بولغان.

قۇسقۇي بولسا كىچىكىدىن تارتىپلا زېرەك، تىرىشچان، سۆزمەن بولۇپ، دەسلەپتە يۈدىدا راھىبلىرىدىن تەلىم ئالغان.

كېيىن موڭغۇلچىنى ۋە خەنزۇچىنى پۇختا ئىگىلەپ ، تىبابەتچىلىك ۋە ھەر خىل تائام تۈرلىرىنى تەييارلاش جەھەتتە خېلى چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بولغان . قۇرامىغا يەتكەندە دادىسى ئۇنى تۇرغاۋۇتلارنىڭ ئامبىلىغا تونۇشتۇرغان . ئەمما ، قۇسقۇي ئەسكەر بولۇش ۋە قورال تۇتۇشنى خالىمىغانلىقتىن ، يەنىلا كىتاب ئوقۇپ يۇقىرىدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تىبابەتچىلىك ، ئوزۇقلۇقلارنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا بىلىم ئاشۇرغان . ئۇندىن كېيىن خاندانلىقتا ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتكەن . كېيىن ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ساراي داستىخانچىسى ، يەنى خان جەمەتىنىڭ غىزا - تائاملىرىنى تەييارلاش ، تائام تۈزىنى تەڭشەشكە مەسئۇل بولغان .

قۇسقۇي يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ، تازىلىقى ئۈستىدە كۆپ يىللار ئىزدىنىپ ئوزۇقلۇقشۇناس دەپ نام ئالغان . ئۇنىڭ « تائام تەييارلاش دەستۇرى » دېگەن داڭلىق ئەسىرى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامانىدىكى يېمەكلىكلەر تازىلىقى ۋە ئوزۇقلۇقشۇناسلىققا دائىر تۇنجى ۋە مەخسۇس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئەسەردە تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ، دورا - دەرمەكلەرنىڭ قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولى ، يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ تازىلىقى ۋە يېمەك - ئىچمەكتىن زەھەرلىنىش قاتارلىقلار ئۈستىدە خېلى چوڭقۇر ھەم مۇكەممەل تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان . « تائام تەييارلاش دەستۇرى » نەشر قىلىنىش بىلەنلا پۈتۈن جەمئىيەتكە كەڭ تارقالغان ، ھەتتا بۇ كىتاب بىرنەچچە قېتىم كۆپەيتىلىپ بېسىلغان شۇنىڭدەك « پايتەخت لۈياڭدىكى ئەڭ قىممەتلىك كىتاب » لاردىن بىرى بولۇپ قالغان . شۇنىڭدىن كېيىن ساراي ئىچى - سىرتىدا قۇسقۇينىڭ مەرتىۋىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ئابرويى

بارغانسېرى ئۆسۈپ، ۋەزىر - ۋۇزرالار تەرىپىدىن نەچچە يۈز تىزىق يامبۇ بىلەن تارتۇقلىنىش بىلەن بىرگە، كىشىلەر تەرىپىدىنمۇ ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىدىغان بولغان.

قۇسقۇينىڭ بۇ «تائام تەييارلاش دەستۇرى» جەمئىي ئۈچ جىلد بولۇپ، بىرىنچى جىلدتا، تۆرلۈك يېمەكلىكلەر، گۆش، تۇخۇم، سەۋزە، بېلىق ۋە ھەر خىل مېۋە - چېۋە قاتارلىقلار؛ ئىككىنچى جىلدتا، يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ خۇرۇچلىرى، مەسلەن، ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان ھەر خىل ھاراق، ئاچچىقسۇلارنى ياسىغاندا ئۇنىڭغا قايسى خىلدىكى خام ئەشيا ۋە ماتېرىياللارنى ئارىلاشتۇرۇش، تېۋىنى ۋە ۋاقتىنى قانداق تەكشەش، قايسى خىلدىكى دورا - دەرمەكلەرنى ئارىلاشتۇرغاندا غىزانىڭ تەمنى تەكشىگىلى، يۇراقلىق، مەززىلىك قىلغىلى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەندۇرۇپ كېسەلدىن خالى بولغىلى بولىدىغانلىقى، دىققەت قىلمىسا قانداق كېسەلگە مۇپتىلا بولىدىغانلىقى قاتارلىقلار؛ ئۈچىنچى جىلدتا، ئاشلىق بىلەن كۆكتات، يەنى بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، تېرىق، چامغۇر، پەمىدۇر، يېسىۋىلەك، يۇمغاقسۇت، قوغۇن - تاۋۇز ۋە باشقىلار ھەققىدە سۆزلەنگەن.

قۇسقۇي «تائام تەييارلاش دەستۇرى» دا ئوزۇقلۇقنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى رولىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، «ئەڭ ياخشى دورىنى ئاز يېيىش كېرەك، ئادەتتىكى چاغلاردا يېمەك - ئىچمەكنىڭ ئوزۇقلۇق نىسبىتىنى تەكشەپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلسە، دورا ئىچمەيمۇ كېسەلنى داۋالىغىلى بولىدۇ» دەپ قارىغان ئىدى.

قۇسقۇي كىتابىدا يەنە تۆت پەسىلدە قانداق يېمەك - ئىچمەك بىلەن ئوزۇقلانسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقنى تەكىتلەپ

كېلىپ، قىش پەسلىدە گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى پاكىز جايدا ساقلاش، قىشلىق كۆكتاتلارنى مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىدا ساقلاش، توڭلىغان، ئۇششۇگەن كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلماسلىق، قىش كۈنلىرى ئادەم بەدىنى ئىسسىقلىققا موھتاج بولغاچقا، گۆشنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش، ھەر خىل كۆكتاتلارنى ئالماشتۇرۇپ يەپ تۇرۇش، ياز كۈنلىرى گۆشنى ئاز ئىستېمال قىلىش، مۇھىمى ياز كۈنلىرى يەيدىغان نەرسىلەر ئۈستىدە ئايرىم ۋە ئالاھىدە توختالغان.

قۇسقۇينىڭ بۇ كىتابىدا يەنە تېخى تۇرلۇك تائاملارنىڭ شەكلى چۈشەندۈرۈلگەن رەسىملەرمۇ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەم تېنىگە بولغان پايدا - زىيىنى، قايسى كېسەلگە شىپا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆرسەتمىلىك چۈشەنچە بېرىلگەن. ئۇنىڭدا تاماقتىن كېيىن ئېغىز چايقاش، ئەتىگەن ۋە كەچتە چىشنى مىسۋاك (بۇ چۈچۈك بۇيا يىلتىزىدىن ياسالغان چىش چوتكىسى) بىلەن تازىلاش، كەچتە پۇت يۇيۇش، تاماقنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىش، شەخسىي تازىلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارمۇ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

قۇسقۇي يۈەن چىڭگىزۇڭ ۋاقتىدا ساراي داستىخانچىسى بولۇپ تۇرغاندا ئاشپەزلەرنىڭ شەخسىي تازىلىقى ۋە ئاشخانا تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى.

قۇسقۇي بۇ مەزگىلدە تىبابەتچىلىكنى خېلى چوڭقۇر ئىگىلىگەن بولۇپ، تومۇر تۇتۇپ كېسەل كۆرۈش، كېسەلگە قارىتا دورا بۇيرۇشقا ئوخشاش داۋالاش ئىشلىرى بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان ئىدى.

قۇسقۇي يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ ھەر خىل شىپالىق رولى

ۋە خۇسۇسىيىتىنى ئادەم بەدىنىدىكى ئورگانىزملارغا تەتبىقلاپ كېسەلنى داۋالاش ، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە مەلۇم تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى . شۇڭا ، ئۇ يۈەن چىڭزۇڭ تەرىپىدىن قەدىرلەپ ئىشلىتىلگەن ھەمدە كۆپ قېتىم خانىنىڭ ئىنئام بېرىشىگە ۋە تارتۇقلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ئىدى . قىسقىسى ، قۇسقۇي ۋە ئۇنىڭ « تائام تەييارلاش دەستۇرى » يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ساقلىقنى ساقلاش ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئېلىمىزنىڭ كېيىنكى زامان سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن ئىجادىي رول ئوينىغان .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# سادىرمىش

يۈەن سۇلالىسى ( 1279 ــ 1368 ) دەۋرىگە ئالاقىدار تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا ، تىبابەتچىلىك ساھەسىدە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان ئۇيغۇر تېۋىپلىرىدىن يۈچۈرنچ قىيا ، نەزەر ، چاقاي ، ئاشۇ ، تارىم ۋە سادىرمىش قاتارلىق ئون نەچچە مەشھۇر تېۋىپ ئۆتكەن بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە سادىرمىش ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

سادىرمىش ئەسلى بېشبالىق ( ھازىرقى جىمسار ئەتراپى ) لىق ئۇيغۇر تېۋىپى بولۇپ ، ئۇ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قاتارىدا پايتەخت تايدۇ ( بېيجىڭ ) غا ئېلىپ بېرىلىپ ، ھەربىي ئەمەلدارلارنى داۋالاش ئورنىدا دوختۇرلۇق قىلغان . كېيىن موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا قىلغان ئىستېلا خاراكتېرىدىكى يۈرۈشى توختىغاندا ، سادىرمىش خان يارلىقىغا بىنائەن جيەنچاڭ ( بۈگۈنكى سىچۇەندىكى دادۇخې دەرياسىنىڭ جەنۇبى ، شىچاڭ . پۇگېنىڭ شەرقى ، جىڭساجياڭ دەرياسىنىڭ غەربىدىكى كەڭ جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوبلاست دەرىجىلىك مەمۇرىي رايون ) غا تەپتىش بېگى قىلىپ ئەۋەتىلگەن . ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ كېسەل كۆرۈش ، داۋالاش ، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى توپلاش ، دورا ياساش ، خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى رېتسېپلارنى رەتلەش ، تەتقىق

قىلىش، يېڭى دورىلارنى كەشپ قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئەمەلدارلىقنى ياقتۇرمايدىغان، تېۋىپلىق ۋە دورىگەرلىككە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان تىببىي ئالىم بولغاچقا، ياشىنىپ قالغۇچە كېچە - كۈندۈز تىببىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تىبابەت ساھەسىدىكى بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ دورا تۈرلىرى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەن رېتسېپلىرىمۇ نەچچە مىڭ پارچىغا يەتكەن. ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر ئۆمۈر ئىلىپ بارغان تىببىي ئىلىم ساھەسىدىكى ئەمگەك نەتىجىسى بولغان بارلىق رېتسېپلىرىنى رەتلەش، قايتا ئىشلەش، تولۇقلاش ۋە تۈزىتىش ئاساسىدا 15 جىلدلىق، چوڭ ھەجىمدىكى «بامبۇكزارلىق سارايدىكى مۇجەررەپ نۇسخىلار» (تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلار) دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. ئەسلىدە سادىرمىشنىڭ ئولتۇراق جايى ئۇنىڭ مەنسىپىگە لايىق قىلىپ سېلىنغان ھەشەمەتلىك ساراي - داچىلار بولسىمۇ، ئەمما سادىرمىش ئاشۇ داچىلارنى خالىماي، ئۆزى سارىيى ئەتراپىغا مېۋىلىك كۆچەت تىكىپ، ئۇنىڭ سىرتىغا بامبۇكتىن چىت ياساپ قويغان. كېيىنچە بامبۇكلار ئۈنۈپ، كۆپىيىپ، ساراي ئەتراپىنى ناھايىتى ئېگىز ھەم قويۇق ئۆسكەن بامبۇكلار قاپلاپ كەتكەن. شۇڭا، كىشىلەر بۇ جاينى «بامبۇكزار ساراي» دەپ ئاتىغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام ئومۇملىشىپ تارىختا «بامبۇكزار ساراي» دەپ ئاتىلىپ قالغان. شۇڭا، سادىرمىشمۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ نامىنى «بامبۇكزارلىق سارايدىكى مۇجەررەب نۇسخىلار» دەپ ئاتىغان.

سادىرمىشنىڭ «بامبۇكزارلىق سارايدىكى مۇجەررەب نۇسخىلار» ناملىق تىببىي ئەسىرى 15 جىلدلىق بولۇپ، مىڭ

سۇلالىسى ( 1368 ـــ 1644 ) دەۋرىدە ئۆتكەن ياڭ شىچى قاتارلىقلار تۈزگەن « ۋېن يەن قەسرىدىكى كىتابلار كاتولىكى » بىلەن ياۋلى تۈزگەن « بو ۋېنتاڭ سارىيىدىكى كىتابلار كاتولىكى » دا سادىر مىشنىڭ ئەسىرىنىڭ ئەسلىسى 15 جىلد ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان رېتسېپلارنىڭ ۋە دورا تۈرىنىڭ نەچچە مىڭ خىلغا يېتىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن . مىڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن بۇ كىتابنىڭ تارقىلىپ يۈرگەن نۇسخىسى بارغانچە ئازىيىپ، چىڭ دەۋرىگە ( 1644 ـــ 1911 ) كەلگەندە تامامەن يوقالغان . « بامبۇكزارلىق سارايدىكى مۇجەررەب نۇسخىلار » نىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى « نۇسرەتلىك ئۇلۇغ قامۇس » تىكى مەزمۇنلارغا ئاساسەن قايتا تەھرىرلىنىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، بارلىق دورا نۇسخىلىرى 24 تۈرگە بۆلۈنۈپ ، بەش جىلدلىق قىلىپ ئىشلەنگەن . يوقىلىپ كەتكەن ( مىڭ ، چىڭ دەۋرلىرىگە ۋ يېتىپ كېلەلمىگەن ) دورا نۇسخىلىرىنىڭ سانى ئەسلى كىتابتىكى نۇسخىلارنىڭ بەش ـ ئالتە ھەسسىسىگە باراۋەر بولۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى ئەسلىدىكىسىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ .

« تۆت يۈرۈش كىتابلارنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى » دە سادىر مىشنىڭ « بامبۇكزارلىق سارايدىكى مۇجەررەب نۇسخىلار » دېگەن مەشھۇر تىببىي ئەسىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا : « دورىلارنى تەكشۈرۈش ، مىقدارىنى بەلگىلەش ۋە تولۇقلاش مەخسۇس بىر تۈر قىلىنغان ؛ مېتال ۋە تاش تۈرىدىكى دورىلارنى يېنىكلىك بىلەن ئىشلەتمەسلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان . شۇڭا ، ئۇنىڭدىكى نۇسخىلار ئەڭ ساپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ » دەپ باھا بېرىلگەن . مىڭ دەۋرىدىكى شۇ فامىلىلىك تېۋىپنىڭ « شۇ جەمەتىنىڭ تىبىي ئارخىپلىرى » دېگەن كىتابىدا

خاتىرىلىنىشىچە، سادىرمىشنىڭ ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالايدىغان سەككىز تۈرلۈك نۇسخىسى بىرنەچچە خىل ماددىلارنى ئاساس قىلىپ تەييارلانغان قايناتما بولۇپ، ئاياللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىگە ماس كېلىدىغان، بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، قان كۆپەيتىدىغان تەسىرگە ئىگە ئىكەن. كەم ماغدۇرلۇق، يۆتەل، كۆپ خۇن كېلىش ... قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. يەنە ھەر خىل يارا - جاراھەت، ئاشقازان يارىسى، غەلۋىرەك، سۆڭەك ئاغرىقى قاتارلىقلارنى داۋالايدىغان نۇسخىلىرىمۇ ناھايىتى شىپالىق بولۇپ، مىڭ دەۋرىدىكى تېۋىپلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاپ ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ جىگەر رەڭ كۇمىلاچ دورىسى ئەڭ داڭلىق سانالغان. «تېۋىپ سۇ، شىپالارنىڭ شىپالىق نۇسخىلىرى» دېگەن كىتابتىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ كىتابتىمۇ سادىرمىشنىڭ نۇسخىلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، جىگەر رەڭ كۇمىلاچ دورا ھەققىدە: قاغىنىڭ بېشى، دارچىن، جىگدە، قورۇتۇلغان زەنجىۋىل، پىشقان ئاپېلسىن پوستى قاتارلىقلاردىن ياسالغان، كىچىك بالىلارنىڭ ھەر خىل كېسەللىكلىرىگە ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ، دەپ تەبىر بېرىلگەن. سادىرمىش يەنە جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئوخشاشمايدىغان تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن، ئۆزگەرتىپ تۈرىدىغان نۇسخىلارنى ئىشلىتىش، سىناق قىلىش، دورا مىقدارىنى تەڭشەش، ئىش قوشۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان بىر قىسىم ئۈنۈملۈك نۇسخىلارنى ئىجاد قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 80 دىن كۆپرەك دورىگەر ۋە تېۋىپلارنى تەربىيىلەپ چىقىپ، يۈەن

سۇلالىسىنىڭ تىبابەتچىلىك ئىشلىرىغا مۇھىم تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئاتاقلىق تېۋىپ، دورىگەر ۋە تىبابەت ئۇستازى سادىرمىش گەرچە بىر ئۆمۈر ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆپلىگەن شىپالىق دورا ۋە نۇسخىلارنى كەشپ قىلىپ، كەلگۈسى ئۈچۈن نەچچە ئونلىغان ئىختىساسلىق تىببىي خادىملارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇپ، ئېلىمىزنىڭ تىبابەتچىلىك ئىشلىرى تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئالىمنىڭ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر تېخى تېپىلمىدى. شۇڭا، ئالىمنىڭ ھاياتى، تىببىي ساھەدىكى مول، نەتىجىلىك ئەمگىكى ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەستايىدىل ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

# دارىما قۇجۇ ( دېھارما قوچۇ )

دارىما قۇجۇ تۇرپانلىق ئۇيغۇر بولۇپ، دادىسى سارگىس دېگەن كىشى ئىدى. يۇەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە 1292 - يىلى خانبالىق ( بېيجىڭ )، كۆكخوت ( دولۇن، شاڭدۇ) لاردا « ئۇيغۇر دورىخانىسى » قۇرۇپ چىققان. ئۇ، مۇشۇ ئورۇندا يېتىشىپ چىققان ئاتاقلىق ئەمچى ( تېۋىپ ) ئىدى. يۇەن سۇلالىسى چىڭ زۇڭ خانى تېمۇرنىڭ دادې 11 - يىلى ( 1307 - يىلى ) دارىما قۇجۇغا ئەمچىلىك مەھكىمىسىنىڭ دادۇغاچىلىق مەنسىپىنى ( ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي ئەمەل ) بەرگەن. كېيىن ئۇ « ئۇيغۇر دورىخانىسى » غا يۆتكىلىپ، شۇ ئورۇندا ئىشلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.

# ئەنزۇڭ ( ئۇراساڭ )

ئەنزۇڭ ( ؟ ـــ 1293 ) بەشبالىق ( هازىرقى جىمسار تەۋەسىدە ) تا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە بىلىم جەھەتتە شۆھرەت قازىنىپ ، موڭغۇل خانلىرى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ موڭغۇل ئوردىسىغا بارغان ، كېيىنچە بېيجىڭدا تۇرۇپ قالغان . ئۇ داڭلىق سىياسىئون ۋە تىببىي ئالىم بولۇپ ، تىبابەتچىلىك ـ داۋالاشقا دائىر « قىيىن كېسەللىكلەر دەستۇرى » ، دورىگەرلىككە دائىر « ئوت ـ چۆپ دورىلار قامۇسى » قاتارلىق خەنزۇ تىلىدىكى داڭلىق كىتابلارنى موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىپ ، تۆھپە يىغانغا تەقدىم قىلغان .

# نەزەر

نەزەر ( 13 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغان ) مەشھۇر ئۇيغۇر تىبابەتچى تاشقى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى بولۇپ، غەربىي دىيارلىق.
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى دۆلەتنى باشقۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن شىنجاڭدىن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئالىملىرىنى پايتەخت تايدۇ ( ھازىرقى بېيجىڭ ) غا ئالدۇرۇپ كەلگەن، ئۇلار خۇيخېلار، قارلۇقلار ۋە خوي خويلار دەپ ئاتىلاتتى، يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيەتكە قاتناشقان ئۇيغۇر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارىغان ھەمدە ئۇلار ئۈچۈن 1292 - يىلى يۇقىرىقى خانبالىق ( ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل دۇلۇن ) تا ۋە تۆۋەنكى خانبالىق تايدۇ ( ھازىرقى بېيجىڭ ) دا بىردىن ئۇيغۇر دورىخانىسى تەسىس قىلىپ بەرگەن، كېيىن تايدۇدىكىسى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ نامى گۇاڭخۇيسى ( كەڭ مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش مەھكىمىسى ) گە ئۆزگەرتىلگەن.
بۇ شىپاخانىدا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ خىزمەتلىرىگە تەيىنلەنگەن. ئۇيغۇر تىبابەتچى تاشقى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى نەزەر مەزكۇر مەھكىمىنىڭ دورىغاچىسى، يەنى باش باشقۇرغۇچىسى بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# يەھيا

يەھيا ( 13 — 14 - ئەسىرلەر ) ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشى، يۈەن سۇلالىسى كەسپىي مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان داڭلىق ئوقۇتقۇچى، مەشھۇر دوختۇر.

زورلۇق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىمپېراتورلۇقنى زورلۇق بىلەنلا ئىدارە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەنگەن موڭغۇللار ( بولۇپمۇ چاغاتاي، قۇبلەيخان ۋە ئۇلار ۋەكىللىكىدىكى موڭغۇللار) ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، دۆلەت باشقۇرۇش نىزامى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تۈرك ( ئۇيغۇر ) خەلقىنىڭ قانۇن - نىزاملىرى، مەدەنىيىتى ۋە مائارىپ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، كېڭەيتىپ قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى جىددىي ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان تالانتلىق ئوقۇتقۇچىلار، ئالىملار، زىيالىيلار، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ۋە يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەرگە قويدى. بۇ ھەقتە پروفېسسور مالوۋ مۇنداق دېگەن: « موڭغۇللار ئارىسىغا مەدەنىيەت تارقاتقان، ئۇلارغا ئۇستاز بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئوردىسىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلەر ئۇيغۇرلار ئىدى ... » ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن موڭغۇل ھاكىمىيىتى بەرپا قىلىنغانلىكى رايونلاردا يەرلىكلەردىن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلىنىپ موڭغۇللار تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان

مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئىشلىرى يۇكسىلىشكە باشلىغان.

خانبالىق (بېيجىڭ) نى پايتەخت قىلغان ھالدا يۈەن سۇلالىسى (1279 — 1368) نى قۇرۇپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئىدارە قىلغان چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى قۇبلەيخان تېخىمۇ شۇنداق قىلغان. ئۇنىڭ ۋەزىرى ھەسەن ئەيبار، چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش ۋەزىرى ۋە دېڭىزچىلىق ئالىمى يەكمىش، ئىلمىي مەسلىھەت ۋەزىرى چوپان سالى، بۇددا ئىشلىرى ۋەزىرى ساقى، گرېك، لاتىن... قاتارلىق كۆپ تىللارنى بىلىدىغان ئالىم ۋە خرىستىئان دىنى ۋەزىرى رەببانى، جەنۇبىي جۇڭگو ۋەزىرى ئۆمەر، باش ئادۋوكات ۋەزىرى بۇرۇل ئەيبار، ھەربىي سەركەردە چاغان تۆمۈر، كۆك تۆمۈرلەر؛ ئاسترونومىيە ئالىمى جامالىدىن. ئاتاقلىق ئەدىب يۇنۇس ھەبىيام، يېزا ئىگىلىك ئالىمى، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ پېشۋاسى تۆمۈر تۇبرۇك (لومىڭشەن)، تارىخچى سارابان، يانسارى، مەشھۇر كومپوزىتور مۇھەممەت چولپان، كۆپ تىللارنى پىششىق بىلىدىغان تىلشۇناس، تەرجىمان ئەلسارى، داڭلىق ئوقۇتقۇچى ۋە دوختۇر يەھيا... قاتارلىق ئۇيغۇرلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

يەھيانىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي، ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە تولۇق ماتېرىيال يوق. تارقاق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يەھيا كىچىكىدىن تارتىپلا ھەر خىل ئىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، خۇسۇسەن تىبابەت ئىلمىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. كۆپ ئۆگىنىش، كۆپ ئىزدىنىش ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھېكىملارنىڭ ئىلغار تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تىبابەتچىلىكتە ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق كىشىسىگە ئايلانغان. شۇڭا،

قوبلەيخان ئۇنى ئۆزىنىڭ باش دوختۇرلۇقىغا تەكلىپ قىلغان ۋە ئۆزى بىلەن دائىم بىرگە ئېلىپ يۈرۈپ، پايتەختنى خانبالىق (بېيجىڭ) غا يۆتكىگەندە، ئۇنىمۇ شۇ يەرگە ئەكەتكەن.

يەھيا خانبالىقتا تۇرۇش جەريانىدا يالغۇز ئوردا دوختۇرلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، يەنە مال دوختۇرلۇق كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىببىي مەكتەپ ئېچىپ ئۇيغۇر كەسپىي - تېخنىكا ماتارىيېنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە يۈەن سۇلالىسى كەسپىي - تېخنىكا ماتارىيېنىڭ يۈكسىلىشىگىمۇ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ئاچقان بۇ مەكتەپكە خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇغان. مەكتەپتە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى، ھەر خىل كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسى. مال دوختۇرلۇق، جىددىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەر خىل دورىلارنى ياساش قاتارلىق پەنلەر ۋە تېخنىكىلار ئۆگىتىلگەن. «جۇگېڭلۇ» ناملىق تىببىي ئەسەردە يەنە يەھيانىڭ ئىچمىتقۇ دورىسىنى كەشپ قىلىپ، سىچۈەن ئۆلكىسىدە پەيدا بولغان قورقۇنچلۇق ۋابا كېسىلىنى ساقايتقانلىقى تەزكىرە قىلىنغان. شۇ كىتابنىڭ 22 - تومىدا يەنە مۇنداق تەسۋىرىي پاكىتلار يېزىلغان:

رېن زىجاۋ دېگەن كىشى ئېيتىدۇ: «ئۆيگە قايتىۋاتسام قوشنامنىڭ ئوغلىنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىپ، نالە - پەرياد قىلىۋېتىپتۇ. بىر ئۇيغۇر تېۋىپ كېلىپ، يېنىدىكى ئۇستىرا بىلەن بالىنىڭ پېشانىسىنى يېرىپ، بىر كىچىك قۇرتنى ئېلىۋەتتى. ھېلىقى قۇرت قاتتىق، تاشتەك ئىدى. قۇرت بىرئاز ھەرىكەت قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ قالدى. بالىمۇ دەرھال ساقايدى».

يۇقىرىقى پاكىتلىق مىسالدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ

ئۇيغۇر تېۋىپ بەلكى يەھيا ( ئېھتىمالغا يېقىن ) ياكى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بولۇشى مۇمكىن . شۇنداق بولىدىغان بولسا بىز يەھيانىڭ تىبابەت ئىلمىدىكى تەجرىبىسىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ، خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش ، خەلقنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى تۆھپىسىنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز .

# نورۇزى ئاخۇن يەركەندى

نورۇزى ئاخۇن يەركەندى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىبابەت ھۆكۈماسى. بۇ كىشى توغرىلىق قولىمىزدا بىرەر يازما ماتېرىيال بولمىسىمۇ، ئەمماقەشقەر ۋە يەكەن يەرلىك خەلقلىرى ئېغىزلىرىدىن بۇ كىشى ھەققىدە نۇرغۇن داستان ۋە رىۋايەتلەرنى ئاڭلايمىز. قارىغاندا بۇ كىشى 14 ـ ئەسىردە مارالبېشى ناھىيىسىدە توغۇلغانلىقى، ياش ۋاقتىدا يەكەن، قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇغانلىقى ھەم تىبابەتتە داڭ چىقارغانلىقى، بولۇپمۇ تومۇر تۇتۇشتا ۋە يەرلىك چۆپ دورىلار بىلەن داۋالاشتا بەك ئۇستا ئادەم ئىكەنلىكى ۋە نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەنلىكى مەلۇم.

ھازىر بۇ كىشىنىڭ مەكىتى ـ خاڭدى ئارىلىقىدا قەبرىسى بولۇپ، بۇنى خەلق «ئاخۇنلۇقۇم مازىرى» دەپ زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

# موللا ئارىپ خوتەنى

مول مەزمۇنغا ئىگە قىممەتلىك مەخسۇس ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بولغان ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى موللا ئارىپ خوتەنى، هازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئىلچىدىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى لاسكۇي يېزىسىدا مىلادى 1564 - يىلى مەرپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، 91 يېشىدا ۋاپات بولغان. مازىرى ھېلىمۇ ھەم لاسكۇي يېزىسىنىڭ دۆڭ مەھەللىسىدە بولۇپ، « سەرداري ۋەلىي يۇللا مازىرى » دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىك خەلق ئۇنى جانلىق تىلدا « سەرگەن مازار » دەپمۇ ئاتايدۇ.

مەزكۇر ئالىم بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ 20 نەچچە ياشلىرىغىچە خوتەندە ئۆز ئاتىسى موللا سەلىم ئاخۇنۇمدىن ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئىلمى نەھۋى ( گراماتىكا ) ، ئىلمى سەرپ ( سىنتاكسىس ) ، ئىلمى تەجۋىد ( فونىتىكا ) ، ئىلمى فىقھى ( شەرىئەت ئىلمى ) ، ئىلمى تەفسىر ، ئىلمى ھەدىس ، ئىلمى مەنتىق ۋە ئىلمى تىب قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەنگەن. تىبابەت ئىلمىدە ھەرقايسى پەنلەرنى ئۆگىنىشكە ، بولۇپمۇ يەككە دورىلارنىڭ تەبىئىتى ، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى ؛ مۇرەككەپ دورىلارنىڭ لايىقلاشتۇرۇلۇشى ، ياسىلىشى ، يەنى داۋاسازلىق ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. ئالىم 28 ياشقا كىرگەندە بوۋىسى موللا ئالىم داموللا

ھەزرىتى ئۇنى تىبابەت ئىلمىدە تېخىمۇ يۇقىرى بىلىمگە ئېرىشسۇن دەپ ، ئەينى زامانىدا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇستاز ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ شاگىرتلىرىدىن دەپ قارالغان يەكەنلىك تىببىي ئالىم ئۇلۇغ بەگ يەركەندىنىڭ ھۇزۇرىغا تىبابەت ئىلمى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن . ئالىم بۇ پىر ئۇستازى ئالدىدا نەزەرىيە جەھەتتە ئۇيغۇر تىببىي ئالىمى ئوبۇلھەسەن قەرشىنىڭ مۇجىزىلقانۇنىنى ، كېسەللىك تەشخىسى ( دىئاگنوزى ) جەھەتتە شەرھى ئەسبابنى ، كېسەللىك داۋالاش جەھەتتە ئەلقانۇننىڭ ئۈچىنچى جىلدىنى ، تەزكىرە تۇل ئەنتاكى ۋە فىردەۋسۇلھېكمەت قاتارلىق كىتابلارنى ئۆگەنگەن ھەمدە تىبابەت ئىشخانىلىرى ۋە داۋاسازلىق كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ ، ئەمەلىي تىبابەت ساھەسىدە خېلى چېنىققان . كېيىن مەزكۇر پىرئۇستازىنىڭ ئەمرى بىلەن ھىندىستاننىڭ سەرھەندى دېگەن شەھىرىگە بېرىپ ، ھەيدەر ئەلىخان ساھىب دېگەن تىبابەت ئۇستازىنىڭ ھۇزۇرىدا يەنە ئۈچ يىل بىلىم ئاشۇرغان ، ئۇ يەردىن يەكەنگە قايتىپ كېلىپ ، بىر مەزگىل پىر ئۇستازىنىڭ خىزمىتىدە بولغاندىن كېيىن ، يۇرتى خوتەن لاسكۇيغا قايتىپ كېلىپ ، خوتەن خەلقىنىڭ ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ، ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقان . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىببىي ئالىمى موللا ئارىپ خوتەنى ئەينى يىللاردا كۆندىلىك ئىشلار تەرتىپىنى ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپ ، بىر تەرەپتىن ، چۈشتىن بۇرۇن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان بىمارلارنى بىر تەرەپ قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، چۈشتىن كېيىن شاگىرتلىرى ۋە تالىپلىرىغا دەرس ئۆتكەن ، يەنە بىر تەرەپتىن ، كەچلىرى قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ

پارسچە « گۇلدەستەئى ئافىيەت » ( ساغلاملىق گۇلدەستىسى ) ، چاغاتايچە « تۈركىي دەستۇرۇلئىلاج » ( تۈركچە داۋالاش قوللانمىسى ) ، پارسچە « مۇجەررەباتى ئارىق » ( ئارىپنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى ) ، ئەرەبچە « ئەسرارۇلئەبزى ۋەلبەۋلى ۋەلبىراز » ( تومۇرنىڭ ۋە چوڭ - كىچىك تەرەتنىڭ سىرلىرى ) ، پارسچە « مۇئالىجا تىل فۇقرائى ۋە ئەھلىل سەھرائى » ( كەمبەغەل ۋە سەھرالىق ئاجىزلارنى داۋالاش ) ، پارسچە « رىسالەئى فەسەد ۋە ھىجامەت » ( قان ئېلىش ، شەخەك قويۇش ھەققىدىكى رىسالە ) قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يازغان . بۇ ئۇلۇغ زات خوتەن دىيارى مىقياسىدىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن تارىم ۋادىسى دائىرىسىدىن كەلگەن نى - نى بىمارلارغا شىپالىق ئەتكەن ، نۇرغۇن شاگىرتلار يېتىشتۇرگەن ۋە يۇقىرىقىدەك نۇرغۇن بىباھا ئەسەرلەرنى يېزىپ ، داڭلىق تىببىي ئالىم بولۇپ تونۇلغان . ئالىمنىڭ بۇ تۆھپىلىرى ھازىرغا قەدەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىللاردا داستان ، دىللاردا ياد ئېتىلىپ كەلگەن .

بۇندىن بۇرۇن ، بىز پەقەت مەزكۇر ئۇلۇغ ئالىمنىڭ بىر - ئىككى ئەسىرى بارلىقىدىنلا ئاز - تولا خەۋەردار ئىدۇق . ئەمدىلىكتە بەزى دەسلەپكى ئىزدىنىشلار ئارقىلىق ، ئۇنىڭ ئاز دېگەندە بەش - ئالتە خىل ئاز تېپىلىدىغان مەخسۇس ئەسەرلىرى بارلىقىنى بىلدۇق . ئەپسۇسكى ، كۆپ قىسمىنى تېخى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدۇق . ئىشىنىمىزكى ، مەزكۇر گۆھەرلەر تېپىلسا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى ساھەسىدىكى نۇرغۇن بوشلۇقلار تولدۇرۇلۇپ ، غايەت زور ئىلمي كۈچنى نامايان قىلغۇسى .

# خۇدۇيۇمخان ھاجى غوجام

خۇدۇيۇمخان ھاجى غوجام 1567 ـ يىلى كۇچادا تۇغۇلغان . ئۇ يۇقىرى بىلىملىك ، خەلق ئىچىدە تونۇلغان ، ئۆززامانىسىدا كۇچا « ساقىيە » مەدرىسىدە بۇخارالىق ئەينىدىن مۇدەررىس بىنىنى جالالىدىنىدىن دەرس ئاڭلىغان ئالىم ۋە ھۆكۇما بولۇپ ، 1619 ـ يىلى تۈزۈلگەن 36 توملۇق كلاسسىك تىببىي ئەسەر « ئۇيغۇر دورا رېتسېپلىرى » دېگەن كىتابقا ئۇنىڭ قىممەتلىك ئىلمىي ئەمگىكى بولغان بىر يۈرۈش تىببىي مۇھاكىمىلىرى كىرگۈزۈلگەن . ئۇ ، 1658 ـ يىلى ۋاپات بولغان . لېكىن نەدە ۋاپات بولغانلىقى ھازىرچە نامەلۇم .

# خوجا قۇتلۇق بىننى مەنسۇر ئەللامى

خوجا قۇتلۇق بىننى مەنسۇر ئەللامى 1619 ـ يىلى كۇچادا تۇغۇلغان. ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا كۇچادىكى «ساقىيە» مەدرىسىدە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، كابولغا چىقىپ بەش يىل ئوقۇپ، داڭلىق ئالىم ۋە ھۆكۈما بولۇپ يېتىشكەن. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ياشاۋاتقان كەڭ زېمىننى ئايلىنىپ، تىبابەتچىلىككە دائىر نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبە ۋە ماتېرىياللارنى توپلىغان. بۇ جەرياندا ئۇ داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ بۇخارا، سەمەرقەند، ھىرات، دەمەشق قاتارلىق جايلاردا ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان. كېيىن، كابولدىكى ئانا مەكتىپىگە مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىنىپ دەرس ئۆتكەن ۋە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. كېيىن يۇرتى كۇچاغا قايتىپ كېلىپ، تىبابەتچىلىك ۋە شاگىرت تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۇچانىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. 1698 ـ يىلى خوجا قۇتلۇق بىننى مەنسۇر ئەللامىنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشىپ چىققان ھۆكۈما (تېۋىپ) لارنىڭ كۆسەن دىيارىدا قۇرغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئاپتېكىلىرى 228 گە يەتكەن. بۇ دەۋر كۆسەن دىيارىدىكى ئۇيغۇر تىبابەت دورىگەرلىكىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە جاھالەت دەۋرىدىن قېپقالغان «پەرىخونلۇق»، «دۇئاگۇيلۇق» قاتارلىق

خۇراپىي داۋالاش ئۇسۇللىرى زور دەرىجىدە ئازىيىپ، خەلقنىڭ ئىلمىي تىبابەت - دورىگەرلىككە بولغان تونۇشى ۋە ئىشەنچىسى زور دەرىجىدە ئۆسكەن. خوجاقۇتلۇق بىننى مەنسۇر ئەللامى 1720 - يىلى كۇچادا ۋاپات بولغان.

# مۇھەممەد مىراتبېك ئەلىبېك ئوغلى

مۇھەممەد مىراتبېك ئەلىبېك ئوغلى 17 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى. ئۇ، قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر تېۋىپ ـ ھۆكۈمالىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن.

مۇھەممەد مىراتبېك ئەلىبېك ئوغلى ئۆمۈر بويى تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېسەللەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولغاندىن باشقا، ھىجرىيىنىڭ 1150 ـ يىلى (مىلادى 1640 ـ يىلى) «ئەغزار تىببىي» (تىبابەتچىلىك مەقسەتلىرى) ناملىق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭدا يەرلىك دورا ئەشيالىرى ۋە ئاددىي چارىلار بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ كىتاب مۇھەممەد مىراتبېكنىڭ ئوغلى نەسرۇللا ئاخۇنۇمدىن باشلاپ، كىچىك نەۋرىسى سوپى ئاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە قەدەر بولغان بىرقانچە ئەۋلاد كىشىلەر تەرىپىدىن، ئاتا كەسپى 400 يىل مابەينىدە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىنگەن بۇ نەسەبنىڭ تىبابەتچىلىك تارىخىدىكى مۇھىم دەستۇرى بولۇپ قالغان.

# شىرىپ بىنىنى جامالىدىن ھاجى ئوغلى

شىرىپ، بىنىنى جامالىدىن ھاجى ئوغلى 1666 - يىلى كۇچادا تۇغۇلغان. ئۇ كۇچا «بىلقىيە» مەدرىسىدە، كېيىن بۇخارادا ئوقۇغان بىننى مەنسۇر ئەللامىدىنىدىن تىبابەتچىلىككە دائىر بىر يۈرۈش ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ، تۈرك تىلىدا «جىنسىيەت ھەققىدە تەلىمات ۋە داۋاسى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، ئوغلى مۇھەممەد بىننى شىرىپخان ھاجىغا قالدۇرغان. 1758 - يىلى 92 يېشىدا ۋاپات بولغان. خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان بۇ قىممەتلىك قول يازما مۇھەممەد بىننى شىرىپخان ھاجى ئوغۇللىرىدىن غوجرا موتوسۇپ ئاخۇنۇم، ئۇنىڭ ئوغلى توختى موتوسۇپ ئاخۇنۇم، ئۇنىڭ ئوغلى مەخمۇت مۇتىۋەللى ئاخۇنۇمنىڭ قولىدىن ئۆتۈپ 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تارىخچىسى يۈسۈپبېك مۇخلىسوپ ئارقىلىق شىنجاڭ مۇزېيىغا ئېلىپ كېتىلگەن، ھازىر ئۇ ئەسەر شۇ يەردە ساقلانماقتا.

# مۇھەممەد بىننى شېرپىخان ھاجى

مۇھەممەت بىننى شېرپىخان ھاجى 1698 - يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئاشقلا ( ھازىرقى ئىشخىلا ) يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن . ئۇ ، ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر كۆز دوختۇرى بولۇپ ، 1812 - يىلى 114 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇ بىر تەرەپتىن ، داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، كۇچا قىغدۇڭ جامەسى مەدرىسىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# قسۇرى

مـوللا ئەخـمـەت بـاقـى غـوجامنىياز ئوغلى قسۇرى ئۇيغۇر ئەدەبـىـيـاتـىـدا كـۆزگـە كـۆرۈنـگـەن شائىر ھەم مەشھۇر تېۋىپ، مائارىپچى.

ئۇ، 1717 ـ يـىـلـى پـىـچان ناھىيىسىنىڭ لۇكچۇن رايونى بـازار مـەدرىـسـى ئالدى مەھەللىدە مەرىپەتپەرۋەر تېۋىپ ئائىلىسىدە تـۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى موللا كىشى بولۇپ، قسۇرى ئاتىسىنىڭ قـولـىـدا ئوقـۇپ دەسـلـەپكى ساۋاتىنى چىقارغان. ئىلىم ـ پەنگە، جۈملىدىن تىبابەت، ئەدەبىياتقا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، لۇكچۇن ۋاگـلـىق مەدرىسىدە، كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ ئـلـىـم تـەھسـىل قىلغان. ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ئارقـىـلـىق ناۋايى قاتارلىق كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بـىـلـەن پـۇخـتا تونۇشۇپ، ئوقۇغان چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىـجادىـيـەتـكـە كىرىشكەن. تىبابەت ئىلمىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەن.

موللا ئەخمەت باقى قەشقەر مەدرىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كـېـيـىـن، لـۇكـچـۇن ۋاگلىق مەدرىسىدە باش مۇدەررىس ۋە ئەلەم ئاخـۇنـلـۇق ۋەزىـپـىسىگە تەيىنلەنگەن. كىچىكىدىن ئەمگەك سۆيەر شـائـىـر ئاخـۇنـلـۇقـتـىن كىرگەن كىرىمنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قـىـلـىـپ بەرگەن. تىبابەتچىلىك ۋە قوشۇمچە ھۈنەردىن كىرگەن تاپاۋەت بىلەن ئائىلىسىنى تەمىن ئەتكەن.

ئۇ ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان. ئۈچ پارچە ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ھەجىمدىكى «رەۋزەتۇل زوھرا» ناملىق داستاننى يېزىپ قالدۇرغان. «رەۋزەتۇل زوھرا» 3000 مىسرالىق بولۇپ، 1782 - يىلى يېزىلغان. ئۇنىڭدا پەندى - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى شېئىرلار، ئىبرەتلىك مەسەل ۋە ھېكايەتلەر، ئۆزىنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەزمۇنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى قاراشلار بار.

قىسۇرى 1827 - يىلى ۋاپات بولغان. پىچان ناھىيە ئويۇق رايونىنىڭ مازار ئالدى مەھەللىسىدە قەبرىسى بار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.

# ئوسمان بەگ ۋە مۇرات بەگ

ئوسمان بەگ ۋە مۇرات بەگ 18 ـ ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىبابەت ھۆكۈمالىرىدىن بولۇپ، بۇلار ئاكا ـ ئۇكا ئىدى.

ئوسمان بەگ ۋە مۇرات بەگ 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەن ۋىلايىتى كىرىيە ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇلار كېيىن تۈركىيىگە بېرىپ ئوقۇپ ھەر تەرەپتىن تولۇق بىلىم ئېلىپ، يەنى تىبابەتچىلىك ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتقان. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ھەمكارلىشىپ ئۇيغۇر تىبابەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، شارائىتى سىنىقىدىن ئۆتكەن ( ساقلىق شەرتلىرى ) ۋە « تەجرىباتى تىببى » دېگەن ئەسەرنى تۈركچە يېزىپ چىققان. بۇ كىتابلار قازاندا باستۇرۇلغان. ئوسمان بەگ خوتەندە ئۇزاق مۇددەت تېۋىپلىق ۋە دورىگەرلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن دۆلەت يار دېگەن كىشى خوتەننىڭ مەشھۇر تېۋىپ دورىگىرى بولۇپ، شەھەر ئىچىدە بىرنەچچە جايدا دورا ـ دەرمەك دۇكىنى بار ئىدى. ھازىر بۇ كىشىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرنەچچە نەپەر نەۋرە ـ چەۋرىلىرى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ پىشقەدەم تېۋىپلىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

# قۇتبىدىنشاھ

ھۆسەيىنخان ( تەجەللى ) نىڭ دادىسى ، ئۇيغۇر ئىسلام دىنى ئالىمى ، ئاتاقلىق تېۋىپ ھەم شائىر قۇتبىدىنشاھ مىلادى 1760 - يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ساپال كوچىسىدا ① شائىر ھەم ئاتاقلىق تېۋىپ ئەكبەر شاھنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئاتىسىدىن تەلىم ئالغان ، مەلۇم دەرىجىدە سەۋىيىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ، ئاتىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىسىرغا بېرىپ ئىلمىي نۇجۇم ۋە تىبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن . كېيىن ئەرەبىستانغا بېرىپ دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ، ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ، ئۆز يۇرتى يەكەنگە قايتىپ كەلگەن .

قۇتبىدىنشاھ ئەينى دەۋرلەردە ئەرەب ، پارس تىللىرىدا ئوقۇتۇلىدىغان ئىلىملەر بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ۋە تىببىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ بۇ جەرياندا تەكلىپ بىلەن پاكىستان ، ھىندىستان ، ئافغانىستان ، ئىران ، ئىراق ، ھىندونېزىيە ، بۇلغارىيە قاتارلىق 40 نەچچە دۆلەتكە بېرىپ كېسەل داۋالىغان .

ئۇ ، ئانا يۇرتى يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بىر تەرەپتىن كېسەل داۋالىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، قولىغا قەلەم ئېلىپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن . ئۇ ، يەكەندە بىر مەزگىل يۈرۈپ ، كېيىن قاغىلىقنىڭ كاسكى يېزىسىغا ، ئاندىن زۇڭلاڭ يېزىسى ئاچما مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەتكەن . 1852 - يىلى قەشقەر خانلىق ئوردىسىغا مەسلىھەتچى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن . ئۇ بۇ جايغا كېلىپ

① ساپال كوچا يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى كونا بازىرىغا توغرا كېلىدۇ .

ئۆزاق ئۆتمەيلا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەردە هۆكۈمرانلارغا قارشى دېهقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن. قۇتبىدىنشاه بۇ قوزغىلاڭغا مەخپىي هالدا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرى تەبىقىلەر بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋەتكەن.

قۇتبىدىنشاه توققۇز يېشىدىن باشلاپلا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن بولۇپ، هازىرغىچە بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان چوڭراق هەجىمدىكى شېئىرىي ئەسىرى «رىسالىھى ئىرشادوسسالىكىن» ۋە «ساقىنامە» بولۇپ، ئىككى ئەسەر① بىر توپلام قىلىپ تۈپلەنگەن. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ باش ـ ئاخىرى تولۇق بولۇپ، ئەرەب ۋە پارس تىلىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان (بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن قەغىزىگەمىلادى 1772 ـ يىلى 〈هىجرىيە 1193 ـ يىلى〉 يەكەننىڭ ساپال كوچىسىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان). ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا قۇتبىدىنشاه ئۆز ئىمزاسى ئارقىلىق بۇ توغرىدا ئىزاهات بەرگەن. قۇتبىدىنشاهنىڭ ئۇندىن باشقا «سەپەرنامە»، «هىبىل بەهىر»، «شېرىكنامە پەلەك» قاتارلىق مەشهۇر قول يازمىلىرى بولۇپ، بۇ كىتابلار كېيىنكى چاغلاردا هەسەتخورلارنىڭ سۇيىقەستى بىلەن تەجەللى كۇتۇپخانىسىغا ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكەن. قۇتبىدىنشاه 1866 ـ يىلى 106 يېشىدا قاغىلىق ناهىيە زۇڭلاڭ يېزىسىنىڭ دۆڭچاقار مەهەللىسىدە ۋاپات بولغان (قەبرىسى هازىرمۇ بار).

---

① بۇ ئىككى ئەسەر گۇما ناهىيە قوشتاغ يېزىسىدىكى تەجەللىنىڭ نەۋرىسى سىيىت قۇتبىدىنخانىنىڭ ئۆيىدە ساقلاقلىق.

# زورىخان

داڭلىق ئەمچى زورىخان 1780 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر بەشكېرەم بەگلىكىنىڭ چۇمبۇس كەنتىدە ئىمىن ئاخۇن ئىسىملىك بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. زورىخان بالاغەتكە يەتكەندە ئانىسى پاتەمخان ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ. ئىمىن ئاخۇن ھاللىق ئادەم بولغاچقا، ئايالىنى داڭلىق تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ كۆپ داۋالىتىدۇ. بۇ خىل داۋالاش ئون نەچچە يىل داۋاملىشىدۇ. زورىخان ئانىسىنىڭ يېنىدا ئۇزاق يىل بىرگە تۇرۇپ، تېۋىپلارنىڭ ئانىسىنى داۋالاش ئىشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ زېھنىگە ئېلىۋالىدۇ. كېيىنچە ئۇ ئانىسىغا ئۆزى شىپا قىلىدۇ. ئاخىر پاتەمخان سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلدىن ساقىيىدۇ. بۇ ئىش يۇرت ئىچىدە زورىخاننى كېسەل داۋالىيالايدىكەن دېگەن ئاتاققا ئىگە قىلىدۇ ھەم ھەر خىل كېسەل ئاياللار ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ. كېسەللەرنىڭ ھال - ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىغان زورىخان چامىنىڭ يېتىشىچە ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ بىمارلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا تۇتۇنۇپ كۆرىدۇ. بەزى كېسەللەر زورىخاننىڭ داۋالىشى سەۋەبلىك ساقىيىپ قالىدۇ.

زورىخان ئاياللارنىڭ پەسىلگە قاراپ مۇۋاپىق كىيىنىشى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالدىغان بىر تەرەپ دەپ قارىغان. ئۇ، كېسەل ئاياللارنىڭ قىش، كەچكۈز، باش ئەتىياز ۋە جۇدۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap

بولغان كۈنلەردە ئىسسىق كىيىنىشنى ، بولۇپمۇ پۇت ، بەل ۋە باشنى ئىسسىق ساقلاشنى ئالاھىدە تاپىلىغان . ھەرقانداق كۈندە كەچتە سىرتقا چىققاندا باشقا بىر نەرسە كىيىش ، چاپانغا چۈمكىنىپ چىقىش لازىم دەپ قارىغان . دېمەك ، ئاياللارنىڭ كۆپ كېسەللىكلىرىنى تاسادىپىي تەگكەن سوغۇق شامالدىن بولىدۇ ، دەپ قاراپ ، بۇنداق بىمارلارنى تەرلىتىش ، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇۋۇلاپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالىغان .

زورىخان يەنە ئاياللار ئاجىز ، قورقۇنچاق ، ئېھتىياتچان كېلىدۇ ، ئۇلار كەچلىرى سىرتلارغا چىقسا ئاسانلا سۇر بېسىپ ، قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ . بۇ روھىي كەيپىياتىغا تەسىر قىلىپ ، يۈرەك كېسەللىكى ، نېرۋا كېسەللىكى ۋە بىئارام بولۇش ، تۇتقاقلىق كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار قىلىدۇ ، بەزىدە قورساقتىكى ھامىلىنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىدۇ ، دەپ قارىغان . مۇبادا مۇنداق كېسەللەر ئۇچرىسا ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇش ، كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىش ، ئارام تاپقۇزۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالاشنى يولغا قويغان .

زورىخاننىڭ كېسەل داۋالاشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ، كۆپ كېسەللەرنى دورا يېگۈزمەي پەرھىز ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالىغان .

زورىخان تېۋىپلىق بىلەن 50 يىل شۇغۇللانغان . ئۇنىڭ نامى يىراق - يىراقلارغا تارقالغان . زورىخان 1850 - يىللىرى ۋاپات بولغان .

# دانىش شاھ ھاجى

دانىش شاھ ھاجى 1789 ـ يىلى قەشقەر سەمەندە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە كونا مەكتەپتە ئوقۇپ ، خەت ساۋاتىنى چىقارغان ۋە دىنىي تەلىم ئالغان . 1809 ـ يىلىدىن 1814 ـ يىلغىچە قەشقەر شەھىرىدىكى مەدرىسىنادا تىبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن ئەرەب ۋە پارس تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەنگەن ، 1834 ـ يىلىدىن 1844 ـ يىلغىچە قەشقەردە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ، 1844 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىقىپ ، 1908 ـ يىلى 120 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكۈچە بولغان ئارىلىقتا تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان . ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە دانىش شاھ ھاجىنىڭ زامانداشلىرىدىن مامۇت ئاخۇنۇم ۋە خىرلاي قاتارلىق تېۋىپ ، دورىگەرلەر ئۆتكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# خوجا رەھىم ئاخۇنۇم

خوجارەھىم ئاخۇنۇم ( تەخمىنەن 18 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان ) خوتەنلىك ، ئۇيغۇر تىبابىتى رېتسېپتور ئالىمى بولۇپ ، كىچىك چاغلىرىدا خوتەندىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئانا تىلى ۋە ئەرەب ، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن . ياش چاغلىرىدا ئىلمى فىقھى ۋە ئىلمى تىب كەسپلىرىنى شۇ مەدرىسلەردە زور ئىجتىھات بىلەن ئوقۇغان ھەمدە ئاخۇنۇملۇق دەرىجىسىگە يەتكەن . باشقىلاردىن ئۆزگىچە ھالدا خوتەن دىيارىدىن چىقىدىغان دورىلار بىلەن كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، خەلق ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغان .

1837 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ، خوتەننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان دورا ۋە دورا نۇسخىلىرىنى توپلاپ ، چاغاتاي تىلىدا « تىببىي چوڭ » دېگەن چوڭ قارابادىن كىتابىنى يېزىپ چىققان . بىزنى يەرلىك دورا ۋە دورا نۇسخىلىرىنى قېزىشتا بىباھا مەنبە بىلەن تەمىنلىگەن .

# موللا يۈسۈپ يەركەندى

موللا يۈسۈپ يەركەندى ( تەخمىنەن 18 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان ) ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ مەشھۇر ئالىمى بولۇپ ، يەكەن شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن . كىچىك چاغلىرىدا يەكەندىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئانا تىلى ۋە ئەرەب - پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن . ياش چاغلىرىدا شۇ مەدرىسلەردە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك كەسپىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ يەكەن خەلقى ئارىسىدا ئابروي قازانغان . 1887 - يىلى ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا دائىر مول تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چاغاتاي تىلىدا « تىرىقۇل ئىلاج » ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يازغان . ئۇنىڭدا ئاساسلىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش ، داۋالاش پرىنسىپلىرى ۋە ھەر خىل ئىچكى - تاشقى كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇللار ۋە دورا ھەم دورا نۇسخىلىرى تونۇشتۇرۇلغان . بۇ تۈركىي نۇسخىدىكى مەشھۇر ئەسەرنى ھازىرقى زامان تېۋىپلىرى ھازىرمۇ ھەم ناھايىتى قەدىرلەپ ئوقۇيدۇ .

www.uyghurkitap

# مەۋلانە سەيىق ئەللامە يەركەندى

مەۋلانە سەيىق ئەللامە يەركەندى ( تەخمىنەن 18 - ئەسىرلەردە ياشىغان ) ئۇيغۇر تىبابىتى ئالىمى بولۇپ، يەكەندە تۇغۇلغان. ئۆسمۈر چاغلىرىدا يەكەندىكى مەشھۇر مەدرىسلەردە ئانا تىلى ۋە ئەرەب - پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ھەم بۇ مەدرىسلەرنىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك كەسپىدە تىرىشىپ بىلىم تەھسىل قىلغان. كېيىن، ھىندىستانغا چىقىپ بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدەنگەن ۋە « مەۋلانە » دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىغا كۆپ تۆھپىلەرنى قوشۇپ، شۆھرەت قازانغان. مول ئىلمىي نەزەرىيىلىرى ۋە ئۇزاق يىللىق داۋالاش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، 1780 - يىلى تۈركچە ( چاغاتايچە ) « مۇفەرھىلقۇلۇپ » دېگەن شانلىق ئەسەرنى يازغان. يېقىنقى زامان تېۋىپلىرىمىز ھېلىمۇ ھەم بۇ ئەسەرنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئوقۇپ كەلمەكتە.

# سەئىد مۇختار بۇلاقبەك

سەئىد مۇختار بۇلاقبەك ( تەخمىنەن 18 ـ ئەسىردە ياشىغان ) مەشھۇر ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى بولۇپ ، قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن . كىچىك چاغلىرىدا قەشقەردىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئانا تىلى ۋە ئەرەب ، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن . ياش چاغلىرىدا شۇ مەدرىسلەرنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت كەسپىدە ئوقۇغان . ھەر خىل ئىلىملەرنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن ، ئۆز يۇرتىدا خەلقنىڭ ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، كېسەل داۋالاپ زور ئابرويغا ئىگە بولغان . 1835 ـ يىلى ئۇزاق يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ، چاغاتايچە « تىببىي شىفا » دېگەن داڭلىق ئەسەرنى يازغان . بۇ مەشھۇر ئەسەردە ئۇيغۇر تىبابەت نەزەرىيە ئاساسلىرى ، ھەرقايسى بۆلۈملەر كېسەللىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئۇسۇللىرى ، تەجرىبىدىن ئۆتكەن مۇجەررەپ نۇسخىلىرى ۋە مەخپىي نۇسخىلىرى خاتىرىلەنگەن .

# مۇھەممەت رەھىم شاھ بوۋا

مۇھەممەت رەھىم شاھ بوۋا ( ؟ — 1856 - يىلى ) ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئاتاقلىق ھېيزى - سەھەت ئالىمى. ئۇ، خوتەن شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۆسمۈر چاغلىرىدا خوتەندىكى مەدرىسىلەردە ئانا تىلى ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ياشلىق چېغىدا مەدرىسىلەردىكى ئۇيغۇر تىبابەت كەسپىدە قېتىرقىنىپ بىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. گەرچە بەگلىك ئىمتىيازلىرىغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمەلىي دوست، تۇتماي، ئاجىز - ئورۇق، يېتىم - يېسىرلەرگە، پېقىر خەلقلەرگە خەيرى - ساخاۋەت، مېھىر - شەپقەت قىلغان. ھېيزى - سەھەت ئىشلىرىغا ئوبدان رىئايە قىلىدىغان ئۆلىما بولغاچقا، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن. خەلق ئۇنى ئىززەتلەپ مۇھەممەت رەھىم شاھ بوۋا دەپ ئاتىغان. مەزكۇر ئالىم ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، 1830 - يىلى چاغاتاي يېزىقىدا « مەنبەئىي قوۋايى » ( ساغلاملىقنىڭ مەنبەسى ) دېگەن 600 بەتلىك چوڭ ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

# بەدىردىن سوپى ئاخۇنۇم

بەدىردىن سوپى ئاخۇنۇم 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان مەشھۇر تىبابەت ئالىمى .

ئۇ ، قەشقەر شەھرىدىن بولۇپ ، ئۆزىگە زاماندىش ھەيدەر ئاخۇن ، قاسىم ئۆمەر ھاجى ، غوجا ئابدۇللاخان ، غوجا قادىر ھاجى قاتارلىق تىبابەت ئىلمىنىڭ مەشھۇر پېشۋالىرى ئارىسىدا تىبابەت ھۆكۈمالىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان . زامانىۋى دوختۇرخانىلار ۋە زامانىۋى دوختۇرلۇق سايمانلىرى بولمىغان شارائىتتا ،ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن خەلقنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ، ئۆز خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش يولىدا ، زور تۆھپە قوشقان . قۇشلارنىڭ ئورگانىزمى ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىلەن تەييارلانغان دورىلار بىلەن سان ـ ساناقسىز ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتقان .

ئۇ ، ئىلمىي نۇجۇم ( ئاسترونومىيە ) ساھەسىدىمۇ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان . كېسەل كىشىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن بىرى بولغان . بۇ توغرىدا جەمئىيەتكە تارقالغان بىرمۇنچە ھېكايىلەر ، ئالىمنىڭ ئۇنتۇلماس خاتىرىسى بىلەن بىللە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ ۋە ئېيتىلىپ كەلمەكتە .

# جامالىدىن ئاقسارايى

جامالىدىن ئاقسارايى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى . ئۇ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي كەنتىدە تۇغۇلغان . باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە چىقارغاندىن كېيىن ، خوتەن مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئەرەب ، پارس ، ئوردۇ تىللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىن باشقا ئەدەبىيات ، ئىلمىي نۇجۇم ، تىبابەت ، دىن ، شەرىئەت ئىلمى قاتارلىق ساھەلەردە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىسى بولۇپ يېتىشكەن . بولۇپمۇ ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولۇپ ، يەرلىك تېۋىپلارنىڭ كېسەل كۆرۈش ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىپ ، ئۇنى ئىلمىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن ھالدا داۋالاش رېتسېپلىرىنى تۈزگەن . ھەر خىل شىپالىق دورىلارنى ياسىغان . يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن بىمارلارنى ساقايتىش بىلەن بىرگە ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان .

جامالىدىن ئاقسارايى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىنى توپلاش ، تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە داۋالاش ئەمەلىيىتىدىن ھاسىل قىلغان تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا « كىتابى تىب ئاقسارايى » ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان . ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن ـ قائىدىلىرى ، كېسەل كۆرۈش ـ داۋالاش

ئۇسۇللىرى، شىپالىق دورىلارنى ياساش، ئىشلىتىش ئۆلچەملىرى، دورىگەرلىك سايمانلىرى ۋە دورا مەنبەلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

ئالىمنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسىرى 1899 - يىلى ھىندىستاننىڭ لاكنۇ شەھىرىدە نەشر قىلىنغان ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا قەدەر ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدىكى ئىسلام تىبابىتى دارىلفۇنۇنىدا رەسمىي دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلۈپ كەلگەن.

جامالىدىن ئاقسارايى تىبابەتچىلىك ئىلمى ساھەسىدە خەلقئاراغا يۈزلەنگەن، مۆتىۋەر ئالىم سۈپىتىدە مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئالىمنىڭ «كىتابى تىب ئاقسارايى» ناملىق ئەسىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇلۇۋاتىدۇ.

# جامالىدىن مەۋلىۋى داموللا ھاجى

جامالىدىن مەۋلىۋى داموللا ھاجى 1817 - يىلى كۇچا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كۇچا «ساقىيە» مەدرىسىدە، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە، كېيىن ھىندىستاننىڭ دىيۇبەندە سەككىز يىل ئوقۇغان مەشھۇر ئالىم ۋە ھۆكۈما ئىدى. ئۇ، كۇچا ئاق بۇرۇت بۇغراخان مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ، كۇچا دىيارىدا كۆپلىگەن دىنىي ئالىم ۋە قولى شىپالىق ھۆكۈمالارنى يېتىشتۈرگەن. ئۇ يازغان «ئاب ۋە ئاتەشنىڭ كېسەل داۋالاش قائىدە - قانۇنلىرى» دېگەن ئەسىرى (قول يازما) خەلقىمىز ئىچىدە ساقلانماقتا. ئۇ، 1902 - يىلى كۇچادا ۋاپات بولغان.



# ئابدۇراخمان ئاخۇن دانىش ھاجى ئوغلى

ئابدۇراخمان ئاخۇن دانىش ھاجى ئوغلى 1840 ـ يىلى تېۋىپ دانىش شاھ ھاجى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئۈرۈمچىدىكى كونا مەكتەپتە خەت ساۋاتىنى چىقارغان ۋە دىنىي تەلىم ئالغان ، كېيىن دانىش شاھ ھاجىغا ئەگىشىپ تىبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن . 1865 ـ يىلدىن باشلاپ دادىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كېسەل داۋالاش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان .

1961 ـ يىلى 121 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۈرۈمچىدە تېۋىپ ئابدۇراخمان ئاخۇننىڭ زامانداشلىرىدىن يەنە قادىر ئاخۇن ، ئەمەت شاگىيۇ ، مەگلىك ئۇستا ، روزى موللا ، سەمەت ئۇستا ، سەيپۇل قارىم ، سەلەر ئاخۇنۇم ۋە سىيىت ئاخۇن قاتارلىق تېۋىپ ، دورىگەرلەر ئۆتكەن .

# گۈلجىمىلىخان

گۈلجىمىلىخان داڭلىق تېۋىپ، 1840 ـ يىلى قەشقەر بەشكېرەم بەگلىكىنىڭ بۇچى كەنتىدە سىدىق ئاخۇن ئىسىملىك بىر ئۇقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىلا زېرەك، ئۆتكۈر بالا بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئۆيىدە ئىپتىدائىي ساۋات بىلەن تەربىيىلىگەن، توققۇز ياشقا توشقاندا كەنتتىكى قەمبەرخان دېگەن بۇۋى ۋە تېۋىپ ئايالنىڭ تەربىيىلىشىگە بەرگەن.

گۈلجىمىلىخان 14 ياشقا كىرگەندە قەمبەرخان 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇنىڭ بىلەن گۈلجىمىلىخان ئائىلىسىگە قايتىپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە ئاياللارنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشى، يۇرتتا تېۋىپلارنىڭ قىس بولۇشى ۋە ئاياللارنىڭ ئەر تېۋىپلارغا كۆرۈنۈشىنىڭ ئىمەيلىكى تۈپەيلىدىن، گۈلجىمىلىخان تەدرىجىي ئائىلىدە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئاياللارغا خاس كېسەل داۋالاش، يەرلىك ئۇسۇلدا دورا تەييارلاش، بىمارلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ماسلىشىپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، گىرىم بۇيۇملىرى بىلەن كېسەل داۋالاش، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇش قاتارلىق ساھالەردىكى ئىشلىرى كىشىلەر ئارىسىدا بەلگىلىك ئابرويغا ئېرىشكەن. يۇرتداشلار ئۇنى « تىلى شىپا تېۋىپ » دەپ تەرىپلەشكەن. ئۇ، 1910 ـ يىلى ئۆز

يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. گۈلجەمىلەخاننىڭ تېۋىپلىق ماھارىتى ئالاھىدە بولغاچقا، ئۇنىڭغا كېسەل كۆرسەتكىلى كېلىدىغانلار ۋە ئۇنىڭ قولىدا شىپا تاپقان بىمارلار ناھايىتى كۆپ بولغان.

كونا جەمئىيەتتە ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ كېسىلىنى بەك يوشۇرۇن تۇتقان. شۇڭا، تېۋىپقا كۆرۈنۈشتىمۇ كۆندۈزلىرى بارالماي، كەچلىرى بېرىپ داۋالانغان. شۇڭا، ئايال تېۋىپلارنى ئەرلەر دېگەندەك كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنىڭ كېسەل داۋالىشىغا ئىشەنمىگەن. ئۇلارنى داخان، پېرىخۇن دەپ ئاتىغان. گۈلجەمىلەخان ياش چاغلىرىدا ئېغىر ئىجتىمائىي بېسىم ئاستىدا تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللىنالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئېرىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتكۈچە كېسەلنى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە مەخپىي كۆرگەن، شۇنداقلا ئۇزاق يىللارغىچە يۇرتتىكى ئەرلەردىن يوشۇرۇن تۇتقان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «شىپائىي خاتۇن» ناملىق تىببىي رىسالە يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى خاتىرىلەپ قويغاندىن باشقا، بۇ كىتابنىڭ ئىز - دېرىكى يوقالغان.

# دەرۋىش ناسىر

دەرۋىش ناسىر 1847 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيىسىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. يەتتە يېشىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، سودا كارۋانلىرىغا ئەگىشىپ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسىگە بارغان. شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق بىر خەنزۇ تېۋىپ بۇ بالىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، كارۋانلارنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئۆز ئۆيىدە تەربىيىلەشكە ئېلىپ قالغان. تېۋىپ ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، شۇ بازاردىكى بىر مەكتەپتە ئوقۇتقان. دەرۋىش كۈندۈزى مەكتەپتە ئوقۇسا، ئاخشىمى تېۋىپ دادىسى ئۇنىڭغا تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەتكەن، يەنى چېچەك سۈيىنى تەييارلاش، كۆپەيتىش ۋە چېچەك ئەملەش ئۇسۇلىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىتىپ قويغان. تەتىل ۋە بوش ۋاقىتلىرىدا چېچەك چىققان بىمارلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ، ئەمەلىي داۋالاش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن. دەرۋىش باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇش بىلەن بىللە، تىبابەتچىلىك ئىلمىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن. 1868 ـ يىلى دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغان ۋە ئىمتىھاندا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، 1869 ـ يىلى غەربىي يۇرتتىكى قارا شەھەر دوتەي مەھكىمىسىگە خىزمەتكە تەيىنلەپ ئەۋەتىلگەن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتى

مارالبېشىغا بېرىپ ئىشلەش ئارزۇسى بىلەن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ بۇگۇرگە كەلگەندە، بۇگۇرنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، قوشتۇگمەن مەھەللىسىدە ئۆي - ئوچاقلىق بولغان.

1890 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇگۇردە ياۋا چېچەك پەيدا بولۇپ، ياۋا چېچەك چىققان باللارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلۈپ كەتكەن. پەقەت 1894 - يىلى ئەتىياز پەسلىدىلا ياۋا چېچەك، قىزىل قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىك بىلەن 100 دىن ئارتۇق بالا هاياتىدىن ئايرىلغان. بۇ ۋاقىتتا دەرۋىش ناسىر ئۆزى ئۆگەنگەن چېچەك ئەملەش ئۇسۇلى بويىچە ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە بازار ئىچى ۋە قوشتۇگمەن مەھەللىسىدە ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ باللارغا چېچەك ئەملىگەن. بۇنىڭ بىلەن دەرۋىش ناسىر خەلق ئارىسىدا تونۇلۇپ، «دەرۋىش موللا» دەپ ئاتالغان.

دەرۋىش موللىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئاڭلىغان يامۇل ئەمەلدارلىرى دەرۋىش موللىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن، ئۇلار كاتتا تۇگچى (تىلماچ) نى بايقىماي يۈرۈپتۇق دەپ، ئۇنى يامۇلغا تىلماچلىققا ئورۇنلاشتۇرغان. دەرۋىش موللا تاكى 1907 - يىلغىچە يامۇلدا تىلماچلىق قىلغان. لېكىن بۇ مەزگىللەردە چېچەك ئەملەشنى توختىتىپ قويماي، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان. ئۇ، 1937 - يىلى بۇگۇر ناھىيىسىدە 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

www.uyghurkitap

# ئىمىن ھاجى

ئىمىن ھاجى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى داشقاللىق كوچا مەھەللىسىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپ ئەمەت مۇپتاخۇنۇمنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، 1850 - يىللىرى يېڭىسار ناھىيە بازار ئىچىدە تۇغۇلغان. ئەمەت مۇپتاخۇنۇم نەۋرىسى ئىمىن ھاجىنى كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ئىزىنى بېسىپ قېلىشى ئۈچۈن ئىزچىل تەربىيىلىگەن. ئىمىن ھاجى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىشكە ۋە داۋالاش ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان.

ئىمىن ھاجى يېڭىساردىكى كەڭ ئاممىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ داۋالاش رېتسىپلىرى ئوغلى ئابدۇلھەي مەخسۇم قولىدا ساقلانماقتا. ئۇ، 1962 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

# مېھمانشاھ غوجى

مېھمانشاھ غوجى 1850 ـ يىللىرى يېڭىسار ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ، 1920 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش جەھەتلەردە زور رول ئويناپ، يېڭىسار ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان.

ئۇ، چېچەك چېكىشتە، مەخسۇس تەييارلانغان يىپنى چېچەك سۈيىگە چىلاپ قويۇپ، چېچەك چېكىدىغان ۋاقىتتا شۇ يىپنى ئوغۇل بالىلارنىڭ ئوڭ قول، قىز بالىلارنىڭ سول قول باش بارمىقىنىڭ تۆۋەنكى ئۈچ قىسمى تېرىسىنىڭ لەپتىن يىڭنە بىلەن تېشىپ ئۆتكۈزۈپ، چېچەك سۈيىنى يىپ ئارقىلىق بەدەنگە تەسىر قىلدۇرۇپ ئىممۇنىتېتلىغان. بۇ ناھىيىنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ بازارلىرىدىكى كىشىلەر ھەر يىلى 3 ـ، 4 ـ ئايلاردىكى چېچەك چېكىدىغان مەزگىلدە 3 — 4 ياشلىق بالىلىرىنى ئەپكېلىپ چېچەك چەكتۈرگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە، مېھمانشاھ غوجى چېچەك چېكىش تېخنىكىسىنى ئوغلى ئابلىراخۇن غوجىغا ئۆگەتكەن. ئابلىراخۇن غوجى چېچەك چېكىش تېخنىكىسىنى 50 يىلغا يېقىن داۋاملاشتۇرغان.

# ھۆسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى

مەشھۇر ئالىم، ئاتاقلىق شائىر، داڭلىق تېۋىپ، مائارىپچى ۋە خىمىك ھۆسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى ھەزرەتلىرى مىلادى 1856 ـ يىلى① خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسى② زۇڭلاڭ يېزا ئايكەن كەنتىدىكى دىنىي ئالىم، ماھىر تېۋىپ قۇتبىددىن شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى مەككىگە ئېلىپ بارغان ۋە باشلانغۇچ مەلۇماتنى مەككىدە ئالغان. قۇتبىددىن شاھ پەرزەنتىنى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىپ ئىمتىھانغا قاتناشتۇرغان. ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، دېھلى شەھىرىدىكى «دېھلى دارىلئۇلۇم» مەدرىسىدە، ئاندىن ئىراننىڭ «ئىسپاھان دارىلفۇنۇنى» دا، كېيىن ئافغانىستاننىڭ «كابۇل دارىلفۇنۇنى» دا ئوقۇتقان. تەجەللى ئوقۇش جەريانىدا خىمىيە، تىبابەت، ئىلمىي نۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، يۇقىرى ماھارەت ۋە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈپلا قالماستىن، ئەرەب، پارس، ئوردۇ ۋە ھىندى تىللىرىنىمۇ مۇكەممەل

---

① ئالىمنىڭ تۇغۇلغان ـ ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار. بۇ يىلنامە «نەسەبنامە» دىن ئېلىندى.

② ئۇ مەزگىللەردە قاغىلىق خوتەنگە تەۋە ئىدى.

ئۆگەنگەن. بۇلاردىن تاشقىرى دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشقان، ئاشۇ ساھەدىكى پېشۋالارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەلۇم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ نەتىجىلىرى بىلەن «مەۋلىۋى»① لىككە ئېرىشىپ، مەدرىسىنى تاماملىغان تەجەللى مەككە، مەدىنە، دېھلى، كابۇل، تېھران، ئىستامبۇل، ھەتتاكى روسىيىدىكى بەزى شەھەرلەرگىچە بېرىپ، خېلى بىر مەزگىللەرگىچە ساياھەت ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن تۇرۇپ قالغان. تەجەللى ھەج ۋە ئۇقۇشنى تۈگىتىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەكەن، قەشقەر، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق جايلاردا مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. خىمىيە ئىلمى بويىچىمۇ تەجرىبە تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى تىبابەتچىلىك بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان. تىبابەتچىلىك، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېسەللەرنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولۇپ، يوقسۇللارنى داۋالىغاندا ھەق ئالمىغان ياكى ئاز ھەق ئالغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ تىببىي ماھارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرنى، جۈملىدىن يۈرەك كېسىلى، ئۆپكە ۋە سىل كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاپلا قالماي، بەلكى راك (سەرتان) كېسىلىنىمۇ ئىلان گۆشى (زەھىرى) بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا داۋالاپ ساقايتقان.

① ئەينى چاغدا ھىندىستاندا ئوقۇغانلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان.

تەجەللى يەرلىك ئوت - چۆپ دورىلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ كېسەل كىشىلەرنى كۆپىنچە ئاددىي دورىلار بىلەن داۋالاپ ساقايتقان. دورىگەرلىك جەھەتتە قەدىمكى تىببىي كىتابلاردىكى نۇقتىلار ۋە ئۆزى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ چىققان نۇسخىلار ئاساسىدا تەرياك، ھەببى زوفا، ھەببى جەۋھىرى، ھەببى ئازارىقى ( سترخنىن كومۇلىسى )، پولات كۇشتىسى، سىماب كۇشتىسى، پۈتۈن بەدەننى كۆچلەندۈرىدىغان ھالۋايى بىزە قاتارلىق ئېسىل دورىلارنى ئىجاد ۋە ئىختىرا قىلىپ خەلقنى داۋالاپ كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان.

تەجەللى 7000 خىل دورىنىڭ ئىسمىنى بىلگەن، 5000 خىل دورا ياسىيالىغان ھەمدە « تەجەللى نۇسخىلىرى »ناملىق قول يازما كىتابىنى قالدۇرۇپ كەتكەندىن باشقا، نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ ۋارىس قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى خەلقىمىزنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان. خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ 125 ياشلىق مۇدىر ۋراچى مەرھۇم تۇردى ھاجى ( مەزكۇرغا 1983 - يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن ئىكەن )، قاغىلىقتىن يۈسۈپ ئەپەندى، ياسىن ئاخۇن داموللا، سەيدىنا ئەپەندىم ( ئافغانىستانلىق )، سادىق مەخسۇم، گۇمىدىن مەھمۇد ھاجى، ئىبراھىم ھاجى، قەشقەردىن يۈسۈپ ھاجى قەشقەرى ( سۆھبەتدىشى )، مۇسا ئاخۇنۇم قاتارلىقلار تەجەللىنىڭ تىببىي ماھارىتىدىن تەربىيە ئالغان پېشقەدەم داڭلىق تېۋىپلاردۇر.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇقادىرھاجىدا « مىزان تېۋىپ » ناملىق بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ باش ۋە ئاخىرقى قىسىملىرىدا تەجەللىنىڭ

يەككە دورىلار رېتسېپى 75 پارچىنى ئىگىلىگەندىن باشقا، قۇرۇق يۆتەلنىڭ رېتسېپى ئۈچ پارچە، قورساق ئاغرىقى ( ئىچ ئۆتكۈ ) ، قىزىل، باش ئاغرىقى، بوۋاسىر، باش، قۇلاق، چىش ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدىغان رېتسېپلار بار. ئۇنىڭدا يەنە ئادەم داۋالايدىغان رېتسېپلاردىن باشقا، چارۋا ماللارنى داۋالاش توغرىسىدىمۇ رېتسېپلار بار.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانى ئالىم ھۆسەيىنخان ئەكبەر ( تەجەللى ) نىڭ تىبابىتىمىزگە قوشقان تۆھپىسى، ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋردىن باشلاپ تا ھازىرغىچە كىشىلەر ئارىسىدا مەدھىيىلىنىپ كەلمەكتە.

# سابىت ھاجى

سابىت ھاجى مەرىپەتپەرۋەر شائىر ۋە ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى.

ئۇ، 1859 - يىلى ئاقسۇنىڭ كۇچا ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1867 - يىللىرى بەدۆلەت ھاكىمىيىتى كۇچا خەلقىنىڭ قارشىلىقلىرىنى باستۇرۇۋاتقان يېغىلىق يىللىرىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئاۋات ناھىيىسىنىڭ تۇگمەنبېشى يېزىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شۇ يەردە تۇرمۇش كەچۈرۈش بىلەن، 1934 - يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن.

سابىت ھاجى كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ ئۆز يۇرتىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ئۇندىن كېيىن ئاقسۇ كونىشەھەردە ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ھەمدە ئەدەبىيات، تارىخ، تىبابەت ئىلمى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ، ئۆز ئۆمرىدىكى ئۈچ قېتىملىق ھەج سەپىرى جەريانىدا كاراچى، بومباي، دېھلى، قاھىرە، ئىستامبول ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە ساياھەت قىلىش بىلەن، بۇ يەرلەردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە جاھانگىرلىككە، فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن. ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلققە ئىلىم تارقىتىش، ئۇلارنى نادانلىقتىن

قۇتۇلدۇرۇش، ئۇيغىتىش مەقسىتىدە تەشۋىقاتچىلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن، لېكىن ئۇنىڭ ئىسلاھاتچىلىق پائالىيەتلىرى جاھىل قارا كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، مەقسىتى رېئاللىققا ئايلانمىغان.

سابىت هاجى ئۆز ئۆمرىدە تۇرمۇش ئېھتىياجى ۋە باشقا سەۋەبلەر ئارقىسىدا تامچىلىق، سىرچىلىق، ياغاچچىلىق، ماشىنىچىلىق قاتارلىق كۆپ خىل ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇستا غەزەلخان ۋە سازەندە سۈپىتىدىمۇ داڭ چىقارغان. تېبابەت ئىلمى ساھەسىدە ھاسىل قىلغان بىلىمى ۋە ئۇزاق يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، قوشۇمچە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، سوزۇلما خاراكتېرلىك ھەر خىل ئېغىر كېسەللىكلەرنى ساقايتىش ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى توغرىسىدا مەخسۇس كىتاب يازغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار.

سابىت هاجىنىڭ ھاياتىدا سالماقلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدۇر. ئۇ ناۋايى، فۇزۇلى قاتارلىق مەشھۇر سۆز ئۇستىلىرىنى ئۆلگە قىلىپ، كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، ئۇلاردا جاھالەت، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش، خەلقنى نادانلىقتىن ئويغىتىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئىلغار ئىدىيىۋى قاراش ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

شائىر ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، ئۆز شېئىرلىرىنى مەخسۇس دىۋان قىلىپ رەتلەشكە مۇيەسسەر بولالمىغان، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى چېچىلىپ يوقىلىپ كەتكەن.

# تۇردى ھاجى

تۇردى ھاجى 1863 - يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1875 - يىلدىن 1885 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىستە دىنى تەلىم ئالغان ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ، مۇشۇ ئارىلىقتا (1885 - يىلى) مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش سەپىرىدە، پاكىستاننىڭ كاراچى دوختۇرخانىسىدا ئالتە ئاي تۇرۇپ، تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەن. يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، 1894 - يىلغىچە توختى ئاخۇن ھاجىمدىن تىبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىپ، ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1894 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە لوپ ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك بىرلەشمىسى ئامبۇلاتورىيىسىدە خۇسۇسىي ۋە كوللېكتىپ تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1975 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا يۆتكەپ كېلىنگەن.

تۇردى ھاجى ئۆزىنىڭ 90 يىلدىن كۆپرەك ئۆمرىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا ياراتقان مول تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئون نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، قالدۇرۇپ كەتتى. تۇردى ھاجى 1987 - يىلى 124 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

# نىياز ھاجى

ئاتاقلىق تېۋىپ نىياز ھاجى مىرئەخمەت تىرىشچان، بىلىمى مول، خەلق سۆيەر تېۋىپ ئىدى. ئۇ 1863 ـ يىلى خوتەندە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى شۇ مەزگىللەردىكى خەلققە تونۇلغان قۇربانجان تېۋىپ ئىدى.

نىياز ھاجى كىچىكىدىنلا ئەرەبچە، ئوردۇچە تىللارنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇ تىللارغا پىششىق بولغان. ئۇ 1901 ـ يىلى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ تېۋىپلىق قىلغان. نىياز ھاجى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ماھىر بولۇپلا قالماي، يەنە جۇڭيى تىبابىتى ۋە غەرب تىبابىتىگىمۇ پىششىق ئىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تىببىي كىتاب ۋە قول يازمىلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يوقاپ كەتكەندىن باشقا، يەنە بىر قىسىم ماتېرىياللار ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ساقلاپ كەلگەن بىر قول يازمىسىدا ۋابا، كېزىك، چېچەك، پىل، يۈرەك كېسەللىكلىرى، تېرە كېسەللىكلىرى، ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، تۈرلۈك جاراھەت قاتارلىقلارنى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، پەرھىز تۇتۇش، ئاغرىق بېقىش (تىببىي پەرۋىش)، ئاشقازاننى يۇيۇش، ھەمەلچە قىلىش، لوڭقا قويۇش ئۇسۇل ـ تەرتىپلىرى ئۈستىدە توختالغان. ئۇنىڭ يەنە كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، تۈرلۈك تومۇر ئەھۋاللىرى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مىزاجى، ھەر خىل مىزاجدىكىلەرنىڭ بەدىنىدە

كۆرۈلىدىغان ھەر خىل ئالامەتلەر، ئۇ ئالامەتلەرنىڭ خىلتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدىكى قول يازمىسىمۇ بار. ئۇ، داۋالاشتا پەرۋىش قىلىپ داۋالاش، غىزالار بىلەن داۋالاش، دورا بىلەن داۋالاش، قول ئەمەلىيىتى بىلەن داۋالاش قاتارلىق داۋالاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان. ئۇ يەنە ھەر خىل يېمەكلىكلەرنىڭ تەبىئىتى شۇنداقلا پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپلىرى، ئادەم بەدىنىگە بولغان تەسىرلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان.

نىياز ھاجى ئۆز بىلىمىنى قىزغىنلىق بىلەن باشقىلارغا ئۆگىتىپ، تىبابەتچىلىك ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي ھەسسىلەرنى قوشقان. ئۇ، 1951 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى يەككە تېۋىپلار ۋە تىبابەتچىلىككە قىزىققۇچىلارنى يىغىپ، ئۇلارغا تىبابەتچىلىكتىن ئەمەلىي ساۋات بەرگەن. ئۇ، بۇ جەرياندا 313 خىل دورا ئۆسۈملۈكىنىڭ شىپالىق رولى، ئۇلاردىن دورا تەييارلاش شۇنداقلا تىبابەت نەزەرىيىسى، تومۇر تۇتۇش قاتارلىق مەزمۇنلار ئاساسىدا بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان دەرسلىك تۈزۈپ چىققان.

نىياز ھاجى قابىلىيەتلىك ئىچكى كېسەللىكلىرى تېۋىپى ۋە ماھىر دورىگەر ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن رەسىملىنىمۇ كېلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئىلى رايونىدىن چىقىدىغان تۈرلۈك دورىلارنىڭ چىقىش ئورنى، يىغىلىدىغان پەسلى، شىپالىق رولى شۇنداقلا بۇ دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ رەسىملىك تونۇشتۇرۇلۇشى قاتارلىق مەزمۇنلاردا كىتابچە تۈزگەن ئىدى.

نىياز ھاجى 1971 ـ يىلى 108 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك ساھەسىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى ھېلىمۇ خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يادلىنىپ كەلمەكتە.

# ئىمىن ھاجى

ئىمىن ھاجى ( ئىمىن ھاجى سىرىق سەللە ) 1865 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيە بازار ئىچىدە تۇغۇلۇپ، 1960 ـ يىلى 95 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ، يېڭىسار ۋە قەشقەر شەھىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. كېيىنكى مەزگىللەردە دادىسى قاسىم ھاجىدىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگەنگەن. ھاياتىدا تۆت قېتىم چەت ئەللەرگە سەيلە ـ ساياھەت ۋە ھەج قىلىشقا چىقىپ، بۇ جەرياندا جەرراھلىق ( تاشقى كېسەل ئوپېراتسىيە ئىلمى ) ئىلمىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، تىبابەتچىلىك سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگەن. ئۇ، تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئۇزاق يىللىق ھاياتىدا ياخشى سۈپەتلىك ھەر خىل كىچىك ئۆسمىلەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاپ، « ئۇيغۇر تىبابىتى ئوت ـ چۆپ بىلەن كېسەل داۋالايدۇ. ئوپېراتسىيە بىلەن تونۇشلۇقى يوق » ، دەيدىغان بىمەنە قاراشلارغا خاتىمە بەرگەن. ئۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بازىرى ئىچىدە تومۇر تۇتۇپ كېسەل داۋالاپ، سانسىز بىمارلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

# قاسىم ئەلەمئاخۇنۇم

قاسىم ئەلەمئاخۇنۇم ( 1872 ــ يىلى ) ئاقسۇ كونىشەھەردە دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، بۇخارادا ئوقۇغان موللا ناسىر داموللىدا ئوقۇپ، ئاتا ــ ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاتا ــ بوۋىسىنىڭ ئەسلى يۇرتى كۇچاغا قايتىپ كېلىپ، « بىلقىيە » مەدرىسىدە 12 يىل ئوقۇغان. ئىلمىي نۇجۇم ۋە تىبابەت بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. كۇچا كۆك مەدرىستە مۇدەررىس، مەھكىمە شەرئىدە ئەئلەم بولغان. بۇ كىشى دىنىي ئالىم ۋە مەشھۇر تېۋىپ بولۇپلا قالماستىن، تەمبۇر، ساتار قاتارلىق سازلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدىغان مۇزىكانت ئىدى. پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ بىر قىسىم ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى تىبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ، داۋالاشتا قوللانغان ھەم نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەن. داۋالاش ئەمەلىيىتى داۋامىدا تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شاگىرتلىرىدىن ئاقسۇ كونىشەھەردە مۆمىن ئەئلەم ئاخۇنۇم، خۇدابەردى ئاخۇنۇم، توقسۇدىن باسىت داموللا، شاياردىن شېرىپ داموللا، خېلىل ئىمام، ھامۇدۇن ھاجى، مەخمۇت ئەئلەم ئاخۇنۇم، كۇچادىن نۇرقازى ئاخۇنۇم، قاسىم زەرگا، قادىر ئىمام ئاخۇنۇم، ئىمىر تۆمۈر ( ئىمىر كوجاك )، مۇھەممەت سۇلتان ( ھازىر شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى 1 ــ

دوختۇرخانا نىرۋا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ، مۇدىر ۋراچ ) ، ھېمىت ئىمام ئاخۇنۇم ، سىدىق ئاخۇن خەلپىتىم ، ساۋۇراخۇن خەلپىتىم ( ساۋۇر ئەۋلىيا ) ، كېرىم ئاخۇنۇم ، روزى خوتەن ، ھېكىمجان تالىپ ، ھاشىم بەختى ، سىدىق ئاخۇنۇم ، تاھىر ئاخۇنۇم ، ساۋۇت ئەپەندى ( ساۋۇت تاھىر ) قاتارلىقلار كۇچا ۋە قىرىنداش ناھىيىلەردە ئۇيغۇر تىبابەت ـ دورىگەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان . ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى ھازىر كۇچا ۋە قوشنا ناھىيىلەردىكى ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىلىرىدا ۋە جەمئىيەتتە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتماقتا .

قاسىم ئەلەمئاخۇنۇم 1955 ـ يىلى 83 يېشىدا كۇچادا ۋاپات بولغان .

www.uyghurkitap

# ھېيىز نىياز

ھېيىز نىياز 1873 ـ يىلى خوتەندە تۇغۇلغان. كىچىكىدە دادىسى نىياز ھاجى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، قايتىشىدا بۇگۇردە تۇرۇپ قالغان. دادىسى ئىنتايىن ئۇستا تېۋىپ بولۇپ، 1952 ـ يىل 3 ـ ئايدا 110 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ھېيىز نىياز دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، جۈمە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىدىن باشقا كۈنلىرى بۇ ناھىيىنىڭ يېڭىسار، چېدىر، ئەشمە، چۇمپاق، ئۆتەڭ قاتارلىق يېزا بازارلىرىدا دورا يايمىسى يېيىپ، كېسەل كۆرگەن، خەلقنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولۇپ، «ئۇستا تېۋىپ» دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇ، بىمارلارغا كۆڭۈل بۆلگەندىن سىرت، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ياخشى كۆڭۈل بۆلگەن. مەسىلەن، سەھەر تۇرۇپ سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان، ئەتىگەنلىك چېيىغا لاچىن دانە ۋە ئازراق مىقداچىن سېلىپ ئىچكەن، ئۆمۈر بويى هاراق ئىچمىگەن، ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن پەقەت 11 كۈنلا ئاغرىپ يېتىپ قالغان.

بۇگۇردە ئۆتكەن تېۋىپلار ئىچىدە ئەڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن، تېبابەتچىلىك كەسپىنى ئەڭ ئۇزاق داۋاملاشتۇرۇپ، خەلققە تونۇلغان ھېيىز نىياز 1991 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بۇگۇردە 118 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ھازىر ئايالى سوپىخان يېڭى بازاردا دورا دۇكىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

# مۇھەممەت ئېلى ھاجى

داڭلىق ئۇيغۇر تېۋىپى مۇھەممەت ئېلى ھاجى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز ، لېكىن ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان « تەجرىبىلەر توپلىمى » ناملىق قول يازما كىتابىدا ، ئۇنىڭغا دائىر مەلۇماتلار ئۆز قەلىمى بىلەن مۇنداق دەپ يېزىلغان : « مەن 1947 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۆيدىن ( قەشقەر شەھىرى روزى دىۋان بېگى مەھەللىسى ) ① چىقىپ كېتىپ ، 1954 - يىلى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئانا يۇرتۇم قەشقەرگە قايتىپ كەلدىم . مەن بۇ ۋاقىتتا 80 ياشقا كىرگەن ئىدىم » ، — دەپ يازىدۇ . ئۇنىڭ كىتابىدىكى بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئېلىمىزدىن روسىيە تەرەپ بىلەن چەتكە چىقىپ كېتىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق ئىسلام ئەللىرى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى ، تۈركىيە ، مىسىر قاتارلىق بىرقانچە دۆلەتلەرگە بېرىپ ، ھەج - تاۋاپ قىلىش ۋە باشقا ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان . ئاندىن بېيجىڭ ، تيەنجىن ، لەنجۇ ، قۇمۇل ، تۇرپان ، ئۈرۈمچى ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن .

« تەجرىبىلەر توپلىمى » ناملىق بۇ قول يازما كىتاب تۆت

---

① ھازىرقى قەشقەر شەھىرى خامبازىرى قازانچى كوچىسى ( خانىقا كوچىسى ) .

قىسمىغا بۆلۈنىدۇ . بىرىنچى قىسمىدا ئۇيغۇر تىبابەت نەزەرىيىلىرى ۋە مۇرەككەپ دورا - رېتسېپلار كونكرېت يېزىلغان . ئىككىنچى قىسمى تىببىي ئەخلاق ، كېسەللىكلەرنى تونۇش ۋە ئۇلارنى كۆتۈش قائىدىلىرى ، تىببىي ئەخلاققا ئائىت، مۇھىم نەسىھەتلەر ، دورا ئاتالغۇلىرى ، مۇرەككەپ دورا رېتسېپلىرى ، يەككە دورىلارنىڭناملىرى ، ياسىلىشى ، خۇسۇسىيەتلىرى ، بىمارلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرى ، بىمارلارنىڭ دورىلىق يېمەكلىكلىرى ھەمدە بىمارلارنىڭ مىجەزىنى چۈشىنىش ، ئۇلارنى يېمەكلىك ئارقىلىق داۋالاش ، پەرھىز تۇتۇشقا تېگىشلىك يېمەكلىكلەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۈچىنچى قىسمى مەخسۇس « دورا ئاتالغۇلىرى لۇغىتى » بولۇپ ، بۇ لۇغەتتە دورىلارنى ئەرەبچە ، پارسچە ، ئوردۇچە ، خەنزۇچە ، رۇسچە ، ئۇيغۇرچە قاتارلىق ئالتە خىل نام بىلەن جەدۋەللەشتۈرۈپ چىققاندىن باشقا ، ھەر خىل ئىچكى - تاشقى كېسەللىكلەرنىمۇ ئالتە خىل نام بىلەن خاتىرىلىگەن . تۆتىنچى قىسمى ئائىلە نەسەبنامىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىدە دادىسىدىن تارتىپ بىر تۇغقان ئەۋلادلىرى ۋە باللىرى ، ئۆزىنىڭ باللىرى ، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان - ۋاپات بولغان ۋاقىتلىرى ئېنىق قىلىپ يېزىلغان .

ئۇندىن باشقا يەنە داۋالاش ، يەككە ھەم مۇرەككەپ دورىلار ھەققىدىكى بىر كىچىك خاتىرىسى بار . بۇ ئەسەرلىرى ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا .

# سەپەر ئاخۇنۇم

سەپەر ئاخۇنۇم 1875 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بېشىرىق يېزا لەڭگە باغ كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات سالى خەلىپە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سەپەر ئاخۇنۇم كىچىكىدىن تارتىپلا ناھايىتى زېرەك، تىرىشچان بولۇپ، ئىلىم ئېلىشقا ناھايىتى قىزىقاتتى. بۇنى كۆرگەن دادىسى ئوغلىنى ياراملىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش نىيىتىگە كېلىپ، ئۇنى ئالتە ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ. ئۇ، دادىسىنىڭ تەربىيىلىشى ئاستىدا تېزلا ساۋاتىنى چىقىرىپ، خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالىدۇ. دىنىي دەرسلەرنى ئۆگىنىشتىن سىرت، يەنە ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق باشقا پەنلەرنىمۇ ياخشى ئۆگىنىپ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، راۋان ئوقۇپ، تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يېتىدۇ.

سەپەر ئاخۇنۇم كونا جەمئىيەتتە داۋالىنىش شارائىتىنىڭ يوقلۇقى، كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئاغرىق دەردىنى كۆپ تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى تېبابەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەتتىن تېبابەتكە دائىر كىتابلارنى ئەكەلدۈرۈپ ئۆيغۇر تېبابىتىنى گۈللەندۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پارس تىلىدا يېزىلغان «ئەكسىر ئەزەم»، «قارا بادىن قادىرى» دېگەن كىتابلارنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن

تىبابەتنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە دورىگەرلىككە دائىر بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. بىلمىگەن جايلارنى شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى تەجەللىدىن تەلىم ئېلىپ، ئۆز ئالدىغا كېسەل داۋالىيالايدىغان، توغرا تەشخىس (دىئاگنوز) قويالايدىغان ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە بولۇپ، بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ.

سەپەر ئاخۇنۇم ماھىر تېۋىپ ئىدى. كېسەللەرنى داۋالاش جەھەتتە خېلى يۇقىرى نەزەرىيە ۋە مول ئەمەلىي تەجرىبە بىلىملىرىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرى بويىچە داۋالاش قېيىن بولغان كېسەللەرنى ئاددىي دورىلار ۋە ئاسان چارىلەر ئارقىلىق داۋالايتتى. سەپەر ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ ئاتمىش نەچچە يىللىق ۋاقتىنى ئۇيغۇر تىبابەت ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، نۇرغۇن بىمارلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان. ئۇ، 1958 - يىلى رامىزاننىڭ 27 - كۈنى 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# يۇسۇپ ھاجى قەشقەرى

يۇسۇپ ھاجى قەشقەرى 20 ـ ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېۋىپى . ئۇ ، 1876 ـ يىلى قەشقەر شەھەر ئۆستەڭبويى مەھەللە ، ياغاچچى كوچىسىدا ئوقۇمۇشلۇق سودىگەر قادىر ھاجى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ، بەش يېشىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە ، ئۇندىن كېيىن ئائىلىسىدە ۋە مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ، باشلانغۇچ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي بىلىملەرگە ئىگە بولغان . ئۇنىڭدىن كېيىن دىنىي مەدرىسلەرگە ئوقۇشقا كىرىپ ، 20 يېشىغىچە دىن ، ئەخلاق ، تارىخ ، ئەدەبىيات ، جۇغراپىيە ۋە ئىلمىي نۇجۇم ( ئاسترونومىيە ) گە ئائىت بىلىملەرنى ئوقۇغان . شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەرەبچە ، پارسچە تىللارنى ئۆگىنىپ ، شۇ تىللاردىكى ھەر خىل كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان ۋە تەرجىمە قىلىپ باشقىلارغا بىلدۈرەلەيدىغان ھەمدە يېزىقنى ناھايىتى چىرايلىق يازالايدىغان بولغان . يۇسۇپ ھاجى 1905 ـ يىلى ئاتىسى قادىر ھاجى ۋە تاغىسى تۇردى ھاجىلار بىلەن بىللە ئەرەبىستانغا ھەجگە بارغان . سەپەر جەريانىدا روسىيە ، تۈركىيە ، سۈرىيە ، مىسىر ، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە مۇقەددەس جايلاردا ساياھەت ۋە زىيارەتتە بولغان ھەمدە شۇ جايلارنىڭ ئاب ھاۋاسى ، يەر تۈزۈلۈشى ۋە كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان . نۇرغۇن بىلىملىك زىيالىيلار بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇلار بىلەن كۆپ سۆھبەتلىشىپ پىكىر

ئالماشتۇرغان، ئۇ يەردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتلارنى كۆرۈپ مول بىلىم ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان.

دادىسى يۈسۈپ ھاجىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە بولغان قىزىقىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۇرپاندىن مەشھۇر تېۋىپ مۇھەممەدىن ئاخۇنۇم دېگەن كىشىنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئۆز ئۆيىدە ئۈچ يىل تۇرغۇزۇپ، بالىسىغا ئۇستاز قىلىپ بەرگەن.

يۈسۈپ ھاجى ئۇ كىشىدىن ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «تىببىي ئەكبەر»، «قارا بادىن قادىرى»، «دەستۇرى ئىلاج» قاتارلىق كىتابلارنى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن، تېبابەتنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىي داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. بەزى چاغلاردا ھەرقايسى ناھىيە، يېزىلارغا، مەسىلەن يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، ئاقتۇ، مارالبېشى، يەكەن، قاغىلىق، پەيزاۋات قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سەييارە ھالدا كېسەل داۋالاش ئېلىپ بارغان. ئۇندىن باشقا قاغىلىق، تۇرپان، خوتەن قاتارلىق ئورۇنلاردىن كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنى شاگىرتلىققا ئېلىپ، ماھىر تېۋىپلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىققان.

يۈسۈپ ھاجى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ 20 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلغان، شۇنداقلا ئۆز دەۋرىدىكى مەرىپەت چاچقۇچى ۋەتەنپەرۋەر ئەربابلارنىڭ قاتارىدا ساناشقا ئەرزىيدىغان بىر زات. يۈسۈپ ھاجى ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە تېبابەتچىلىك ئىلمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۆزى قىزىقىپ ئۆگەنگەن تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق بىلىملەر بىلەنمۇ داۋاملىق

شۇغۇللىناتتى. شۇڭا، بۇ كىشىنى ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن ئالىم دېيىشكە بولىدۇ.

يۈسۈپ ھاجى ئۆزى تەرجىمە قىلىپ يېزىپ چىققان ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى مۇھىم ئەسەر چوڭ ھەجىمدىكى ئىككى توملۇق «تەردىقۇلئىلاج» دېگەن كىتاب، دورىگەرلىك ساھەسىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان «قارا بادىن قادىرى»، ھەج قىلىش جەريانىدا يېزىلغان «سەپەرنامە»، ئۇستازى ئەمەت ئاخۇن خەلپىتىم ۋاپات بولغاندا يازغان-مەرسىيە ۋە ئاخىرقى ئۆمرىدە يېزىپ چىققان «قانۇنچە» دېگەن ئەسىرى ھازىر ئالاھىدە ئەسەر بولۇپ قالدى. يۈسۈپ ھاجى ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ داۋاملىق جارى بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يېڭىدىن يول ئېچىپ بەرگۈچى، ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنى قۇرغۇچىلاردىن بىرىدۇر.

ئۇ، 1961 - يىلى 85 يېشىدا ۋاپات بولغان.

# مەھەممەد ئاخۇنۇم

مەھەممەد ئاخۇنۇم 1876 - يىلى خوتەن قاراقاش بازار ئىچىدىكى ئاتاقلىق تېۋىپ تۇرسۇن ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قاغىلىقتا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۇيغۇر تىبابىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇ، كىچىكىدىن باشلاپ تىبابەت ئىلمىگە ئىشتىياق باغلاپ، دادىسى تۇرسۇن ئاخۇنۇم ۋە يەكەنلىك مەشھۇر تېۋىپ ئەيساخاندىن تىببىي ئىلىم ئۆگەنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىبابىتى تاشقى كېسەللىك ۋە باللار بۆلۈم كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. كېسەللەرگە بولغان كۆيۈمچانلىقى، داۋالاشتىكى ماھارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. 1975 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

# سامساق ئۇستام

مەشھۇر ئۇيغۇر تېگىنچىسى سامساق ئۇستام 1878 ـ يىلى ئاتۇش ئاھىيىسىنىڭ سۇنتاغ يېزىسىدا ئاتاقلىق تېگىنچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

سامساق ئۇستامنىڭ ئاتىسى توختى ئاخۇن 20 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ تېگىنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇ كىشى دەسلەپتە ھايۋانلارنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېيىن بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ ئادەمنى داۋالاشقا كىرىشكەن. بۇ كىشى 20 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تېگىنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

توختى ئاخۇن ئۇستام ئۆز زامانىسىدا داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى يوق، قىيىن شارائىتتا ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە تايىنىپ ئۈرغۇن قىيىن، مۇرەككەپ سۇنۇق ۋە چىقىقلارنى داۋالاپ ساقايتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

سامساق ئۇستام كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا دادىسىدىن تېگىنچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان.

سامساق ئۇستام دادىسىدىن 14 يېشىدا قالدۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇ تېگىنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، سان ـ ساناقسىز سۇنۇق ھەم چىقىقلارنى داۋالاپ مول تەجرىبىگە ئىگە بولدۇ.

سامساق ئۇستام ئازادلىقتىن ئىلگىرى داۋالاش شارائىتى ياخشى بولمىغان شارائىتتا ئۆز رايونىدىكى سۇنۇق - چىقىقلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز تەجرىبىسىگە تايىنىپ داۋالاپ كەلگەن، شۇ مەزگىلدە بۇ تېڭىقچىنىڭ ئالدىغا يالغۇز ئاتۇش، قەشقەرلەردىن كېلىپ قالماستىن، پۈتۈن شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىنمۇ كېلىپ داۋالىنىپ تۇرغان. سامساق ئۇستامنىڭ سۇنۇقلارنى تېڭىش، چىقىقلارنى چۈشۈرۈشتە قول سەنئىتى ناھايىتى ئەپچىل بولۇپ، ئۇسۇلى ئاددىي، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان. بۇ كىشى ئۆزى شۇنچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، كېسەللەرگە شۇنچە كۆيۈنەتتى. ئەگەر بىرەر سۇنۇق ياكى چىقىق بولۇپ يۆتكەشكە قولايسىز بولسا، ئۇ، شۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ شۇ يەردە تېڭىپ قويۇپ، ئاندىن قايتىپ كېلەتتى.

ئۇندىن باشقا، داۋالاش جەريانىدا ھەرگىز ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتقان ئەمەس. نۇرغۇن يوقسۇزلارنى ھەقسىز داۋالاپ، خەلق ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان ھەم ئاتاقلىق تېڭىقچى، ئىنسانپەرۋەر ھۆكۈما دەپ نام ئالغان. سامساق ئۇستامنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتى تېڭىقچىلىقى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ.

مەشھۇر ئۇيغۇر تېڭىقچى سامساق ئۇستام ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە سۇنۇق تېڭىشتا، ئاغرىقسىزلاندۇرغۇچى دورا ئوكۇل ئىشلەتمەستىن، بەلكى روھىي داۋا، پەم - پاراسەت، ئەقلىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئاجايىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. كېسەلنىڭ چىقىق ياكى سۇنۇقلىرىنى جايىغا چۈشۈرۈپ، مۇقىملاشتۇرۇپ تېڭىپ، ئۇنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. قول ھەرىكىتى ھەقىقەتەن ئەپچىل. ئۇنىڭ سۆز - چاقچاقلىرى كېسەل

كىشىنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرىدۇ ، بۇ جەرياندا كېسەل كىشى ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ . سۇنۇق بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھەر خىل سۆزلەر بىلەن كېسەل كىشىنىڭ دىققىتىنى چېچىپ تۇرۇپ ، سۇنۇق جايغا كەلگەندە ، ئۇنىڭ ئورنىنى ياخشى بەلگىلەپ ، ھالقىلىق پەيتتە يەنە كېسەل كىشىنى قىزىق بىر سۆزگە مەغۇل قىلىپ تۇرۇپلا ، سۆڭەكنى ئورنىغا چۈشۈرۈش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارىدۇ . پەقەت شۇ چاغدىلا كېسەل « ۋاي » دەپ قالىدۇ ، سۇنۇق جايىغا چۈشىدۇ . ئومۇمەن ، ئارتۇقچە ئازابلىنىش بولمايدۇ . بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، سامساق ئۇستام ھەقىقەتەن مەشھۇر پىشىك ھېسابلىنىدۇ .

# ئابدۇل ۋاھاپ مۇھەممەت شاھ ئاخۇنۇم

ئابدۇل ۋاھاپ مەھەممەت شاھ ئاخۇنۇم 1880 ـ يىلى يەكەن ناھىيە چاسا مەھەللىدىكى ئوقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر مۇھەممەت ئابدۇل شاھ ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، كىچىك چاغدىلا تىرىشچان، ئىلىم سۆيەر بولۇپ، دادىسىنىڭ تىبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن ھەمدە دادىسى بىلەن بىللە قاغىلىقتا تىبابەت دۇكىنى ئاچقان. ئۇزاق يىل ئەمەلىي ئىشلەش داۋامىدا تىبابەتتە خېلى يۇقىرى بىلىمگە ۋە مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان. بۇ ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، كەسپكە پىششىق، بىمارلارغا كۆيۈمچان، تەجرىبىلىك پېشقەدەم تېۋىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن 30 مىڭ خەتلىكتىن ئارتۇق قول يازما قالدۇرۇپ، تىببىي خادىملار قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

# مىر ئەھمەد ھاجى

مىر ئەھمەد ھاجى 1880 ـ يىلى گۇما بازار ئىچىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 12 يېشىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان . 12 يېشىدىن 18 يېشىغىچە خاتىپ ئاخۇنۇمنىڭ دىنىي مەدرىسىدە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان . 1900 ـ يىلى دادىسىنىڭ سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش مەقسىتىدە تىبەت ( شىزاڭ ) كە بېرىپ ، ئۇ يەردىكى سودا ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن . 1903 ـ يىلى ھىندىستانغا چىقىپ بىر مەزگىل سودىگەرچىلىك قىلغان . ئۇ ، بۇ جەرياندا ئوردۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىپ ، ئوردۇ يېزىقىدا يېزىلغان ھەرقانداق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن . ئۇنىڭدىن كېيىن بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، تىبىي ئىلىم ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان . ئۇنىڭ تىبىي ئۇستازلىرىدىن ھېكىم ئەكمەلخان ، ھېكىم ئەجمەلخان ، ھېكىم ئەزامخان قاتارلىقلار ئىنگلىزچىنى تولۇق بىلىدىغان ، غەربچە ، مىللىيچە ئىككى خىل ئۇسۇلدا كېسەل داۋالىيالايدىغان مەشھۇر تېۋىپلار دىن بولغاچقا ، ئۇ بەش يىلغىچە ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن غەربچە داۋالاش ئىلمىنى ، چۈشتىن كېيىن مىللىيچە داۋالاش ئىلمىنى ئۆگەنگەن . مىرئەھمەد ھاجى 1918 ـ يىلى ھىندىستاندىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ، تىبابەتچىلىك ۋە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . 1925 ـ يىلى 45 ياشقا كىرگەندە سودىگەرچىلىكتىن قول ئۈزۈپ ،

گۇمىنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرى ۋە قاغىلىق رايونلىرىدا دورىگەرلىك ۋە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1956 ـ يىلى ناھىيىلىك مىللىي تېۋىپلار بىرلەشمىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. ئۇ، بۇ جەرياندا غەربچە ۋە مىللىيچە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ كېسەل داۋالاپ، تېبابەتچىلىك ساھەسىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغان. بولۇپمۇ پالەچ، مۇپاسىل، نىقرەس قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئالاھىدە كامالەتكە يەتكەن. مەسىلەن، 1957 ـ يىلى گۇمىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسىدىن تاجى ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ 45 ياشلىق قىزى ئامىنىخان پالەچ كېسىلى بولۇپ يېتىپ قالغاندا، مىر ئەھمەد ھاجى بۇ كېسەلنى ئىككى كۈن داۋالاپ بىمارنى ماڭالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن. كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ ياكەنتىدىن مۇپاسىل كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ماڭالماس بولۇپ قالغان بىر كىشىنى داۋالاپ ساقايتقان. مىر ئەھمەد ھاجى ھەمىشە ئوردۇ يېزىتىدىكى كىتابلارنى كۆپ كۆرەتتى. داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، خاتىرە قالدۇراتتى.

تېۋىپ مىرئەھمەد ھاجى 1958 ـ يىلدىن باشلاپ گۇمىنىڭ قوشتاغ دوختۇرخانىسىدا ئىشلەپ، 1967 ـ يىلى 87 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ، ھايات ۋاقتىدا شاگىرت تەربىيىلەشكىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇ تەربىيىلىگەن شاگىرتلاردىن نۇرمۇھەممەت قارى ھاجى ھازىر ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، خەلق ئامىسىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىغا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشماقتا.

# لوقمان ئارسلانى

ئالىم لوقمان ئارسلانى ھەزرىتىم ھىجرىيە 1299 - يىلى ( مىلادى 1881 - يىلى ) ئەتراپىدا يەكەن ئارسلانباغدا تۇغۇلغان . قاچان ، قەيەردە ، نەچچە يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق . لېكىن لوقمان ھەزرىتىم شۇ دەۋرنىڭ ئۇلۇغ تىبابەت ئالىمى بولۇپ ، ئۇ ، « ھۆكۈما تەسبىنلىرى » ناملىق بىر پارچە تىببىي قول يازما تارىخ كىتابىنى رەتلەپ ، قايتا يازغان . بۇ كىتابتا ( قول يازمىدا ) 16 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە دائىر بىر قىسىم ماتېرىياللار ، رېتسېپلار ، تىببىي ھېكايىلەر ، رىۋايەتلەر ، ۋەسىيەتنامىلەر ، شۇ دەۋردىكى بىر قىسىم داۋالاش ئورۇنلىرى ، مەشھۇر تېۋىپلار ، ۋەقەلىكلەر ، ھەرقايسى زامانلاردىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئەلگە كەلتۈرگەن زىيان - زەخمەتلىرى ۋە باشقا تىبابەت ساھەسىدىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەر خاتىرىلەنگەن .

# سەمەت ئۇستا

سەمەت ئۇستا 1881 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە تازغۇن يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ ، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە يېزىدىكى كونا مەكتەپتە ئوقۇپ ، خەت ساۋاتىنى چىقارغان . ئائىلىسى نامرات بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي ، 14 ياشلىرىدا ساتىراشلىقنى ئۆگىنىپ ، ساتىراشلىق بىلەن جان باققان . 19 ياشلىرىدا جاھان كېزىپ ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى نامانگان دېگەن يۇرتقا بارغاندا ، شۇ يەرلىك ھېسامىدىن ئىسىملىك تېۋىپقا ياراپ قېلىپ ، شۇ كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلغاچ تىبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن . 1904 ـ يىللىرى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ، تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان . 1907 ـ يىلى جاھان كېزىپ سەييارە تېۋىپلىق قىلىش جەريانىدا ، مارالبېشى سىرىقبۇيىلۇق نامدار تېڭىقچىدىن تېڭىقچىلىقنى ئۆگەنگەن . 1908 ـ يىللىرى كۇچاغا كېلىپ ، 1943 ـ يىلغىچە تېۋىپلىق ۋە تېڭىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . 1943 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچىدە تېۋىپلىق قىلىپ ، 100 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .

سەمەت ئۇستا تېڭىقچىلىق ، قان ئېلىپ داۋالاش ، چىش تارتىش ، چىش كېسىلىنى داۋالاش ۋە كۆيدۈرگە كېسىلىنى كۆيدۈرۈپ داۋالاش قاتارلىق قول سەنئىتىگە كامىل ئىدى . ئۇ ، 1954 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان بىرلەشمىگە ئىختىيارلىقى بىلەن قاتنىشىپ ، ھەر مىللەت بىمارلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان .

# مەسۇم ئاخۇن داموللا

مەسۇم ئاخۇن داموللا 1881 - يىلى يېڭىسار ناھىيە بازىرىدىكى « بىدە بازىرى » كوچىسىدا دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كالگەن. ئۇ، ياش ۋاقتىدا تاغىسى ئەدىپ سابىراخۇن خەلپىتىمدە، كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. قەشقەردىكى 18 يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا ئەرەب، پارىس تىلىدا يېتىشىپ، بەلگىلىك دىنىي بىلىمگە ھەمدە ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىنىڭ مەلۇم نەزەرىيە ئاساسىغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، قەشقەردە ئۆگەنگەن تىببىي ئىلمىنىڭ داۋامىنى مەشھۇر ئالىم ھۆسەيىنخان تەجەللىي ھەزرەتتىن ئۆگىنىش ئۈچۈن قاغىلىققا بېرىپ، ئۇستازى تەجەللىنىڭ قېشىدا ئۈچ يىل « تىببىي ئەكبەر »، « قارابادىن قادىرى »، « مىزان تىب »، « تىببىي يۇسۇپ » قاتارلىق تىببىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش بىلەن بىرگە، تومۇر تۇتۇش، كېسەللىككە دىئاگنوز قويۇش ۋە دورىگەرلىك جەھەتتە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. قاغىلىقتىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ يېڭىسارغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كېسەل داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. مەسۇم ئاخۇن داموللا 1968 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئوقۇغان ۋە كېسەل داۋالاشتا پايدىلانغان كىتابلىرى ھازىر پەرزەنتلىرى قولىدا ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# ئەمەت ھاجى

ئەمەت ھاجى 1882 ـ يىلى كىرىيە ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1904 ـ يىلىغىچە مەھەممەت نىياز ھاجى، ئابدىجاپپار ئاخۇنۇم قاتارلىق ئاتاقلىق دىنىي زات ۋە تېۋىپلاردىن دىن ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى بويىچە بىلىم ئالغان. 1904 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە خۇسۇسىي تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپ ھەسسە قوشقان. 1954 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە كىرىيە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت بۆلۈمىدە دوختۇرلۇق قىلغان. 1975 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كېلىنگەن. ئۇ، بۇ دوختۇرخانىدا بىرقانچە يىل ئىشلەش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان كېسەللەرنى داۋالاش، بولۇپمۇ ھەر خىل سەۋەبلەردىن بولغان پالەچ كېسىلىنى داۋالاشتا ئالاھىدە نەتىجە قازىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتىدە توپلىغان تەجرىبىسىگە ئاساسەن بەزى ئەسەرلەرنى يېزىپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. ئۇ «ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى» نىڭ 1 ـ تومىنى تۈزۈشكە قاتناشقان.

ئەمەت ھاجى 1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ۋاپات بولغان.

# مەشلىك ئۇستا

مەشلىك ئۇستا 1883 ـ يىلى تۇرپان ناھىيە يار يېزىسى قازانچىلار مەھەللىسىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى نەبىيۇللا بولۇپ، بەدىنىدە مەڭ كۆپ بولغىنى ئۈچۈن «مەشلىك» دېگەن سۆز ئۇنىڭغا ئىسىم بولۇپ سىڭىپ قالغان. مەشلىك ئۇستىنىڭ ئائىلىسى بىرنەچچە ئەۋلاد تۆمۈرچىلىك ۋە قۇيمىچىلىق (ئاساسلىقى قازان قۇيۇش) بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ جەمەتكە «قازانچى» دېگەن سۆز لەقەم بولۇپ قالغان.

مەشلىك ئۇستىنىڭ ئاتىسى ئەلا ئۇستا بىر تەرەپتىن، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مەشلىك ئۇستىمۇ تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن تاشقىرى، ئاتىسى ئەلا ئۇستىدىن ۋە چوڭ ئاكىسى خەيرۇللا ئۇستىدىن تېبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن ھەمدە تېبابەتچىلىككە دائىر كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۆز سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇپ، جامائەتچىلىك ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىغان.

مەشلىك ئۇستا كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇشتا، تومۇر تۇتۇش، چىرايىغا قاراش، كۆزىگە قاراش، تىلىغا قاراش ۋە سوراش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنى قوللىنىشتىن تاشقىرى، يەنە ئەڭ مۇھىمى، قان قويۇلۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان

بىمارلارنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدىن ، چېكە تومۇرىدىن قان ئېلىپ داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى . بۇ ئالاھىدە ئۈنۈم بېرىدىغان ئۇسۇل ئىدى .

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچىدە غەربچە دوختۇرخانا يوق ئىدى . كېسەل بولغۇچىلار ئومۇمەن مىللىي تېۋىپلار ۋە خەنزۇ تېۋىپلارغا كۆرۈنۈپ داۋالىناتتى . شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ، 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچىدە تۇنجى غەربچە دوختۇرخانا قۇرۇلغان ئىدى . ئەمما ، ئاھالىلار بۇ دوختۇرخانىغا كۆرۈنمەي ، يەنىلا مەڭلىك ئۇستا ۋە خەنزۇلاردىن لىيۇ تېۋىپ قاتارلىق تېۋىپلارغا كۆرۈنەتتى . بۇ تېۋىپلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خەلق ئىچىدە تەسىرى ناھايىتى زور ئىدى ، بۇ ، غەربچە دوختۇرخانا ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشۈشى ئۈچۈن زور « توسالغۇ » ھېسابلىنىغان ئىدى . بىر ئىشنى مىسالغا ئالساق ، ئەينى مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ بىر خادىمى ئاغرىپ قالىدۇ . سوۋېت دوختۇرلىرى داۋالىغان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمايدۇ ، نەتىجىدە بەزىلەر مەڭلىك ئۇستىنى تەكلىپ قىلىپ ، شۇنىڭغا كۆرسىتىپ بېقىش تەكلىپىنى بېرىدۇ . مەڭلىك ئۇستا كېسەلگە دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن ، « كۆك چېچەك » دەپ ئاتىلىدىغان ئوتنى قاينىتىپ ئىككى قېتىم ئىچۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ . شۇنىڭ بىلەن كېسەل تېزلا ساقىيىپ كېتىدۇ . بۇ ئىش مەڭلىك ئۇستىنىڭ ئابرويىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ . مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، شېڭ شىسەي دائىرىلىرى مەڭلىك ئۇستا بىلەن لىيۇ تېۋىپنىڭ كېسەل كۆرۈشىنى چەكلەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ھەمدە بەزى

كېسەللەرنى قوغلاپ، مەڭلىك ئۇستىغا ھەر خىل بەتناملارنى چاپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەڭلىك ئۇستا ئاشكارا كېسەل كۆرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ بەزى كېسەللەر يوشۇرۇنچە ئۇلارغا كۆرۈنۈپ داۋالىنىپ تۇرىدۇ.

يەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى ئاستىدا، مەڭلىك ئۇستا قايتىدىن قەددىنى رۇسلاپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىمارلارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش بۇرچىنى ئادا قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ ھەمدە بۇ جەھەتتە ئالاھىدە ئەمگەك سىڭدۈرىدۇ. شىپاخانا قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، مەڭلىك ئۇستا ئۇرۇمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ تىبابەتچىلىك ساھەسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىدۇ.

مەڭلىك ئۇستا شاگىرت يېتىشتۈرۈش ئىشىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى شىپاخانىسىنىڭ مەسئۇل ۋراچى، ئامبۇلاتورىيە مۇدىرى ئىبراھىم ئېلى مەڭلىك ئۇستا يېتىشتۈرگەن شاگىرتلارنىڭ بىرى.

شىپاخانىنىڭ قۇرغۇچىسى ھەم باش تېۋىپى مەڭلىك ئۇستا 1963 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى 80 يېشىدا ۋاپات بولدى. شۇندىن كېيىن بۇ شىپاخانىدا روزى موللا، سەمەت ئۇستا ۋە بايئاخۇن قاتارلىق پېشقەدەم تېۋىپلار بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ باش تېۋىپ بولۇپ كەلدى. ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى داۋاملىق ئىشلەپ كەلمەكتە.

# توختى ئاخۇنۇم

توختى ئاخۇنۇم 1884 ـ يىلى گۇما ناھىيە بازىرىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. 11 يېشىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ، 1895 ـ يىلدىن 1909 ـ يىلغىچە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. 1909 ـ يىلى ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قىلىپ، داۋالىنىش ئۈچۈن مۇجىغا (گۇما ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى) بېرىپ، ئۇ يەردە بىر پېشقەدەم تېۋىپنىڭ داۋالىشى بىلەن كېسىلىدىن ساقايغان ۋە داۋالىنىش جەريانىدا ئۆز كۆڭلىدە «تىبابەتچىلىكنى ئۆگەنسەم بولغۇدەك» دېگەن ھەۋەس پەيدا بولغان. 1910 ـ يىلدىن 1913 ـ يىلغىچە ئولتۇراقلىشىپ تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شۇ زاماندىكى مەشھۇر تېۋىپ سوپۇرگە ھاجىغا شاگىرت بولۇپ، ئۈچ يىل تىبابەتچىلىك بىلىملىرىدىن تەلىم ئالغان (سوپۇرگە ھاجى ئۇستا تېۋىپ بولۇپ، ئادەتتىكى كېسەللەرنى داۋالاشتىن تاشقىرى، كۆز ئېچىشنىمۇ بىلىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەكەندىكى ياقۇپ ھاجى دېگەن چوڭ بايىنىڭ بىر قىزى ئۈچ يىلدىن ئارتۇق كېسەل تارتىپ، نۇرغۇن تېۋىپلاردا داۋالىنىپ ساقىيالماي، ئاخىر سوپۇرگە ھاجى داۋالاپ ساقايتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ باي شەھەر ئىچىدىكى كەگرى بىر يۇرۇش ئىمارەتنى سوپۇرگە ھاجىغا تەقدىم قىلىۋەتكەن). توختى ئاخۇنۇم 1913 ـ يىلى ئۇستازى سوپۇرگە

هاجىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، يۇرتى گۇمىغا قايتىپ كېلىپ، مامۇت هاجى دېگەن تېۋىپنىڭ قېشىدا يەنە ئىككى يىل شاگىرت بولۇپ ئىشلەپ، ئۆز بىلىمىنى تولۇقلىغان. 1915 - يىلدىن باشلاپ گۇما بازىرى ئىچىدە دۇكان ئېچىپ، ئۆزى مۇستەقىل هالدا تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي هەر خىل كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك جەھەتلەردە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ هىمايىسى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

توختى ئاخۇنۇم جۇغى كىچىك، سۆزمەن، زېهنى ئۆتكۈر كىشى بولۇپ، تومۇر تۇتۇپ كېسەللىكلەرنى ئايرىشتا ئۆزگىچە ئالاهىدە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ، بىمارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئاجىز، يېتىم - يېسىرلارنى هەقسىز داۋالاپ قويغان. بىمارلارنى چىقىم تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن، ئىلاجى بار شۇ يەردىن چىقىدىغان ئوت - چۆپ دورىلار بىلەن يېڭى دورا تەييارلاپ كېسەل داۋالىغان. ئۇ، 1956 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە گۇما ناهىيىلىك سىياسي كېڭەش ئەزاسى بولغان.

توختى ئاخۇنۇم يەرلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى پىششىق بىلىدىغان كىشى بولغاچقا، ئەنئەنىۋى رېتسېپلاردىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاش بىلەن بىرگە، ئۆز ئالدىغا يېڭى رېتسېپلارنى تۈزۈپ، ئۇنى داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىپ، نەتىجىسىنى كۆزىتىش ئارقىلىق يېڭى رېتسېپلار توپلىمىنى ئىجاد قىلىپ يېزىپ چىققان. 1957 - يىلى يەككەسودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش داۋالاش سايمانلىرى ۋەدورا - ئەشيالىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن پايغا قوشۇپ، گۇما ناهىيىلىك تېۋىپلار بىرلەشمىسىگە ئەزا

بولۇپ، ئۆز كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان.

توختى ئاخۇنۇم پۇتۇن ئۆمرىدە 70 يىلدىن ئارتۇقراق تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1974 - يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.



# توختىمۇھەممەت يۇسۇپ

توختىمۇھەممەت يۇسۇپ، 1884 - يىلى پوسكام ناھىيىسىنىڭ پوسكام يېزا قۇتچى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنى تاغىسى ئەيسا ئاخۇن بېقىپ چوڭ قىلغان. ئەيسا ئاخۇن ئەينى ۋاقىتتا پوسكام ناھىيىسىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك كىشى بولۇپ، ئەرەب، پارس تىل - يېزىقىنى پۇختا بىلىپلا قالماستىن، ئەرەبچە تىبابەتچىلىك ئەسەرلىرىنىمۇ كۆپلەپ تەتقىق قىلغان. توختىمۇھەممەت يۇسۇپ تاغىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ياش ۋاقتىدىلا ئەرەب، پارس يېزىقلىرىنى ئىگىلىگەن ھەمدە ئەرەبچە تىبابەتچىلىككە دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇغان.

توختىمۇھەممەت يۇسۇپ تاغىسى ئەيسا ئاخۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، قېيىن ئاتىسىنىڭ ياردىمىدە بىر كىچىك دوختۇرخانا ئاچقان. بىر مەزگىل ئىزدىنىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە، دورا بېرىشكە باشلىغان. ئۇ، تېۋىپلىق قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تاغىسىدىن قالغان «دەستۇرى ئىلاج»، «ئەخرەتتىل بەگ»، «مەسنى ئەدىۋى» قاتارلىق تىبابەتچىلىككە دائىر كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل بېرىلىپ

ئوقۇغان ھەمدە كېسەللىككە دىئاگنوز قويۇش ئىشلىرىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇھىملىرىنى تاللاپ، تەرجىمە قىلىپ رەتلىگەن. ئۇ رەتلىگەن توپلام بۇندىن 50 نەچچە يىل بۇرۇن نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغان. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن ئاددىي ۋە مۇرەككەپ رېتسېپلار ئۇيغۇر تىبابەت ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

1940 ـ يىلى مەنناپ ئىسىملىك بىر كىشى پوسكامغا ھاكىم بولغاندا، توختىمۇھەممەت يۇسۇپنى يۇقىرى پوسكام جاڭزىسىنىڭ شاڭيۇلىقىغا تەيىنلىگەن. كىشىلەرنىڭ ئادەت تىلىدا شاڭيۇنى «بەگ» دەپ ئاتىغاچقا، ئۇ «تېۋىپ توختى بەگ» دېگەن ھۆرمەت نامىغىمۇ ئېرىشكەن. 1943 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە ئۇ ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مالىيە ـ سودا مۇپەتتىشى، مۇدىر بوغالتىر بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن توختىمۇھەممەت يۇسۇپ، ئىسھاق ئاخۇنۇم، ئابدۇقادىر مەخسۇم قاتارلىق تېۋىپلار ھەمكارلىشىپ ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى قۇرۇپ، داۋاملىق تۈردە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىغان.

1957 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە ئۇ سىياسىي كېڭەش پوسكام ناھىيىلىك 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1966 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 82 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

# ئېلىخان ھەزرىتىم

ئېلىخان ھەزرىتىم 1887 ـ يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش يېزىسىدا تۇغۇلغان . كىچىكىدىن باشلاپ دىنىي بىلىملەرنى ياخشى ئۆگەنگەن . ئېلىخان ھەزرەت چوڭ بولۇپ ئەقىل تاپقاندىن كېيىن ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ ، يۇرۇڭقاشتا تىبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن ۋە تىبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان . بۇ مەزگىلدە خاسلا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى بىلەن تىبابەتچىلىك بىلىملىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەپ بولۇشنىڭ چەكلىك بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ ئوردۇ ، پارس ، ئەرەب ، تۈرك تىللىرى ۋە يېزىقلىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ ، چەت ئەل تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك كەسپىنى پۇختا ئىگىلىگەن . كېسەل داۋالاش ، ئىزباسار يېتىشتۈرۈش ، ئىلمىي ماقالە يېزىش ، تەجرىبە سۆزلەشتىن سىرت ، نۇرغۇن ۋاقتىنى چىقىرىپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ كېسەل داۋالاپ ، كېشىلەرنىڭ يۇقىرى ھۆرمىتىگە ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن . ئۇ ، ھازىرقى زامان غەربچە داۋالاش ئىلمىنىمۇ مەخسۇس ئۆگەنگەن .

1956 ـ يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش داۋامىدا ، لوپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

ناھىيىسىنىڭ يۇرۇگقاش بازىرىدىكى يەككە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تۆت نەپەر كىشىگە خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى تەشكىللەپ. مەبلەغ قوشۇپ لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇگقاش يېزىسىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى قۇرۇپ، نۇرغۇن كېسەللەرنى قوبۇل قىلىپ، ياتاقتا ياتقۇزۇپ داۋالاپ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئېلىخان 24 يىل ئاشۇ شىپاخانىنىڭ مەسئۇلى ۋە باش تېۋىپى بولۇپ ئىشلىگەن.

1976 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ باش تېۋىپى قىلىپ يۆتكىگەن ۋاقتىدا، تەشكىلنىڭ بۇ قارارىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، شىپاخانىدىكى پېشقەدەم تېۋىپلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، كەسپىي قابىلىيىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگەن.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئېلىخان باشقىدىن روھلىنىپ، تېخىمۇ تىرىشىپ ياخشى ئىشلىگەن. 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىبابەت مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ ئېتىبار بەرگەنلىكىگە بەكمۇ خۇشال بولغان. 1983 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئىلغار تىببىي خادىم بولۇپ باھالىنىپ، سەھىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان. ئاپتونوم رايون ھەم ۋىلايەتنىڭ ئىلغار خىزمەتچىسى بولۇپ باھالىنىپ، سەككىز قېتىم سىياسىي جەھەتتە رىغبەتلەندۈرۈشكە ۋە ماددىي جەھەتتىن مۇكاپاتلاشقا ئېرىشكەن. ئۇ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ سەممىي

غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق توققۇز ئۆلكە ـ شەھەردە ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ بىلىم ئۆزلەشتۈرگەن ھەم تەشكىلىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، چوڭ يىغىنلاردا تەجرىبە تونۇشتۇرغان. ئۇ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېچە سائەت 2 — 3 لەرگىچە ئۇخلىماي كىتاب كۆرۈش، ئىلمىي ئەسەر يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان. «ئۇيغۇر تىبابەت ئاناتومىيىسى»، «ئالدىمىزدىن ئۆتكەن تەكرار كېسەللىك دورىسى»، «تىبابەتچىلىكنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى» قاتارلىق تىببىي كىتابلارنى يازغان ھەم سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ نەشر قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان. ئۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش جەريانىدا، مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ۋەتەنگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيگەن.

1981 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى پۈتۈن شىنجاڭغا، ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ تارالغان. مۇشۇنداق ياخشى خىسلىتى بىلەن كىشىلەر ئۇنى ئېلىخان ھەزرىتىم دەپ ئاتىغان.

ئېلىخان ھەزرىتىم 1989 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 102 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن قازا تاپقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.

# باباخۇن ئەزىزى

باباخۇن ئەزىزى 1888 ـ يىلى قەشقەرنىڭ تازغۇن يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1981 ـ يىلى 93 يېشىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئۇ، ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىك ھاياتىدا، كۆپ ئۇچرايدىغان ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش جەھەتتە مول نەتىجە ۋە ئەمەلىي نەتىجە يارىتىپلا قالماستىن، يەنە راك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئامال ئىزدەپ قىزىلئۆڭگەچ راكى، ئاشقازان راكى ۋە ئاياللارنىڭ ماتكا راكى ئۈچۈن بىرنەچچە خىل يېڭى دورىلارنى ئىزدىنىپ تېپىپ ۋە ئىجاد قىلىپ ياساپ، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كېسەللەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش جەھەتتە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا نەچچە ئون يىللىق كلىنىكا تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، « ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى ساۋاتلىرى » دېگەن 900 بەتلىك كىتابنى يېزىپ چىققان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك جۇڭيى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

# ماخسۇت ئاخۇنۇم

ماخسۇت ئاخۇنۇم 1888 ـ يىلى گۇما بازىرىدا ئوتىنچى ئەۋلاد تېۋىپ نۇرۇللا ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئون يېشىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، دادىسىغا شاگىرت بولۇپ ئىشلەپ، ئۇيغۇر تىبابەت بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن. دادىسى نۇرۇللا ئاخۇنۇم تەلەپچان كىشى بولغاچقا، ئۇ، كىچىك ماخسۇت ئاخۇننى ئون ئەۋلاد ئاتا مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان، كەلگۈسىدە ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان، يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئوغلىغا ئەينى زاماندىكى تىبابەت ئىلمىنىڭ ئاچقۇچى بولغان ئەرەب، پارس ۋە ئوردۇ تىللىرىدىكى داۋالاش ئەمەلىيىتىگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىتىپ چىققان. ماخسۇت ئاخۇنۇم ئاتىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك كىتابلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، داۋالاشتىكى ئاتا مىراس تەجرىبىلەرنى تىرىشىپ ئۆزلەشتۈرگەن. 17 يېشىدىن باشلاپ دادىسىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن كېسەللىكلەرنى كۆرۈش، داۋالاش، دورا ياساش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇ، ياش ۋاقتىدىن باشلاپ يېزا ـ قىشلاقلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ سەييارە كېسەل داۋالاپ، ئۆپكە، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئاياللار كېسەللىكلىرى،

ئاشقازان كېسىلى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا نەتىجە قازانغان، خەلق ئامىنىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن مەشھۇر تېۋىپلارنىڭ بىرى ئىدى.

ماخسۇت ئاخۇنۇم 1956 - يىلدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تىببىي بىلىم ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرى جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى، ئەمدى بۇ تەجرىبە ۋە بىلىملەرنى خۇلاسە قىلىپ يېزىپ، كېيىنكى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر تىبابەت ئىزباسارلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «تىببىي تەھىشرىھ» (تىببىي ئاناتومىيە)، «تىببىي خۇلاسە» (يېڭى رېتسېپلار توپلىمى)، «تاشقى كېسەللىكلەر ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق مەزمۇنى كەڭ ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان ۋە «مىزانى تىب» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ماخسۇت ئاخۇنۇم 1957 - يىلى گۇما ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى قۇرۇلغاندا ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش دورا - سايمانلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن پايىغا قوشقان ۋە باشقا تېۋىپلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، خىزمەتلەرنى تىرىشىپ جاپاغا چىداپ ئىشلىگەن ھەمدە بۇ ئورۇننىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالغان.

1972 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە «سەرتان (راك) كېسەللىكى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن تېمىدىكى 120 بەتتىن ئارتۇق كېلىدىغان چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىگە يوللىغان.

ماخسۇت ئاخۇنۇمنىڭ يۇقىرىقىدەك مول نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، سەھىيە نازارىتى بىۋاستە ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا سەيلە - ساياھەتكە ئەۋەتكەن. ئۇ،

داگـلـىق تـېـۈـپ بولۇپلا قالماستىن، قەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن تـالانـتـلـىـق شائىر بولغاچقا، ساياھەت جەريانىدا بەزى شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئۇ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، نىلۇپەر يىغىش ئۈچۈن ئاقسۇغا بـارغـان. ئۇ، بـۇ چـاغدىكى ھېسسىياتىنى يەنە تۆۋەندىكى شېئىر بىلەن ئىپادىلىگەن:

ئاقسۇغا بارار چاغدا،
ئاپتوبۇس بىلەن باردۇق.
ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە،
جاق - جاق قىلىپ ئولتۇردۇق.

ئاقسۇنىڭ يولى چۆلكەن،
لەڭگىرى شىكەر كۆلكەن.
بۇ لەڭگەردە بىز قونماي،
ئاقسۇغا يېتىپ باردۇق.

ئاقسۇنىڭ ئاتى ئاقسۇ،
ناھىيە ئاتى ۋېنسۇ.
ئۇنىڭ يېنىدا توقسۇ،
شۇ يەردە تۇرۇپ قالدۇق.

ئاقسۇدا چۈشتۇق دەڭگە،
دەڭنىڭ ئىگىسى بەگگە.
گەپنى قىلۇر ھەر رەڭگە،
بۇ دەڭدە يېتىپ ھاردۇق.

نىلۇپەر تەردۇق يۈز تۆت جىك ،
هەر خالتىغا ئون تۆت جىك .
سەككىز خالتا نىلۇپەرنى ،
پوچتىدىن سىلىپ ياندۇق .

ئۇ ، ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە تېۋىپ بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئۇزاق يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتى ۋە تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئىجاد قىلغان ۋە ئىسىم قويغان « سەھەت » دېگەن دورىسى قىزىتما قايتۇرۇش ، ئاغرىق توختىتىش ، ياللۇغلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلاردا ئۈنۈمى تېز ، تەننەرخى ئەرزان ، تەييارلاش ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن گۇما ناھىيىسىدىكى تېۋىپلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ ، هازىرغا قەدەر كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلمەكتە . ئۇ ، ئۇيغۇر تىبابەت ئىشلىرىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ، يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك دېگەننى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ ، 20 نەپەردىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيىلەپ ، قاتارغا قوشقان . ئۇلار هازىر گۇمىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داۋالاش ، دورىگەرلىك جەھەتتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا . ماخسۇت ئاخۇنۇم 1985 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

# ماڭسۇر ھاجى

ماڭسۇر ھاجى 1890 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاق ساراي يېزا قۇمباغ كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1898 - يىلدىن 1905 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ گۇزە، كۆل بېشى مەھەللىسىدىكى دىنىي مەدرىستە ئوقۇپ ئەرەب، پارس، چاغاتاي تىللىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن. 1905 - يىلدىن 1915 - يىلغىچە نەۋرە ئاكىسى مەشھۇر تېۋىپ توختى ئاخۇن ھاجىغا شاگىرت بولۇپ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئاساسىي نەزەرىيە بىلىملىرىنى ۋە ئەمەلىيەت بىلىملىرىنى ھەم دورىگەرلىك ئىلمىنى پۇختا ئۆگەنگەن. 1915 - يىلدىن باشلاپ ئۆزى مۇستەقىل ھالدا قاراقاش ۋە گۇما ناھىيىلىرىنىڭ زاڭگۇي، مۇجا، پىيالما، دۇۋا، ئۇلۇغ ئاتا قاتارلىق يېزا - كەنتلىرىدە داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1949 - يىلى ئەرەبىستانغا چىقىپ ھەج قىلىپ كېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پاكىستاندا بىر يىل ئەتراپىدا تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن، داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، رايونىمىزدا كەمچىل بولۇۋاتقان بىر قىسىم يەككە دورىلارنى يىغىش - توپلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قايتاشىدا نۇرغۇن يەككە دورىلارنى يۆتكەپ كەلگەن ھەم بۇ دورىلارنىڭ بىر قىسمىنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشىدەك بوشلۇقنى

تـولـدۇرغان. 1954 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە قاراقاش ناھىيە ئاق ساراي يېـزىـلـىـق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك بۆلـۈمـىدە ئىشلىگەن. 1978 ـ يىلدىن باشلاپ قاراقاش ناھىيىلىك ئۇيـغـۇر تـىـبـابـەت شـىـپـاخانىسىدا ئاساسلىق تېۋىپلاردىن بولۇپ ئىـشـلـىگەن. بۇ جەرياندا ماخسۇر ھاجى بىر تەرەپتىن، دورا تېرىپ ئۆسـتۈرۈش ۋە تاغلىق رايونلاردىن دورا يىغىش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قـول تـىـقـىـپ ئىشلەپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك يەككە دورىلىرىنىڭ يېـتـىـشـمـەسـلـىـك مـەسىلىسىنى ھەل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شىپالىق ئۈنۈمى يۇقىرى ئاددىي رېتسېپلار ئارقىلىق كېسەل داۋالاپ، جـىـنـسىي ئاجىزلىق، بالىياتقۇ راكى، تېرە كېسەللىكلىرى، بالىلار كېسەللىكلىرى، ئاياللار كېسەللىكلىرى، بەش ئەزا كېسەللىكلىرى، نـېـرۋا كـېـسـەلـلـىـكـلىرى، نەپەس سىستېمىسى ۋە ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا بىرقەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قـولـغـا كـەلـتـۈرۈپ، كـىـشـىـلەرنىڭ قىزغىن ئالقىش ـ ساداسىغا ئېرىشكەن.

مـاخـسـۇر ھاجـى قـاراقاش ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا ئون يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەندىن كېيىنمۇ، ئۆزىنىڭ يـاشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشـتـىـكى ئۇزاق يىللىق تەجرىبىلىرىنى، تەجرىبىدىن ئۆتكەن شـىـپـالـىـق رېـتـسـېـپلارنـى تـوپلاش ـ رەتـلـەش ھەم شـاگـىرت تـەربـىـيىلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئـىـشـلـىـرىـنـىـڭ تـەرەقـقـىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ تـەربـىـيـىـلـەپ يـېـتـىـشـتۈرگـەن شـاگـىرتلار، ھەرقايسى ئۇيغۇر تـىـبـابـەتـچـىـلـىـك شـىـپاخانىلىرىدا ئاساسلىق تېۋىپلاردىن بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ماگسۇر هاجىغا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئىقتىدارى ۋە خىزمەتتىكى زور تۆھپىلىرىگە ئاساسەن، 1978 ـ يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن. ماگسۇر هاجى پۈتۈن ئۆمرىدە 73 يىل تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، 1988 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قاراقاش ناهىيىسىنىڭ ئاق ساراي يېزا قۇمباغ كەنتىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 98 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ، هايات ۋاقتىدا بىرنەچچە نۆۋەت قاراقاش ناهىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناهىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

# ئىسھاق ئاخۇنۇم

ئىسھاق ئاخۇنۇم 1893 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ، پوسكام ناھىيە پوسكام يېزىسىدىن بولۇپ، مەشھۇر تېۋىپلارنىڭ بىرى. ئىسھاق ئاخۇنۇم باللىق چاغلىرىدا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، تۇغقىنى ئىبراھىم ئاخۇننىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. ئالتە ياشقا كىرگەندە، بازار مەدرىسىدىكى ھوشۇر ئەلەم ئاخۇنۇمدا ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغان. 15 ياشقا كىرگەندە تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن بازاردىكى توختىھاجىنىڭ ماتاگخانا ۋە ماش ئۇگرىخانىسىدا ھېسابات ئىشلىرىنى قىلغان. ئۇ ئەقىللىق، تىرىشچان، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىش قىلىدىغان بولغاچقا، 20 ياشقا كىرگەندە توختىھاجى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالغان.

ئۇ، تىرىشىپ ئىش قوشۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر تەرەپتىن، قېيىن ئاتىسىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملەشسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ھوشۇر ئەلەم ئاخۇنۇمدىن ھېسابات ۋە تىبابەتچىلىك نەزەرىيىلىرى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئۆگىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، پوسكام دىيارىدا بەزگەك، چېچەك، سىبلىس، باش تەمرەتكىسى، پوقاق قاتارلىق كېسەللىكلەر تارقىلىپ، ئاممىنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالىدۇ ھەمدە دوختۇرمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئاممىنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولۇش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. ئىككى ئاكىسىنىڭ

قوللىشى بىلەن، ئۇيغۇر تېبابەت دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلىۋالىدۇ. جاپاغا چىداپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئۇستاز تۇتۇپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق دورىگەرلىك بىر يۈرۈش تېخنىكىلىرىنى تېزلىكتە ئىگىلىۋالىدۇ. 30 ياشقا كىرگەندە، تېبابەتچىلىكتە يىراق - يېقىنغا داڭقى چىقىدۇ.

1930 - يىلى ھوشۇر ئەلەم ئاخۇنۇم ئىسھاق ئاخۇنۇمنى بازار جامەسىنىڭ ئىماملىقىغا كۆرسىتىدۇ. كېيىن ئۇ ھەر كۈنى ئىماملىقنى قىلغاچ تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1956 - يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى داۋامىدا ئىسھاق ئاخۇنۇم توختىبەگ، ئابدۇقادىر مەخسۇم قاتارلىق بىرنەچچە تېۋىپلار بىلەن بىرلىشىپ، بۇ ناھىيىنىڭ تارىختىكى تۇنجى ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش دوختۇرخانىسىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ كېسەللىككە دىئاگنوز قويۇشى ئەستايىدىل، كىشىلەرگە مۇئامىلىسى مۇلايىم بولغانلىقتىن، ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە كېسەل كۆرسىتىدىغان بىمارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

1976 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بۇ مۆتىۋەر تېۋىپنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، بەختكە قارشى ۋاپات بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ 81 ياشتا ئىدى.

# سەيپۇل قارىم

سەيپۇل قارىم 1893 - يىلى تۇرپان يېڭىشەھەر يۇقىرىقى مەھەللىدە روزى تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە كونا مەكتەپتە ئوقۇپ، خەت ساۋاتىنى چىقارغان ۋە دىنىي تەلىم ئالغان. ئۇن نەچچە ياشلىرىدىن تارتىپ دادىسىغا ئەگىشىپ، تىبابەتچىلىك ۋە پارس تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن. 1939 - يىلى ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىقىپ، تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ۋە خەنزۇچە سۆزنىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، خەنزۇ بىمارلارنىڭ كېسەللىك شىكايىتىنى بىۋاستە ئاڭلىيالايدىغان بولغان. سەيپۇل قارىم دورىگەرلىككە كامىل بولغانلىقى ئۈچۈن، 1954 - يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان بىرلەشمىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن كىرىپ، دورىغا ئىش قوشۇشقا مەسئۇل بولغان ۋە ياش دورىگەرلەرنى تەربىيىلىگەن. 1978 - يىلى 8 - ئايدا 85 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ماموٗت هاجى

ماموٗت هاجى 1894 ـ يىلى گوٗما ناهىيە تۇگمەنبېشى مەھەللىسىدىكى تېۋىپ موٗھەممەت ئابدۇللا ئاخوٗنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھەمدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 10 ـ ئەۋلاد تېۋىپ سۈپىتىدە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. تېۋىپ موٗھەممەت ئابدۇللا ئاخوٗنۇم، تېۋىپ سەيپىدىن ئاخوٗنۇم، تېۋىپ ئابدۇللا خوجا ئاخوٗنۇم، تېۋىپ تۇرسۇن خەلىپەم، تېۋىپ ناسىر بەگ، تېۋىپ سالى بەگ، تېۋىپ ئۆمەر بەگ، تېۋىپ چىلگە بەگ قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ماموٗت هاجى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا دادىسىنىڭ تەسىرىدە تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ، مەكتەپ يېشىدىن باشلاپلا ئۆز مەھەللىسىدىكى مەدرىسىلەردە ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلىكتە، دادىسى موٗھەممەت ئاخوٗنۇمدا بىر تەرەپتىن، تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، دادىسىغا ياردەملىشىپ تىبابەتچىلىك ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ئۇ يەنە مەشھۇر ئەدىب، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئالىمى تەجەللىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، موٗستەقىل ھالدا كېسەل كۆرۈش ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. كېسەل داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئاددىي ئۇسۇللار ئارقىلىق نۇرغۇن

مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى، بولۇپمۇ كۆز كېسەللىكلىرى، ئاق كېسەل، جوزام، سىل، سىبلىس كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ ئالاھىدە نەتىجە قازانغان. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ يېزىپ قالدۇرغان قول يازمىسى ھازىر گۇما ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ تېۋىپى ئابدۇغېنى قارى ھاجىدا ساقلانماقتا.

مامۇت ھاجى شاگىرت يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇ كىشى تەربىيىلىگەن شاگىرتلاردىن مەشھۇر تېۋىپ مەخسۇت ئاخۇنۇم، مۇھەممەتنىياز ئاخۇنۇم، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم قاتارلىقلار گۇما ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنى قۇرغۇچىلاردىن بولۇپ قالغان. مامۇت ھاجى 1946 - يىلى چەت ئەلگە چىقىپ، پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بۇ جەرياندا پاكىستان بىلەن ئافغانىستان ئارىلىقىدا دورىگەرلىك قىلىش بىلەن بىرلىكتە، نۇرغۇنلىغان بىمارلارنى داۋالاپ يەرلىك خەلقلەرنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ 1974 - يىلى پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر ئۆلكىسىدە ۋاپات بولغان.

# روزى موللا

روزى موللا 1895 - يىلى خوتەن ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە كونا مەكتەپتە ئوقۇپ خەت ساۋاتىنى چىقارغان ۋە دىنىي تەلىم ئالغان . 1913 - يىللىرى تىبابەتچىلىككە شاگىرتلىققا كىرىپ ، تىبابەتچىلىك بىلەن پارس ۋە ئەرەب تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن . تەخمىنەن 1925 - يىللىرىدا ئۆز ئالدىغا تىبابەتچىلىكنى باشلاپ ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توقسۇ ۋە شايار ناھىيىلىرىدە تىبابەتچىلىك قىلىپ ، تەخمىنەن 1940 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ئۆرۈمچىگە چىقىپ تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان . روزى موللا 1954 - يىلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن مىللىي تىبابەتچىلىك بىرلەشمە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى — « بىرلەشمە » گە قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە قاتناشقان . روزى موللا تىبابەتتىمىز ئىچكى كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا كامىل بولۇپ ، « بىرلەشمە » گە كىرگەندىن كېيىن ، بىرنەچچە شاگىرت تەربىيىلىگەن . 1964 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن

# مايسخان

مايسخان كىسەل داۋالاشتا هايۋانلارنىڭ گۆشى، كاللا - پاقالچاق، ئۆپكە - هېسىپلىرىنىڭ رولىنىڭ چوڭلۇقىنى كەڭ تەرغىپ قىلغان داڭلىق ئايال تېۋىپلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى ۋە تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. 1895 - يىللىرى ۋاپات بولغان. قەشقەر بەشكېرەم بەگلىكنىڭ تۇتۇرك دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ دېهقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. قوشۇمچە كىسەل داۋالاپ داڭ چىقارغان.

مايسخان ئۇزاق مۇددەت قوي، ئۆچكە، ئات، كالا، تۆگە قاتارلىق چارۋىلار ئارىسىدا يۈرگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى چوڭقۇر كۆزەتكەن. ئۇ، ھەرقانداق كىسەلگە قوي گۆشى شىپا دەپ قارىغان. سوغۇقى ئېشىپ كەتكەن ئادەملەر كاللا - پاقالچاق ئىستېمال قىلىشى، لېكىن مەلۇم ۋاقىت ئىستېمال قىلىپ ئۆزىنى سىناپ بېقىشى، ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلماسلىقى كېرەك، دەپ ھېسابلىغان. ئۇ، ئادەملەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ كىسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ، ھايۋانلارنىڭ شۇ خىل ئەزالىرىنى پىشۇرۇپ يېيىشنى بۇيرۇغان.

مايسخان ھايۋان تېرىسىنىڭ ئىسسىقلىق ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن سوزۇلما خاراكتېرلىك كىسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلارنى كىسەل تۈرىگە قاراپ، تۇرلۇك

هايۋانلارنىڭ تېرىسى، يۇڭىدا كىيىم ـ كېچەك قىلىپ كىيىشنى تاپىلىغان. مايسىخان قۇشلارنىڭ ئادەملەر ئۈچۈن ئىنتايىن كېرەكلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆپىنىڭ گۆشى ۋە باشقا ئەزالىرىنىڭ ئادەملەر ئۈچۈن كېرەكلىك ئىكەنلىكىنى كېسەل داۋالاش جەريانىدا ئىسپاتلىغان. ئۇزاق مۇددەت كېسەللىك سەۋەبىدىن يېتىپ قېلىپ ئاجىزلاپ كەتكەن، تۇغۇتتىن تۇرغان ئاياللارنى قوي، بۆرە تېرىسىگە ئېلىشنى تاپىلىغان. بۇخىل ئۇسۇل بىلەن نۇرغۇن كېسەللەر شىپا تاپقان. قۇلاققا سۇ كىرىپ كەتكەن ياكى پاڭقۇش بولۇپ قالغان كىشىلەرگە قوينىڭ پاقالچىقىنى ئۆكلەپ تۇيىقىنى چىقىرىپ ئىسسىق چېغىدا قۇلىقىغا يېقىشنى بۇيرۇغان. بۇخىل ئۇسۇل بىلەن بىرمۇنچە كېسەللەرنى ساقايتقان. قاغىنىڭ مېڭىسىدە قۇۋۋەت دورىسى ياساپ، زەئىپلىشىش كېسىلىگە شىپا تاپقۇزغان. مايسىخانىنىڭ بۇخىل داۋالاش ئۇسۇلى ھەم ئاددىي ھەم ئەمەلىي بولغاچقا، ئۇنىڭغا كۆرۈنىدىغانلار بەك كۆپ بولغان. بەشكىرەم، قوغان، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىن كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. ئۇ، كېسەللەردىن ھەق ئالمىغان، بەلكى يىراقتىن كەلگەن نامراتلارغا ئاش ـ تاماق بەرگەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۆمۈر بويى غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ، باياشات ماكان تۇتماي ئالەمدىن ئۆتكەن.

# تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم

بۇ كىشى 1897 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1910 ـ يىلىغىچە دىنىي مەدرىستە ئوقۇغان. 1920 ـ يىلىغىچە ئەلنامە يېزىسىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق تېۋىپ ھېكىم ئەخمەت ھاجىدىن تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەن. 1925 ـ يىلغىچە قاغىلىقتا تەجەللى ساھىق دېگەن كىشىدە ئوقۇپ تىبابەتچىلىك ئىلمىنى تاكامۇللاشتۇرغان. 1925 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە ئۆز يۇرتى ۋە يەكەنلەردە تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1955 ـ يىلى مىللىي تېۋىپلار بىرلەشمىسىگە قاتناشقان. 1975 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، 1978 ـ يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر مۇشۇ دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن. ئۇنىڭ گەرچە بۇ يەردە ئىشلىگەن ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن قالدۇرغان تۆھپىسى كۆپ بولدى. ئۇ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاق كېسەللىكىگە ئىشلىتىدىغان شەربەت ۋە مەجۇناتلارنىڭ مۇرەككەپ رېتسىپلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئاق كېسەللىكنى داۋالاش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتتى. ئۇ، 1960 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلىغىچە بولغان قىسقا ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللىق داۋالاش تەجرىبىسىگە ئاساسەن «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك قوللانمىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى. بۇ كىتاب ھازىرغىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

# ناسىر بەگ

تېۋىپ ۋە جەمئىيەتشۇناس، ۋەتەنپەرۋەر ناسىر بەگ 1898 - يىلى تۇرپاندا كەمبەغەل ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەرگە ئىشتىياقى بار ئاتىسى ئوغلى ناسىر بەگنىڭ بىرەر كەسىپ ئەھلى بولۇپ چىقىشىنى ئويلاپ، ئالدى بىلەن ياغاچچىلىقنى ئۆگەتكەن. ئاتىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بۇ ھۈنەرنى ياخشى ئۆگىنىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ناسىر بەگ قەلبىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش، بولۇپمۇ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلغان. ئەڭ ئالدى بىلەن دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، شۆتاڭدا ئوقۇشنى ئۈمىد قىلغان. ئارزۇسى بويىچە تۇرپاندا ئېچىلغان شۆتاڭدا يۇنۇس بەگ ( يۇۋىن بىڭ )، ناسىر بەگ ( نابەيشاڭ )، مەمتىلى ھاجى ( ئەي تىرىن ) لار بىلەن بىللە خەنزۇچە ئوقۇغان. خەنزۇچە يېزىق ۋە سۆزلەرنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن. 1918 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە جىددىي يۇقۇملۇق كېسەللىك پەيدا بولغان، تۇرپاندا چوقۇر كېسەللىكى ئەۋج ئېلىپ، چوقۇر بولۇش كۆپىيىپ كەتكەن ۋە ئۆلۈم - يېتىم ئىنتايىن ئېغىر بولغان. ياڭ زېڭشىڭ ھاكىمىيىتى گەرچە مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن داۋالاش ئۇنۇم بەرمىگەنلىكتىن، ھەر مىللەت خەلقى زور ئاپەتكە دۇچار بولغان. خەلقنىڭ جىددىي تەلىپىگە

ئاساسەن، 1919 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىش مەكتىپى قۇرۇلغان (ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يېقىن جايدا ئىدى). بۇ مەكتەپكە ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پىچانلىق خۇيزۇ ۋۇيۇشەن، تۇرپانلىق ناسىر بەگ (نابەي ـ شاڭ) دىن باشقىلىرى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرىچە يېشى 20 لەردە بولۇپ، ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل ھالدا داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان بولغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تەقسىم قىلىنغاندا، ناسىر بەگ تۇرپانغا تەقسىم قىلىنغان. ناسىر بەگ تۇرپانغا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر چېچەك چېكىش بىلەن مەشغۇل بولغان. تۇرپاندا كۆپ ئۇچرايدىغان چوقۇر كېسەللىكىنى داۋالاش، ئەتقىق قىلىشتا ناسىر بەگنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور بولغانلىقتىن، تۇرپان خەلقى «ناسىر چېچەكچى» دېگەن شۆھرەتلىك نامنى بەرگەن. چېچەك سۈيىنى تەييارلاش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش، يەرلىك ئوت ـ چۆپ دورىلار بىلەن كېسەل داۋالاشنى جارى قىلدۇرغان. سەھىيە تېخنىكىسىنى يۈكسەلدۈرۈپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، تۇرپان خەلقىگە ئۇنتۇلغۇسىز ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن.

ناسىر بەگ خەنزۇ، رۇس، ئەرەب، پارس تىلىنى ۋە يېزىقىنى بىلگەنلىكتىن، ئەينى ۋاقىتتا تىبابەت ھەققىدە ئەسەر يازغان. شاگىرتى مىنور بەگكە بىر دانە تىبابەت ھەققىدە يېزىلغان كىتابىنى سوۋغا قىلغان. بۇ كىتابتا تىبابەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى

يېزىلغان بولۇپ ، شاگىرتلىرى ئەمەلىي ئىشلەتكەن . ھازىرمۇ بۇ كىتابنىڭ بەزى نەمۇنىلىرىدىن پايدىلانغانلار بار . ئەپسۇسكى ، ناسىر بەگنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تىبابەتچىلىك ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن . قول يازمىسى بەزى ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن .

ناسىر بەگ 1937 - يىلى كۇچاغا ھاكىم بولۇپ تۇرغاندا ، ماخوسەنىڭ باندىت ئەسكەرلىرى : « سەن كۇچادىكى بارلىق خەنزۇلارنى بىر يەرگە جەم قىل ، خەلقتىن ئالۋاڭ - ياساقنى ئېلىپ توپلاپ تۇرغىن » دېگەن . ناسىر بەگ بىلەن شەنبەي ھاجى ( خۇيزۇ ) بۇ ئىشتا قوشۇلمىغاندا ، باندىتلار كېلىپ قەتلى قىلىۋەتكەن ( ناسىر بەگنىڭ قەبرىسى ھازىر كۇچا شامالباغرىدا بار ) . ناسىر بەگ قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئورنىغا لىڭ جىلۇ ( كومپارتىيە ئەزاسى ) ھاكىم بولۇپ بارغان . ناسىر بەگ خەلقنى سۆيەتتى ، خەلقنىڭ غېمىنى يەيتتى ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولاتتى ، خەلقنىڭ قەلبىنى چۈشىنەتتى . ئۇ 1937 - يىلى 8 - ئايدا 39 يېشىدا كۇچادا ۋاپات بولغان .

# ئابدۇللا ھاجى

ئابدۇللا ھاجى 1898 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيە بازار ئىچىدە دىنىي زات ۋە تىببىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1905 - يىلدىن 1918 - يىلغىچە مەھەللىسىدىكى دىنىي مەدرىسىتە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن. 1918 - يىلدىن 1924 - يىلغىچە تاغىسى موللا غوجى ئاخۇنۇمغا شاگىرت بولۇپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە بىلىملىرى ۋە ئەمەلىيەت قىسىملىرىنى ئىگىلىگەن. 1924 - يىلدىن باشلاپ ئۆزى مۇستەقىل ھالدا داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا يۈرەك سانجىقى، مېڭە قان تومۇر قېتىشىش، سۆڭەك ئۆسمىسى، ھەرخىل بوغۇملارنىڭ ياللۇغى، ھەرخىل نېرۋا، نەپەس، ھەزىم قىلىش سىستېمىلىرى كېسەللىكى ۋە تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا بىرقەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ئابدۇللا ھاجى 1957 - يىلى لوپ ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىسى سۈپىتىدە، رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن. ئۇ، دوختۇرخانىدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك كەسپىگە بولغان ئەقىدىسىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئۆز كەسپىنى تىرىشىپ ئىلگىرى

سۇرۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى گۈللەندۈرگەن. شۇ جەرياندا قەنت سىيىش ( دىئابىت ) كېسىلى، ئاشقازان - ئۈن ئېككى بارماق ئۈچەي يارىسى، بوغۇم ياللۇغى، ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق، ئاياللاردىكى ئاق خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى ئاددىي، يەرلىك دورىلار بىلەن داۋالاپ ساقايتقان. ئابدۇللا ھاجى شاگىرت تەربىيىلەش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھازىر لوپ ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىدا ئاساسلىق دوختۇر بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئابدۇللا ھاجى ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ « ئۇيغۇر تېبابىتى رېتسېپلار توپلىمى »، « ئۇيغۇر تېبابەت قوللانمىسى » قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. كېيىن قېرىش ۋە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئىجادىيەت ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. ئابدۇللا ھاجى پۈتۈن ئۆمرىدە 68 يىل تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، 1986 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 88 يېشىدا لوپ ناھىيىسىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

# يۈسۈپ روزى

يۈسۈپ روزى 1900 ـ يىلى خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 20 ياشقا كىرگۈچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇنىدىن كېيىن ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. چەت تىللارنى ئۇزاق يىل كۆمۈلۈپ ياتقان ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ سىرىنى ئېچىشقا خىزمەت قىلدۇرغان. ياشلىق دەۋرىدە دادىسى روزى ئاخۇنغا ئەگىشىپ يەكەن، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ كېسەل داۋالىغان. كېيىن قاغىلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر تىبابەت ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە دورىگەرلىك ئىلمىنى مۇكەممەل ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى تەجەللىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ تىبابەت جەھەتتىكى بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، ئۆز ئالدىغا كېسەل كۆرۈپ ھەرخىل مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى داۋالاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 1956 ـ يىلى قاغىلىقتا قۇرۇلغان نۇرلۇق ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا ئەزا بولۇپ كىرىپ، باش تېۋىپ بولۇپ ئىشلىگەن.

يۈسۈپ روزى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئاق كۆڭۈل، بىمارلارغا بولغان كۆيۈمچانلىقى بىلەن خەلق ئارىسىدا كۆيۈمچان، ماھىر تېۋىپ دەپ نام ئالغان. ئۇ، كېسەل كۆرۈشتە ناھايىتى

ئەستايىدىل بولۇپ، نۇرغۇن كېسەللەرگە ئۆز قولى بىلەن دورا ياساپ، ئۆزى سىناق قىلىپ، ئاندىن ئىشلىتەتتى. ئۇ كۆپ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. بولۇپمۇ، تېرە كېسەللىكلىرى، ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ماھىر ئىدى.

يۇسۇپ روزى 1959 ـ يىلدىن باشلاپ يەكەن، ئۇرۇمچى قاتارلىق جايلاردا تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1966 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 66 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# تېيىپزات تاھىرى

تېيىپزات تاھىرى مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن، ئەخلاقىي پەزىلەتلىك، ئىقتىدارلىق كىشىلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شائىرى، تارىخچىسى، تېۋىپى ھەم ماھىر خەتتاتى ئىدى. ئۇ، 1901 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چولۇقاي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. تېيىپزات سەككىز ياشقا كىرگەندە، غۇلجا شەھىرىدىكى «تالىيە» مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. تېيىپزات بۇ مەكتەپتە سەككىز يىل ئوقۇپ، مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتتۈردى. ئۇ ئوقۇش، ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش، ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتىن مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغاچقا، ئۆز مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولدى. 1921 - يىلغا كەلگەندە، ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئايرىلىپ، بىلىم ئېلىش تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قەشقەرگە باردى، قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە كىرىپ شەمشىدىن داموللىدا مەخسۇس تەلىم ئالدى.

مەرىپەت ئىشقىدا يانغان تېيىپزات: «نادانلىق — قاراڭغۇلۇق، قاراڭغۇلۇقنى نۇر يورۇتىدۇ، نۇر — بىلىم» دەپ تونۇپ، مىللەتنىڭ مائارىپى ئۈچۈن ئۆزىنى بەخش ئەتكەچكە، قەشقەردىن ئىلىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، پۇل، مەنسەپ،

ئاتــاق ، ئابــروي ئۇچۇن ئۆزىنــى ئۇرمــىدى . ئابدۇمۇتــائالــي
خەلــپەمنىڭ دەرسخانىسىغا كىرىپ داۋاملىق بىلىم ئاشۇردى . يەنە
بىر تەرەپتىن مۇئەللىم بولۇپ ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشكە
قايىتا كىرىشتى . 1928 - يىلىغا كەلگەندە « تالىيە » مەكتىپىنىڭ
مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى . دەل مۇشۇ مەزگىللەردە غۇلجىدا
سەھىيە ، تىبابەتچىلىك تەرەققىي قىلمىغان ، تىببىي خادىملار
تولىمۇ كەم ئىدى . ئۆزلۈكىدىن تىبابەتچىلىك كىتابلىرىنى ئوقۇپ
مۇتائىلە قىلىپ ، بۇ جەھەتتە ئانچە - مۇنچە بىر نەرسىنى پەملەپ
قالغان تېيىپزات ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ، 1930 -
يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلغان تىببىي كۇرستا ، 1932 - يىلى يەنە
غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلغان فېلدشېرلىق كۇرسىدا تىببىي بىلىم
ئالدى . ئاندىن ھەرخىل كېسەللىكلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان « شىپائىل قۇلۇپ » ناملىق تىبابەتچىلىك كىتابىنى
تۈزدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يەككىل
كېسەللىكلەرنى داۋالاپ كەلدى .
تېيىپزات 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەكتەپلەردە
ئوقۇتقۇچى بولدى . 1944 - يىلى ئىلىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى
قوزغالدى . 1945 - يىلى 2 - ئايدا غۇلجا شەھىرىدە ئۈچ ۋىلايەت
ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى دىنىيە نازارىتى قۇرۇلۇپ ، ئابدۇمۇتا ئالىي
خەلپەم نازىر بولدى . تېيىپزات دىنىيە نازارىتىنىڭ مەسئۇل كاتىپى
بولدى . تېيىپزات 1951 - يىلغىچە كاتىپ بولۇپ ئىشلىدى . ئۇ
كاتىپ بولغان مەزگىلدە ( 1946 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ ) ،
ئايدا بىر قېتىم چىقىدىغان دىنىي ، ئەدەبىي ، ئەخلاقىي ،
ئىلمىي ژۇرنال — « ھايات مۇجەللىسى » نى چىقىرىشقا

رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۆزى ژۇرنالغا ئۆزمەي شېئىر ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ تۇردى. خەلق ئىچىدىن تارىخىي، ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە نۇرغۇن كىتابلارنى توپلىدى، مۇھىملىرىنى كۆچۈرۈپ ساقلىدى. تېيىپجان 1951 - يىلدىن كېيىن، بىر مەزگىل ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئىلى ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشلىرىنىڭ ئەزاسى بولدى. ئۇ، 1974 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چولۇقاي يېزىسىدا ۋاپات بولدى.

تېيىپجان ئوقۇتقۇچى بولغان مەزگىللەردە تىل جەھەتتىن مەلۇم بىلىمگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، يەنمۇ ئىلگىرىلەپ «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» تۈزۈشكە كىرىشتى. بۇ بىر زور ئىلمىي ئىش ئىدى. ئۇ، لۇغەتكە ئۇزاق يىل ئەجىر قىلدى، ئۇچرىغان ھەرخىل سۆزلەرنى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا توغرا ئىزاھلاشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى، سۆزلەرگە پەن - تېخنىكىدىن، تارىختىن، ئەدەبىيات - سەنئەتتىن، سىياسىي، پەلسەپىدىن، ئىشلەپچىقىرىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىن دەلىل - ئىسپات كەلتۈرۈشكە بار كۈچى بىلەن ئۇرۇنۇپ كۆردى، بىر سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى، كۆچمە مەنىسى ۋە يوشۇرۇن مەنىسىنى بېرىشكە تىرىشتى. ئۇ، ئاخىر 1950 - يىللارنىڭ بېشىدا «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» نى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈزۈپ، دەسلەپكى باسقۇچتا تاماملىدى. تېيىپجان لۇغەتكە توپتوغرا 30 يىلدەك ئۆمرىنى سەرپ قىلدى. لۇغەتنى تۈزۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، پەن - تېخنىكا، ئېتنوگرافىيە ۋە تىبابەتچىلىك بىلىمنى مۇستەھكەملەپ يەنمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ئىلمىي ھەم تارىخىي قىممەتكە ئىگە ناھايىتى نۇرغۇن كىتاب، قول يازما ماتېرىياللارنى توپلىدى.

ئۇنىڭ مۇشۇ لۇغەتكە كىرىشتۇرۇش ئۈچۈن يېزىپ رەتلىگەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى، ماقال - تەمسىللىرى، قوشاقلىرى، تېپىشماق، لەتىپە، رىۋايەتلىرى ھەم كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئۆزۈندىلەر 3000 — 4000 پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ، ئاپتورنىڭ يەنە بىر ئىلمىي خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ.

تېيىپېزات 1930 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە «دىيانەت»، «ئىسلام ئەخلاقى»، «ئىسلام ۋە ئەخلاق»، «ئىچىملىك ۋە قىمارنىڭ زەرەرلىرى»، «روزا ھەققىدە» (ھازىرقى تېپىلغانلىرى) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، كىشىلەرگە ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى بېرىشكە تىرىشتى. بۇ ماقالىلەر ئەينى زاماندا كىشىلەر ئارىسىدا زور تەسىر قوزغاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىدە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «ئەخلاق باغچىسى» (1933 - يىلى) كىتابىنى تۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك قىلىپ ئۆتتى. بۇ دەرسلىك كىتاب بىرنەچچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن، ئىدىيە، ئەخلاققا ئالاقىدار كۆپ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەينى زاماندا ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسى بېرىشتە، يىگانە دەرسلىك ماتېرىيال بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا، بۇ كىتاب بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

# زۇنۇن قارىم

زۇنۇن قارىم مۇھەممەت ئىمىن قارىم ئوغلى، 1901 ـ يىلى قەشقەر شەھەر ئىچى ئەگلەكچى كوچا مەھەللىسىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سەككىز ياشقىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 16 ياشقىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ئەرەبچە، پارسچە كىتابلاردىن پايدىلىنالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. زۇنۇن قارىمنىڭ چوڭ دادىسى ئۆمەر ھاجى مەشھۇر تېۋىپ بولغاچقا، زۇنۇن قارىم چوڭ دادىسىدىن تىبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن ھەمدە چوڭ دادىسى بىلەن بىللە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

زۇنۇن قارىم 27 ياشقا كىرگەندە، چوڭ دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تېۋىپلىق قىلغان. 1955 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا باش دوختۇر بولۇپ، ئوغلى بىلەن بىللە خىزمەتكە كىرگەن.

زۇنۇن قارىم شىپاخانىغا كىرگەندىن كېيىن، باشقا پېشقەدەم تېۋىپلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ پەم ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، بىمارلارنى داۋالاشتا داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مۇرەككەپ كېسەللىكلەر ئۈستىدە داۋاملىق كىتاب كۆرۈپ ئىزدىنىپ، يېڭى نۇسخىلارنى ئىجاد قىلىپ، ياخشى ئۈنۈم قازانغان. كېسەللەرگە ئوبدان كۆيۈنۈپ، دىئاگنوزنى توغرا

قويۇپ ، مۇۋاپىق دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىپ ، كېسەللەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن . كېسەل داۋالاشتا ھەرگىز تەۋەككۇلچىلىك قىلماي ، دورىلارنىڭ سۈپىتىگە بەك ئەھمىيەت بەرگەن .

زۇنۇن قارىم ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىش ، بېيىتىش ، شۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ دەردىگە داۋا ، رەنجىگە شىپا بولۇشقا بېغىشلاپ ، نەچچە مىڭلىغان بىمارلارنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان .

زۇنۇن قارىم خەلق ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان مۇپاسىل ( رېماتىزم ) ، خاپىغان ، ئۆپكە ، يۈرەك كېسىلى قاتارلىقلارنى ئاددىي دورىلار بىلەن داۋالاپ ئۈنۈم ھاسىل قىلغان .

زۇنۇن قارىم شاگىرتلارنى تەربىيىلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن . ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھازىر ھەرقايسى شىپاخانىلاردا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىمەكتە .

# مۇھەممەت ئىلى ئىزىزۇللا خەلپىتىم

مۇھەممەت ئىلى ئىزىزۇللا خەلپىتىم 1902 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسى، جاڭگىلەسكى يېزىسىدا بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەت ئىلى ئىزىزۇللا خەلپىتىم باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز يۇرتىدا چىقارغان. ئىلىم ـ پەنگە ئىشتىياق باغلاپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ تەبئىي دورا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر تىبابىتىنى ئۆگىنىشكە يۈرۈش قىلغان. كېيىن قاغىلىق ناھىيە بازىرىغا كىرىپ، شۇ مەزگىلدە قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، گۇما قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر تىبابىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاتاقلىق تېۋىپ روزى ئاخۇنۇم، يۈسۈپ ئەپەندى قاتارلىق پېشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ۋە ئۇيغۇر تىبابەت ئاساسىي نەزەرىيىسى، دورىگەرلىك ئىلمىنى پۇختا ئۆگەنگەن. بىر تەرەپتىن ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ 60 يىللىق ئۆمرىنى ئۇيغۇر تىبابىتىگە بېغىشلاپ، نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ چىققان. تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا داۋالاش بىرقەدەر قىيىن بولغان بىرقانچە خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئامما ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغان. ئايرىم كېسەللىك ئۈستىدە تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، لاياقەتلىك رېتسىپلارنى تۈزۈپ

چىققان.

مۇھەممەت ئىبلى ئىبزىزۇللا خەلپىتىم 1956 ـ يىلى پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزىنىڭ دورا ـ دەرمەك ۋە بىر يۈرۈش داۋالاش سايمانلىرى بىلەن قاغىلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنى قۇرۇشقا ئاساس سالغان.

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئۇنىڭ دىلىنى يورۇتتى. ئۆزى ياشانغان بولسىمۇ ھەرگىز بوشىشىپ قالماي، يەنىلا كېسەل داۋالاش، يېڭى رېتسىپلارنى تۈزۈش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. تۆھپە يارىتىپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

مۇھەممەت ئىبلى ئىبزىزۇللا خەلپىتىم بىر تەرەپتىن، كېسەل داۋالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن داۋالاش تەجرىبىسى ۋە دورا نۇسخىلىرىنى يېزىپ رەتلەپ، 30 مىڭ خەتلىكتىن كۆپرەك قىممەتلىك قول يازمىسىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قالدۇردى. ئۇ، 1987 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.



# مەتنىياز ئاخۇنۇم

مەتنىياز ئاخۇنۇم 1903 ـ يىلى گۇما بازىرىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1913 ـ يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1913 ـ يىلدىن 1919 ـ يىلغىچە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. 1919 ـ يىلدىن 1925 ـ يىلغىچە تېۋىپ ماموت ھاجىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئۇ بىلىمگە ھېرىسمەن، سوراشتىن تارتىنمايدىغان كىشى بولغاچقا، ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇستازىدىن تىببىي كىتابلارنى ئاختۇرۇپ تاپقىلى بولمايدىغان، ئۇستازى بىۋاسىتە توپلىغان نۇرغۇن بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، ئاخىر گۇما ناھىيىسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تېۋىپلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇستازى ماموت ھاجىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۆز ئالدىغا كېسەل داۋالاشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ھەر خىل كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاش جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تەجرىبىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بولۇپمۇ، بەرەس قاتارلىق جاھىل تېرە كېسەللىكلىرىنى، سۈيدۈك توختاپ قېلىش، يەر قان ( جىگەر تېپىلى ) قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا سىناقتىن ئۆتكەن بىر يۈرۈش رېتسېپ ۋە مول تەجرىبىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، 1957 ـ يىلى

گۇما ناھىيىسىدە جىگەر كېسەللىكى تارقىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، ئۇ دورا ماتېرىياللىرى مەنبەسى مول، ياساش قولاي، ئۈنۈمى تېز، يەڭگىل، بىر ئىسكەت رېتسېپ تەييارلاپ، كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا كىرىشىپ، تەشكىلنىڭ تەقدىرلىشىگە، خەلقنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن. مەتنىياز ئاخۇنۇم كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، مىزاجنىڭ تۈرىنى ئېنىقلاشقا، بىمارلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، يېمەك - ئىچمىكىنى ئېنىقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بەزى كېسەللىكلەرنى دورا بىلەن ئەمەس، يېمەكلىككە دىققەت قىلىش، تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىلىش ئارقىلىقلا داۋالاپ ساقايتقان.

مەتنىياز ئاخۇنۇم ئىزباسار تەربىيىلەشكىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلاردىن ئۆز ئوغلى نۇرى مۇھەممەتخان ھاجى، ھازىر گۇما ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ ئاساسلىق تېۋىپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

« بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق» دېگەندەك، مەتنىياز ئاخۇنۇم گەرچە 1960 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قولىدا كېسەلدىن شىپا تېپىپ ساقايغان، ياساپ بەرگەن دورا، شەربەتلىرىنى يېگەن ۋە ئىچكەن، ئۆز بەدىنىنى قانداق بىلىش ۋە ئاسراش ھەققىدىكى ئىلمىي تەربىيىلىرىنى ئاڭلىغان ھەر بىر ئادەم، ئۇنى تا ھازىرغىچە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسلەپ، ياخشى تەرىپىنى قىلىشماي قالمايدۇ.

# مۇتئۇللا قارى ھاجى

پېشقەدەم تېۋىپ، ئۇيغۇر تىبابەت مۇدىر ۋراچى مۇتئۇللا قارى ھاجى 1903 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۇرپان ناھىيىسى (ھازىرقى تۇرپان شەھىرى) نىڭ چاتقال يېزىسى، تۇرپانقىر كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1909 ـ يىلدىن 1919 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ھەم قارىغۇجا كارىز ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتىپىدە پەننىي ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. 1924 ـ يىلغىچە، ئۈزۈمزار رايون تولۇق ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ باغرى مەدرىسىدە پارسچە ۋە ئەرەبچە ئۆگەنگەن. 1928 ـ يىلغىچە پىچان ناھىيە لەمجىن يېزا سۇبېشى كەنتىدىكى ئاتاقلىق تېۋىپ ئابدۇلھېمىت ئاخۇنۇمدىن تۆت يىل تىببىي ئىلىم ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىي داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمى ھاياتىغا پۇختا ئاساس سالغان. 1929 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە، تۇرپان بازارلىق يېڭىشەھەردە ئۆزى مۇستەقىل ھالدا خۇسۇسىي تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

1957 ـ يىلى تۇرپان يېڭىشەھەردە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسىدە، 1958 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى قارىمىقىدىكى يېڭىشەھەر تىبابەتچىلىك ئامبۇلاتورىيىسىدە، 1962 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە يار رايونلۇق دوختۇرخانا ئۇيغۇر تىبابەت بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1981 ـ يىلى

تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان ، ئىزچىل ھالدا مەزكۇر شىپاخانىدا ئىشلەپ كەلگەن . 1983 - يىلى ئۇيغۇر تىبابىتى بويىچە مۇدىر ۋراچ ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن .

مۇتىئۇللا قارى ھاجى تىبابەتچىلىكتە مۇكەممەل تېۋىپ بولۇپ ، ئۆزىنىڭ 65 يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتىدە مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان . ئۇ ئەرەب ، پارس تىللىرىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەردىن بىمالال پايدىلىنالايدۇ . دورا تەييارلاشتا ئاددىي ، يەرلىك دورىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ ، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تەبىئىتى ، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشىنى تولۇق بىلىپلا قالماي ، بەلكى ئۇلارنىڭ چىقىش ئورنى ، مېۋە بېرىش مەزگىلى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن . تەگرىتاغ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ، تۇرپان رايونىدىكى چۆل - جەزىرىلەرنى 20 نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىققان . نەچچە مىڭ كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ ، تۇرپان يوغان تېرەك تېغىدىن جىمسار ، مورى ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى تاغلارغا ئۆتۈپ، 450 خىلدىن ئارتۇق دورا ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان .

مۇتىئۇللا قارى ھاجى كېسەل داۋالاشتا بىمارلارغا خۇش پېئىل مۇئامىلىدە بولۇش ، ئىنچىكە تەكشۈرۈش ، ئەتراپلىق كۆزىتىپ داۋالاش پرىنسىپىنى ئۆلچەم قىلىپ ، نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ، خەلق ئىچىدە ئىنتايىن زور شۆھرەت قازانغان . ئۇ ، ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىلىرىنى ياش ئەۋلادلارغا ھاردىم - تالدىم دېمەي ئۆگىتىپ ، ئۇلار ئۇچۇن 460 بەتلىك داۋالاش ۋە دورا قوللانمىسى تەييارلاپ بەرگەن ھەمدە تۇرپان ، پىچان ، توقسۇن ، جىمسار قاتارلىق ناھىيىلەردىن بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

45 نەپەر شاگىرت تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن . شۇڭا ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىبابەت ساھەسى بويىچە يۇقىرى سۈپەتلىك شاگىرت تەربىيلەپ چىقالايدىغان ئۈچ ئۇستازنىڭ بىرى قاتارىدا ، « ئۇستاز » لىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىلغان . مۇتىئۇللا قارى ھاجى 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئۇيغۇر تىبابەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن « ئۇيغۇر تىبابىتى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق داۋالاش سىستېمىسى » نى تۈزۈپ چىقىشقا قاتنىشىپ ، بۇ تەتقىقات تۈرىدىكى « شەقىقىنى داۋالاش سىستېمىسى » غا كىلىنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلغان . مەزكۇر سىستېما 1990 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا تىببىي دورىگەرلىك ئۇچۇرلىرى يىغىنىدا « ئەۋلىيا دېھقان لوڭقىسى » مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقىنى تولدۇرغان . بۇ ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش تەتقىقاتىدىكى تۇنجى قەدەم بولۇپ ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىلدىكى تەتقىقاتلارغا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتتى .

مۇتىئۇللا قارى ھاجى ھازىرمۇ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي ئىزدىنىش ، ئۆگىنىش ۋە كېسەل داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ .

# ئابدۇقادىر روزى

ئابدۇقادىر روزى 1903 - يىلى قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىكى روزى ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئىلىم - پەنگە قىزىققان . باشلانغۇچ ساۋاتىنى بازار مەدرىسىدە چىقارغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىش ئارزۇسى بىلەن مەشھۇر تېۋىپ يۇسۇپ ئەپەندىم قاتارلىق پېشقەدەملەردىن ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمى ۋە پارس تىلىنى ئۆگىنىپ ، مۇكەممەل ھالدا ئۇيغۇر تىبابەت ئاساسى نەزەرىيە قىسمى ، دورىگەرلىك ، داۋالاش قاتارلىق ئەمەلىي بىلىملەرنى ياخشى ئىگىلىگەن . ئابدۇقادىر روزى كەمتەر ، كۆيۈمچان ، داۋالاشتىكى يۇقىرى تەجرىبىلىرى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇلغان .1965 - يىلى ۋاپات بولغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# ياسىن ئاخۇن داموللا

ياسىن ئاخۇن داموللا 1903 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيە، بېشئېرىق يېزا قارىۋاغ كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ، باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز مەھەللىسىدە چىقارغان ، كېيىن قاغىلىقتىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ، مەشھۇر تېۋىپ تەجەللىدە ۋە قەشقەردىكى ئابدۇقادىر داموللىدا دىن ، تىبابەت ئىلمى ، ئەدەبىيات ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، ئاسترونومىيە ، ئەخلاق قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەنگەن ۋە شۇ جەرياندا ئەرەب ، پارس ، ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن . كېيىن خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان ۋە ئۈچ يىل مۇدەررىس بولغان . قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ تىبابەتچىلىك دۇكىنى ئېچىپ ، داۋالاش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان . 1956 ـ يىلى بىر يۇرۇش ئۆي ـ جاي ، ئۆزىنىڭ دورا ـ سايمانلىرىنى پاي قىلىپ قوشۇپ ، قاغىلىقتا داڭقى چىققان ئون نەچچە تېۋىپ بىلەن ئۇيغۇر تىبابەت داۋالاش پونكىتى قۇرۇپ ، بۇنىڭغا ئۆزى باش بولغان ( ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ) . شۇنىڭدىن تارتىپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ ، يېڭى دورىلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ھەسسە قوشقان . كۆپ ئۇچرايدىغان بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىپ ، ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان . ياسىن ئاخۇن

داموللا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. بۇ كىشىنىڭ شاگىرتلىرى هازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىلىرىدا ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدۇ. ياسىن ئاخۇن داموللا ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ نۇرغۇن رېتسېپ ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان «شەربىتى مائۇل بۇقۇل» (جىگەر - ئۆت كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا)، «سۇفۇپى سىبىلىس» (يەل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە بېرىلىدۇ)، «سۇفۇپى ئەھمەر»، «رىمادى جەرەپ»، «چاھار تۇخۇم» قاتارلىق دورا نۇسخىسى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شىپاخانىلاردا قەدىرلىنىپ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە، بولۇپمۇ بۇ نۇسخىلار قاغىلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىدا ئىشلىتىلمەكتە.

# ئىمىنىياز ئاخۇنۇم

ئاتاقلىق تېۋىپ ئىمىنىياز ئاخۇنۇم 1904 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاراتام يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1911 ـ يىلدىن 1915 ـ يىلغىچە ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەرەب تىلىدىن ساۋاتىنى چىقارغان ھەم نوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، دادىسىنىڭ دورا دۇكىنىغا ياردەملەشكەچ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىلمى بىلەن تونۇشقان. 1915 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە تېۋىپ ئەخمەت خەلپە ھاجىغا شاگىرت بولۇپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى نەزەرىيە ئىلمى ۋە دورىگەرلىك ئىلمىنى، شۇنداقلا پارس تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن. 1937 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلغىچە خوتەن ۋە قاراقاش ناھىيىلىرىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1941 ـ يىلدىن باشلاپ دوختۇر بارات ھاجى بىلەن خوتەن شەھىرىنىڭ گۈلباغ بازىرىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن غەرب تىبابەتچىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن ئامبۇلاتورىيە ئېچىپ، بىر تەرەپتىن، ھەر خىل جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، غەرب تىبابەتچىلىكىدىكى كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆز كەسپىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن (بارات ھاجى ئەخمەت خەلپە ھاجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ،

ئۆزبېكىستاندا ئون يىل تۇرۇپ غەرب تىبابەتچىلىكى ئىلمىنى ئۆگىنىپ كەلگەن داڭلىق دوختۇر ) . 1945 ـ يىلغا كەلگەندە ، بىر قىسىم شاگىرتلىرى بىلەن بىرگە ئۆز ئالدىغا غەرب تىبابەتچىلىكى بىلەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن داۋالاش ئورنى ئېچىپ ، داۋالاپ ساقايتىش قىيىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن .

1956 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىمىننىياز ئاخۇنۇم ئامبۇلاتورىيىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئىشلىگەن . ئۇ ، بۇ مەزگىلدە ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن رېتسېپلار ئارقىلىق يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى ، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكى ، نېرۋا سىستېما كېسەللىكى ، بوغۇم كېسەللىكلىرى ، سىبىلىس ، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ ساقايتقان . 1975 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ،ئىمىننىياز ئاخۇنۇم شىپاخانا ئىچكى بۆلۈم كېسەلخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋە باش تېۋىپ بولۇپ ئىشلەپ ، شىپاخانىنىڭ تىببىي داۋالاش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان . ئىمىننىياز ئاخۇنۇمنىڭ تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئىقتىدارى ۋە خىزمەتتىكى تۆھپىسىگە ئاساسەن 1980 ـ يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن . ئىمىننىياز ئاخۇنۇم 1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .

# ئوبۇل ھۇداخان

ئوبۇل ھۇداخان 1904 ـ يىلى قاغىلىق بازار ئىچىدە مەشھۇر ئالىم ، ئاتاقلىق شائىر تەجەللى ھەزرەتنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ، 1962 ـ يىلى ۋاپات بولغان . ئوبۇل ھۇداخان كىچىكىدىن تارتىپ زېرەك بولغاچقا، ئالىمنىڭ ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلىشى ئاستىدا ناھايىتى تېزلا تىببىي ئىلىم ۋە ئەرەب ، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىبابىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆپلىگەن ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى تەجرىبىلەرنى توپلاپ جوزام ، بەرەس، بوۋاسىرلارنى داۋالاش جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان .

ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىدىكى مەشھۇر ئەسەر « شىپائىل قۇلۇپ » نى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىپ ، قول يازمىسىنى قالدۇرۇپ كەتكەن .



# غوپۇر ئاخۇن

غوپۇر ئاخۇن تېۋىپ ئابدۇراخماننىڭ ئوغلى، دانىش شاھ ھاجىنىڭ نەۋرىسى. 1904 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە كونا مەكتەپتە ئوقۇپ خەت ساۋاتىنى چىقارغان ۋە دىنىي تەلىم ئالغان. كېيىن خەنزۇچە مەكتەپ ( شۆتاڭ ) تە ئوقۇغان. ئوقۇش جەريانىدا دادىسىنىڭ دورا ياساش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ دورىگەرلىكنى ئۆگەنگەن. 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا خىزمەتكە كىرىپ 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا خىزمەتتىن چېكىنىپ چىقىپ، دادىسىغا ياردەملىشىپ دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئىككى ئوغلىنى تەربىيىلىگەن. ھازىر زېھنى ئوچۇق.



# سادىق مەخسۇم

سادىق مەخسۇم 1905 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيە بېشئېرىق يېزا ھېيىق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن . باشلانغۇچ ساۋاتىنى قاغىلىقتا چىقارغاندىن كېيىن ، ئاكىسى پازىل ھاجى بىلەن بىللە قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇغان . مەدرىستە ئوقۇش جەريانىدا دىنىي بىلىملا ئۆگىنىپ قالماستىن ، ئەخلاق ، جۇغراپىيە ، تارىخ ، پەلسەپە قاتارلىق پەنلەرنى ، ئەرەب ، پارس ، ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن . ئوقۇش داۋامىدا قەشقەر دىيارىدا داڭقى چىققان ئاتاقلىق تېۋىپ يۇسۇپ ھاجى قەشقەرى بىلەن تونۇشۇپ، تىبابەت كۆز قارىشىنى تۇرغۇزغان . كېيىن قاغىلىققا كېلىپ ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى تەجەللى ھەزرەتتىن ئۇيغۇر تىبابىتىنى ئۆگەنگەن . ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئاساسىي نەزەرىيىسى ، دورىگەرلىك ، ئەمەلىي كېسەل داۋالاش قاتارلىق بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلەپ ، ئۆز ئالدىغا كېسەل كۆرۈپ داۋالايدىغان بولغان . ئۇيغۇر تىبابىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا نۇرغۇن ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن مۇرەككەپ كېسەللەرنى ئاددىي ئۇسۇل بىلەن داۋالاپ ساقايتقان . بولۇپمۇ گومىنداڭ دەۋرىدە ، بىر مەزگىل غەربچە داۋالاش ئۈزۈلۈپ قالغان چاغدا ، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ، يەرلىك ئوت ـ چۆپتىن ھەر خىل دورىلارنى تەييارلاپ ، نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتقان .

بولۇپمۇ جوزام، بەرەس ( ئاق كېسەل ) ، ئۆپكە سىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا بىرقەدەر يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشكەن. شۇ مەزگىللەردە جونۇز ( ساراڭلىق ) كېسىلى جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە بىرقەدەر ئېغىر بولغاچقا، بۇنداق كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىش قىيىن بولغان. سادىق مەخسۇم بۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاشتا ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە بولغان.

سادىق مەخسۇم ئىلمىي، تىبابەت سەۋىيىسى يۇقىرى، تەجرىبىسى مول، بىمارلارغا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىدىغان مەشھۇر تېۋىپ بولۇپ، ئۇ بارلىق ئۆمرىنى بىمارلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بېغىشلىغان. ئۇ، ئۇنۇملۇك رېتسىپلارنى يېزىپ، توپلاپ، رەتلەپ، سىستېمىلاشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئەۋلاد تىببىي خادىملىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرغان بولسىمۇ، شەپقەتسىز بوران - چاپقۇنلار ئۇنىڭ رېتسىپلىرىنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى. سادىق مەخسۇم 1969 - يىلى 64 ياشتا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# پازىل قارى

پازىل قارى 1905 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ساقساق دېگەن يېزىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن باشلاپلا دادىسى توختى خىلۋەت ۋە چوڭ دادىسى ئابلاھاجىلاردىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگەنگەن. ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇنىڭ دورا دۇكىنىدا چەت ئەلدىن كەلتۈرۈلگەن ۋە شىنجاڭدىن چىققان 100 نەچچە خىل دورا، يەنە تىبابەتچىلىككە ئائىت بىر يۈرۈش كىتاب ـ ماتېرىيالى بار ئىدى.

پازىل قارى بازار ئىچىدە دائىملىق دۇكان ئاچقاندىن سىرت، يېڭىسار، چېدىر، ئەشمە، چۆمپاق ۋە ئۆتەك قاتارلىق ھەپتە ئارىلىقىدا بولىدىغان ئۆتكۈنچى بازارلارغا بېرىپ يايما يېيىپ، كېسەل كۆرگەن. ئۇ ئاساسلىقى جىگەر كېسىلى، ئاشقازان كېسىلى، ئۆپكە كېسىلى، ئانگىنا ۋە ھەر خىل جاراھەت، نېرۋا ئاجىزلىقى، ماغدۇرسىزلىق، ئىچ سۈرۈش، قەۋزىيەت قاتارلىق كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش بىلەن نام چىقارغان. ئەمما، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا بۇ ئابرويلۇق تېۋىپ « خۇراپىي، ئالدامچى، ساختىپەز ... » دېگەنگە ئوخشاش بەتناملار بىلەن كۆپ ئازار يېگەن. دورا ـ دەرمانلىرى، تىبابەتچىلىككە ئائىت كىتاب ـ ماتېرىياللىرى ۋە ئۆي ـ سەرەمجانلىرى تۈگەل تېتىم مۇسادىر قىلىنغان. پازىل قارى بۇ قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، يېڭى بازاردىن بىر دۇكان سېتىۋېلىپ، تىبابەتچىلىكنى

داۋاملاشتۇرغان. ئۇ، 1990 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بۇگۇردە 85 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ھازىر ئايالى خەيرىنساخان ئۇنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دورا دۇكىنى ئېچىش ۋە داۋالاشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.

# ئابدۇراخمان هاجى ئاتام

ئابدۇراخمان هاجى ئاتام 1905 ـ يىلى قەشقەر شەھەر نوربېشى غوجا ئەهرار ئاخۇنۇم كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق تېۋىپ كېرىم قارىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئابدۇراخمان كېرىم 1912 ـ يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. يەتتە ياشقا كىرگەندە دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. دادىسى كېرىم قارىمدىن تىبابەتچىلىك ئىلمى ۋە كەسپىنى پىششىق ئىگىلىگەن. دادىسى كېرىم قارىم 1948 ـ يىلى ۋاپات بولغاندا، 1948 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە دادىسىدىن قالغان دورا دۇكىنى بىلەن تىبابەتچىلىك قىلغان. 1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يۈسۈپ هاجى قەشقەرى، ئۆزبېك تېۋىپ هېپىزخان مەخسۇم، زۇنۇم قارىم، ئىسمائىلجان قاتارلىق ئالتە نەپەر تېۋىپ، هۆكۈمالار بىلەن قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنى قۇرۇپ چىققان.

ئابدۇراخمان هاجى ئاتام دورىگەرلىك جەھەتتە نەتىجە قازىنىپلا قالماستىن، داۋالاش ئىشلىرىدا مول بىلىمگە ئىگە بولغاچقا، خېلى مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى ئاددىي ۋە ئۇزغىنا يەرلىك دورىلارنى ئىشلىتىپ داۋالاشتا نەتىجە قازانغان. ئۇنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئەرلەر ـ ئاياللار كېسەللىكىنى ۋە ھەرخىل ئىچكى ـ تاشقى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىكى تەجرىبىلىرى، قەشقەر ئۇيغۇر

تىبابەت شىپاخانىسىدا ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

ئابدۇراخمان ھاجى ئاتام يۇقىرىقى تۆھپىلىرىگە ئاساسەن 1988 - يىلى مۇئاۋىن مۇدىر تېۋىپلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئابدۇراخمان ھاجى ئاتام ئاما ئارىسىدا زور ئابرويغا ئىگە بولغاچقا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئىدى. ئۇ قۇرۇلتاي، يىغىنلارغا بارغاندا ئاممىنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۇيغۇر تىبابىتىنى بەرپا قىلىش ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇراتتى. ئۇ، ئۇيغۇر تىبابىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدا يېزىلىپ چىققان بىرقانچە كىتابقا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بېرىپ، كىتابلارنىڭ ياخشى چىقىشىغا تۆھپە قوشتى. ئابدۇراخمان ھاجى ئاتام 1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 89 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

# ئەيسا هاجى

تېۋىپ ئەيسا هاجى 1906 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ماڭلاي يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1911 ـ يىلدىن 1920 ـ يىلغىچە ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1921 ـ يىلدىن 1926 ـ يىلغىچە مەدرىستە ئوقۇپ ئەرەب تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن. 1927 ـ يىلدىن 1932 ـ يىلغىچە تېۋىپ ئەخمەت خەلپە هاجىغا شاگىرت بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيە ئىلمى ۋە دورىگەرلىك ئىلمىنى ئىگىلىگەن. 1932 ـ يىلدىن باشلاپ قاراقاش ۋە گۇما ناھىيىلىرىدە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەيسا هاجى 1955 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىدە قۇرۇلغان كوللېكتىپ داۋالاش ئورنىدا ئاساسلىق تېۋىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1965 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، 1978 ـ يىلغىچە بۇ دوختۇرخانىدا مەسئۇل دوختۇرلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بۇ مەزگىللەردە ئەيسا هاجى بىر تەرەپتىن، تاغلىق رايونلاردىن دورا يىغىش، دورا تېيىپ ئۆستۈرۈش ئىشلىرىنى قىلىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى يەككە دورىلارنىڭ كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كېسەل داۋالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاددىي نۇسخىلار ئارقىلىق يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، كەڭ خەلق

ئامىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ئەيسا ھاجى 1978 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ دوختۇرخانىدا ئون يىلدىن ئارتۇق ئاساسلىق تېۋىپلار قاتارىدا ئىشلەپ، دوختۇرخانىنىڭ تىببىي داۋالاش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيلەپ چىققان.

ئەيسا ھاجىغا تىبابەتچىلىكىمىزگە قوشقان تۆھپىسىگە ئاساسەن، 1988 - يىلى مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن.

ئەيسا ھاجى ھازىر پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ، لېكىن ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي تەن بەرمەي ئائىلىسىدە كېسەل كۆرۈش - داۋالاش ۋە ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى توپلىغان تىبابەتچىلىك تەجرىبىلىرىنى ھەمدە تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرىنى توپلاپ رەتلەش بىلەن شۇغۇللانماقتا.



# ئابدىۋا قارىم

ئابدىۋا قارىم 1910 ـ يىلى يەكەندە تۇغۇلغان؛ 1941 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىبابەت كەسپىنى ئۆگىنىپ، خەلقنى داۋالاش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. كىچىكىدە پارس تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەن، تىبابەتچىلىك كەسپىدە بەش ئەزا كېسەللىكلىرىگە ماھىر بولغان. 1979 ـ يىلدىكى تېۋىپلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا دەرس ئۆتكەن. 1982 ـ يىلى «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك بەش ئەزا كېسەللىكلىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ سەھىيە نازارىتىگە تاپشۇرغان.

# يۇسۇپ ئاخۇنۇم

تېۋىپ يۇسۇپ ئاخۇنۇم 1911 ـ يىلى خوتەن شەھىرى ئىچىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1919 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە خوتەن شەھىرىدىكى دىنىي مەدرىستە ئوقۇپ، ئەرەب تىلىدىن ساۋاتىنى چىقارغان. 1928 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلغىچە دادىسى يار ھاجىنىڭ دورا دۇكىنىغا ياردەملەشكەچ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان تىببىي كىتابلارنى دادىسىدىن ساۋاق ئېلىپ ئوقۇپ، تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئاساسىنى پۇختىلىغان. 1953 ـ يىلى دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ تىبابەتچىلىك ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دورىگەرلىك دۇكىنىنى ئېچىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزى مۇستەقىل كېسەل كۆرۈش، داۋالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا داۋالاش بىرقەدەر قىيىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 1956 ـ يىلى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن خوتەن ناھىيىسىدە ئۇيغۇر تىباتەتچىلىك ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇسۇپ ئاخۇنۇم بۇ ئامبۇلاتورىيىدە ئاساسلىق دورىگەر بولۇپ ئىشلەپ، دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋە ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن ئۈنۈملۈك رېتسېپلارغا ئاساسەن، مۇرەككەپ دورىلارنى پىششىقلاپ

ئىشلەش ۋە يەككە دورىلارنى تولۇقلاش ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان. 1976 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، دورىگەرلىك جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى تېخىمۇ جانلىق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، كلىنىكىدا ئەمەلىي كېسەل داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىپاخانىنىڭ دورىگەرلىك، داۋالاش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.

يۈسۈپ ئاخۇنۇم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 30 نەچچىدىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. يۈسۈپ ئاخۇنۇم يەنە ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزگەن ئۈنۈملۈك رېتسېپلاردىن 100 خىلدىن ئارتۇقىنى شىپاخانا ۋە شاگىرتلىرىغا قول يازما قىلىپ قالدۇرغان. يۈسۈپ ئاخۇنۇمغا تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئىقتىدارى ۋە خىزمەتتىكى تۆھپىسىگە ئاساسەن، 1982 - يىلى مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن. يۈسۈپ ئاخۇنۇم ئۆمۈر بويى 54 يىلدىن ئارتۇق تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، 1983 - يىلى 10 - ئايدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 72 يېشىدا قازا قىلغان.

# ئىسمايىلجان

ئىسمايىلجان ئۆمەر قارى ھاجى ئوغلى 1912 - يىلى قەشقەر شەھرى ئىچ پولات مىراب مەھەللىسى ( ھازىرقى ئۆستەڭبويى ) دە تۇغۇلغان . ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېۋىپى ئۆمەر قارى ھاجى شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر تېۋىپلىرىدىن بولغاچقا ، ئىسمايىلجان كىچىكىدىن تارتىپلا ئاتىسىنىڭ قېشىدا ۋە دىنىي مەكتەپلەردە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن . يەنە بىر تەرەپتىن ، دادىسىدىن تىبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىپ ، ئېھتىياتلىق ئادەم بولۇپ يېتىلگەن .

18 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن . ئۇ ، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنمۇ قىلچە بوشاشماستىن ، بىر تەرەپتىن ئاتىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ كېسەل داۋالاش بىلەن شۇغۇللانسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، تىرىشىپ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەن . چەت ئەل تىلى يەنى ئەرەبچە ، پارسچە تىل ئۆگىنىپ شۇ تىللاردىكى مۇھىم تىببىي ئەسەرلەردىن پايدىلىنالايدىغان بولغان ، ھەتتا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ھەر تۈرلۈك ئىلىم - پەنلەرگە قىزىقىشچانلىقى ئۈچۈن ، خەنزۇچە ، رۇسچە تىلىنىمۇ ئۆگىنىپ مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە بولغان .

ئىسمايىلجان كەسپىنى شۇنچە سۆيگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇ ئۆز ئالدىغا تىبابەتچىلىك دۇكىنى ئېچىپ ، تاغ - يېزىلارغا بېرىپ دورا

يىغىش، پىششقلاپ ئىشلەش، كېسەل كۆرۈپ داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ ئارقىلىق نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ئىسمايىلجان ئۇستا دورىگەر بولۇپ، دورا يېتىشتۈرۈش ئەھۋالىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يەرلىكتىن چىقىدىغان دورىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزى يېتىشتۈرۈپ ۋە يەرلىك ئائىلىلەرگە تېرىتقۇزۇپ ئۆستۈرگەن.

ئىسمايىلجان ماھىر تېۋىپ ئىدى. كېسەللەرنى داۋالاش جەھەتتىمۇ خېلى يۇقىرى نەزەرىيە ۋە تەجرىبە بىلىملىرىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرى بويىچە خېلى قىيىن كېسەللىكلەرنى ئاددىي دورىلار ۋە ئاسان چارىلار بىلەن داۋالايتتى. ئىلگىرىدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئاتەشەك (سىبىلىس) كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئالاھىدە تەجرىبىسى بولۇپ، بۇ جەھەتتە داڭقى چىققان. ئاق كېسەل (بەرەس كېسىلى) نى داۋالاش جەھەتتە ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىش ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئالاھىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. بۇ تەجرىبىنى كېيىنكىلەر قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنى مەملىكەت بويىچە ئاق كېسەل داۋالاشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىق ئورۇنلىرىدىن بىرى بولۇشقا ئاساس سالغان.

ئىسمايىلجان شاگىرت تەربىيىلەشكىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ كىشىنىڭ تەربىيىلىگەن شاگىرتلىرى ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ ئاساسلىق تېۋىپلىرى.

# ئابدۇللا قارى

ئابدۇللا قارى 1913 ـ يىلى يېڭىسار بازار ئىچىدە تۇغۇلۇپ، 1966 ـ يىلى 53 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ، كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسىدە ۋە يېڭىساردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. 1930 ـ يىلدىن كېيىن يەكەن ۋە خوتەندە تىبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن. خوتەندىكى ئۇستازى ئىمىن نىزاخۇن تېۋىپتىن كۆپلەپ ئىلىم ئۆگەنگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان. 1950 ـ يىللىرى ياۋروپاچە داۋالاشنى ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا كېسەل داۋالاپ، نۇرغۇنلىغان بىمارلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ھازىر ئابدۇللا قارىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئابدۇراھمان ئابدۇللا كۇچا ناھىيە 9 ـ رايوندا، ئابدۇقادىر ئابدۇللا ئاقتۇ ناھىيىسىدە، ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا قاغىلىق ناھىيىسىدە، قىزى ئاتىكە ئابدۇللا بىلەن ئوغلى ئابدۇكېرىم ئابدۇللا يېڭىسار ناھىيىسىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاتا كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

# زىياۋۇدۇن قارىم

زىياۋۇدۇن قارىم 1913 - يىلى يەكەندە تۇغۇلغان. ئوقۇش جەريانىدا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ئوبدان ئۆگەنگەن. 1941 - يىلدىن باشلاپ تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىپ، تېبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. 1961 - يىلدىن باشلاپ ئىشقول يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئىشلىدى، 1979 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدا ئىشلەپ كەلدى.

زىياۋۇدۇن قارىم كۆپ يىل تىرىشىپ ئىشلەش جەريانىدا كېسەللىكنى تەتقىق قىلىش، كۆپ تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ياشانغان كىشىلەرنىڭ كاناي ياللۇغى كېسەللىكىگە تولۇق تەسىر كۆرسىتىدىغان دورا نۇسخىسىنى ۋە كۆز كېسەللىكىگە ياخشى تەسىر كۆرسىتىدىغان دورىنى ئىجاد قىلغان. بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ 1944 - يىلى «دەستۇرلئىلاج»، 1966 - يىلى «مىزانى تىب»، 1984 - يىلى «تىببىي ئەكبەر» قاتارلىق پارس تىلىدىكى تىببىي كىتابلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، 1979 - ۋە 1981 - يىللىرىدا ئېچىلغان تىببىي كۇرسلاردا دەرس ئۆتكەن، تىببىي ساھەدە ئىز باسار يېتىشتۈرۈشتە ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان، 1988 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 75 يېشىدا ۋاپات بولغان.

# ھاجى ئابدۇراخمان نىئمەت

ھاجى ئابدۇراخمان نىئمەت 1913 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، مارالبېشى ناھىيە سىرىقبۇيا بازىرىدىن. 1950 ـ يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلغان، كېيىن چوڭقۇرچاق يېزىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش قاتارلىق ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتناشقان. 1962 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىبابەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن. ئادەتتىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىن تاشقىرى، داۋالاش قىيىن بولغان قىزىلئۆڭگەچ، گېمورروي، چۇقۇق، سوقۇر ئۈچەي، خۇن، سىبلىس قاتارلىق 40 خىل كېسەللىك ھەققىدە تەجرىبە تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىپ يازغان ماقالىسىدىن 35 پارچىسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. 1984 ـ يىلدىن باشلاپ يازغان «ئۇيغۇر تىبابىتى بويىچە داۋالاش ئۇسۇللىرى»، «كېسەللىكلەرنى يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاش» ناملىق ئەسىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىندى، «ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى بەزى رېتسېپلار» ناملىق ئەسىرى نەشىر قىلىنىش ئالدىدا. «ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە مەسلىھەت» دېگەن قوللانمىنى يېزىپ چىقىپ نەشرىياتقا

تاپشۇردى. 1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە خوتەن ۋىلايىتىدە ئېچىلغان « ئۇيغۇر تىبابىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى » غا قاتنىشىپ، تۇغۇتنى ۋاقىتلىق چەكلەش ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ تەقدىرلەندى. ئۇ، ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى ئۇيغۇر تىبابىتىگە بېغىشلىغان تېۋىپلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ نامى، ئۇيغۇر تىبابىتىگە قوشقان تۆھپىسى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

# سايىت ئاخۇن خەلپىتىم

سايىت ئاخۇن خەلپىتىم 1915 ـ يىلى خوتەن قاراقاش ناھىيە چاقا يېزىسىدا، پازىل ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سايىت ئاخۇن خەلپىتىم باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز يۇرتىدا چىقارغان. 15 ياشقا كىرگۈچە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان، كېيىن قاغىلىقتا كېلىپ راشەت مۇتتاھاجى، سادىق مەخسۇم قاتارلىق دىنىي زات ھەم مەشھۇر تېۋىپلاردىن دىنىي ساۋات ئېلىشتىن سىرت، يەنە تىبابەت ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە دورىگەرلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىبابىتىنى ئۆگىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، شۇ يېزىقتا يېزىلغان تىببىي ئەسەرلەرنى راۋان ئوقۇپ، تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن.

سايىت ئاخۇن خەلپىتىم زېھنى ئوچۇق، تىرىشچان بولغاچقا، ئۇستازلىرىنىڭ يېتەكلىشىدە ئۇيغۇر تىبابىتىنى تېز ئىگىلىگەن. ئۇ، كېسەل داۋالاشتا خېلى يۇقىرى ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولغاچقا، خەلق ئارىسىدا ئاتاقلىق تېۋىپ دەپ نام ئالغان. باشتىن ـ ئاخىر تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە تەجرىبە قىلىپ يەكۈنلەپ، ئۆگىنىش بىلەن تەتقىق قىلىشنى بىرگە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزى ئىجاد قىلىپ تەييارلىغان مۇرەككەپ دورىلارنى ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

نۇرغۇن قېتىم نەتىجە قازانغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شاگىرت تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ، قاغىلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق دورا - دەرمەك، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى ئومۇمغا تاپشۇرۇپ، 1956 - يىلى قۇرۇلغان نۇرلۇق ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدا باش تېۋىپ بولۇپ ئىشلىگەن. سايىت ئاخۇن خەلپىتىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر تىبابىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلغان. ئۇندىن باشقا، پارس تىلىدا يېزىلغان «مىزانى تىب» دېگەن تىببىي ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

# خوجا باھاۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى

خوجا باھاۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى 1916 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئىلچى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن . 1923 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلىغىچە دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە دىنىي ساۋات ۋە ئەرەب ، پارس تىللىرى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلغان . 1933 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىپ ، ئۆگىنىش ۋە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . 1954 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئېچىلغان مىللىي تېۋىپلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ ، ئاناتومىيە ، فىزىئولوگىيە ، مىكرو بىئولوگىيە ۋە فارماكولوگىيە قاتارلىق پەنلەر بويىچە بىلىم ئاشۇرۇپ ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان . 1976 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كېلىنگەن . ئۇ ، بۇ دوختۇرخانىدا ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىش جەريانىدا زور نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن ، يەنە بەرەس ( ئاق كېسەل ) نى داۋالاش جەھەتتە خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ۋە تەجرىبە ياراتقان . يەنە سەرتان ( راك ) كېسىلىنى داۋالاشتىمۇ كۆپ ئىزدىنىپ مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن . ئۇ « ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى » نىڭ 1 ـ تومىغا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ، بۇ كىتاب ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىر ۋە تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزگەن .

ئۇ ، 1994 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋاپات بولغان .

# پەتىھۇللا سوپى

داڭلىق تېڭىقچى پەتىھۇللا سوپى 1921 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيە، قارا دۆۋە يېزا لاپچۇق كەنتىدە تۇغۇلغان. پەتىھۇللا سوپىنىڭ بوۋىسى ۋە دادىسى خەلق ئىچىدە داڭقى چىققان تېڭىقچى بولغاچقا، ئۇ كىچىك چېغىدىن باشلاپ تېۋىپلىقنى دادىسىدىن ئۆگەنگەن. 18 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ مۇستەقىل تېۋىپلىق قىلىشقا باشلىغان. 1955 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە بۆلۈمى ئۇنى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تېڭىقچىلىق بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇرغان. 1960 ـ يىلى ئۆزلۈكىدىن خىزمەتتىن ئايرىلىپ قارا دۆۋىگە قايتىپ كېتىپ، ئۆز ئالدىغا تېۋىپلىق قىلغان. ئۇنىڭ تېۋىپلىق تېخنىكىسى يىراق ـ يېقىنلاردا داڭ چىقارغان. ئۇنىڭ تېخنىكىسىغا قايىل بولۇپ كېسەل داۋالىتىدىغانلارمۇ كۆپەيگەن. 1983 ـ يىلى پەتىھۇللا سوپى بېيجىڭ جۇڭگو تىبابىتى تەتقىقات يۇرتى سۆڭەك زەخمىلىنىش تەتقىقات ئورنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مىڭ نەچچە يۈز خەتلىك تەجرىبە ماتېرىيالىنى رەتلەپ چىققان ۋە ئۇيغۇر تىبابىتى كەسپىي سىنىپلارغا تېڭىقچىلىق ۋە سۆڭەك كېسەللىكلىرى توغرىسىدا دەرس ئۆتۈپ، ئىزباسارلارنى تەربىيىلەشكە ھەسسە قوشقان. ئۇ ھازىر تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

# ئىنايىتۇللا ھېلىمى

ئىنايىتۇللا ھېلىمى 1922 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا بىر مەزگىل دىنىي ئىلىم ئالغان، بىر مەزگىل شىۋېت دوختۇرلىرىدا، كېيىن قىرغىزىستاندا ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلىپ، شۇ جەرياندا رۇسچە، تۈركچە، ئەرەبچە، خەنزۇچە تىل ـ يېزىقىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، تىبابەت ساھەسىدىكى كىتابلاردىن پايدىلىنالايدىغان بولغان. تىببىي ساقلىقنى ساقلاش ساھەسىنىڭ دورىگەرلىك، داۋالاش، تەرجىمە ـ تەھرىرلىك ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئىنايىتۇللا ھېلىمى ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدە 700 دىن ئارتۇق خادىمنى دورىگەر، فېلدشېر ھەمدە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى تىببىي خادىم قىلىپ تەربىيىلىدى ۋە يېتىشتۈردى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئىنايىتۇللا ھېلىمى 1954 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ تىببىي دەرسلىكلەر، ھەرقايسى كۇرسلارنىڭ قوللانمىلىرى، سەھىيە تەشۋىقاتى ماتېرىياللىرىنى يېزىش، تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش ئىشلىرى بىلەن

شۇغۇللاندى. ئۇ تەرجىمە قىلغان، تەھرىرلىگەن دەرسلىك، كونسپېكت، تەشۋىقات كىتابچىلىرى، ژۇرناللار 60 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، خەت سانى 20 مىليونغا يېتىدۇ. 1962 - يىلى ئۇ تۈزۈپ چىققان «تەييار ۋە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار» ناملىق ئىككى توملۇق كىتاب مەملىكىتىمىزدە ئۆزىمىز ئىشلەپچىقارغان دورىلارنى تونۇشتۇرىدىغان تۇنجى كىتاب بولۇپ، بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن ئامىمىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، 1962 - ، 1966 - يىللىرى 10 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى توغرىسىدىكى كىتابلاردىن «قانۇنچە» ( 2 - نەشرىدە)، «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار»، «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار»، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك داۋالاش قوللانمىسى»، «سوپى ئاخۇنۇمنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى»، «بەرەس كېسىلىنى داۋالاش ھەققىدىكى تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلار» قاتارلىق كىتابلارنى ۋە «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى ئاساسىي ساۋاتلىرى» ناملىق كىتابلارنى تەھرىرلەپ نەشرگە تەييارلاپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇ، 1977 - يىلى بىرنەچچە يولداش بىلەن بىرلىكتە بىرقانچە يىل ئىشلەپ، ئاخىر «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە - ئىنگلىزچە تىببىي لۇغەت» نى قايتا تۈزۈپ چىقىپ، نەشر قىلدۇردى. بۇ لۇغەت رايونىمىزدا تۇنجى قېتىم چىقىرىلغان پەن - تېخنىكا لۇغىتى بولغاچقا، تىببىي ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تىببىي خادىملارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ ئۇلارنى تەربىيەلەش، بىلىمنى ئاشۇرۇش جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينىدى. ئىنايىتۇللا ھېلىمى

1984 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابىتى شىپاخانىسى تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان، ئۇيغۇر تىبابەت بايلىقىنى يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئالىم ئىبنىسىنانىڭ مەشھۇر ئەسىرى « ئەلقانۇن » نىڭ بىرىنچى كىتابىنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا تەرجىمە قىلىپ، نەشرگە تەييارلىدى. ئۇ يەنە « ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسىنىڭ دورىلار قىسمى » نى، « تىببىي ئەكبەر » دېگەن ئەسەرنىڭ 1 ـ كىتابىنى تەھرىرلەش، نەشرگە تەييارلاش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئائىت ئىككى توپلامنىڭ ماقالىلىرىنى تەھرىرلەش ـ يېزىش ئىشىنى ئىشلىدى. قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسى نەشر قىلغان « قەشقەر سەھىيىسى » ژۇرنىلىنىڭ ماقالىلىرىنى تەھرىرلەش خىزمىتىگىمۇ قاتناشتى. ئىنايىتۇللا ھېلىمنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەھىيە سىستېمىسى ۋە باشقا ساھەلەردە كۈچلۈك قوللاشلارغا ئېرىشىپ، 1988 ـ يىلى ئۇنىڭغا ئالىي تەرجىمانلىق ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ، 1982 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە سەھىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ، تەقدىرلەنگەن ۋە مۇكاپاتلانغان ئىدى. ئىنايىتۇللا ھېلىمى 1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەشقەر شەھرىدە 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ تەرجىمھالى « ھازىرقى رامان دۇنيا مەشھۇر كىشىلىرى » قامۇسىنىڭ جۇڭگو قىسمىغا كىرگۈزۈلدى.

# ئىسھاقجان مەھمۇد

مۇدىر ۋراچ ئىسھاقجان مەھمۇد 1922 - يىلى يەكەندە تۇغۇلغان.

ئۇ، 1938 - يىلى ئۇرۇمچىدە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنىنى، 1943 - يىلى تىببىي كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنى پۈتتۈرگەن، 1945 - يىلى تيەنجىن شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانىدا مەخسۇس تېرە، تاناسىل كېسەللىكلىرىدىن بىلىم ئاشۇرغان، 1965 - يىلى ج ك پ ئالىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان.

ئىسھاقجان 1943 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە سەھىيە ۋە سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىدا سېستىرا، باش سېستىرا، فېلدشېر، دوختۇر، ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى، سەھىيە بۆلۈمى (باشقارمىسى) نىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1956 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، نازىرى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان.

ئىسھاقجان سەھىيە سىستېمىسىدىكى پېشقەدەم كادىر بولۇپ، بۇ ساھەدە 40 يىلغا يېقىن ئىشلىدى. ئۇ، رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا، يوقىلىش گىردابىغا يېتىپ قالغان مىللىي تىبابەت خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي

تېپىلارنى تەشكىللەش، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى توپلاش، كىتابلارنى رەتلەپ نەشىردىن چىقىرىش، شاگىرت - ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش خىزمەتلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە دائىر كىتابلارنىڭ باش تەھرىر (مەسئۇل مۇھەررىر) لىكىنى ئىشلىدى، نۇرغۇن تىببىي ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى، ئۆزىمۇ قول تەۋرىتىپ بىر قىسىم ماقالىلارنى يازدى.

ئىسھاقجان يازغان «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى» دېگەن ماقالە «جۇڭگو تىببىي قامۇسى» تارماق تومىنىڭ 1 - تومىغا كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تارىخى، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ۋەتەن مېدىتسىنا خەزىنىسىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرى، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلار، ئۇلارنىڭ داۋالاش تۈرلىرى، داۋالاش ئۇسۇللىرى، ئىشلىتىدىغان دورىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

ئىسھاقجان 1975 - يىلى «ساقلىقنى ساقلاش ژۇرنىلى» دا «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە زەھەرلىك يىلان بىلەن ئۆسمە كېسەللىكلەرنى داۋالاش» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. بۇ ماقالە شۇ يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان ئۆسمە كېسەللىكلەر تەتقىقات يىغىنىدا ئالىملارغا تارقىتىپ بېرىلگەن.

ئىسھاقجان 1982 - يىلى «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى — ۋەتەن تىبابەتچىلىكى خەزىنىسىدىكى گۆھەر» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى يازغان. بۇنىڭدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. بۇ فىلىمنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە

ئېلىپ تارقاتقان.

ئىسھاقجان يەنە ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇئەلى ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بىرىنچى تومىنى تەھرىرلىگەن. ئابدۇۋەلى خەلپەت تەرىپىدىن ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «تىبابەت خەزىنىسى دۇردانىلىرىدىن» (قەدىمكى تېۋىپ. شائىرلارنىڭ شېئىر ـ نەزمە، ھېكايەتلىرى) دېگەن تىببىي ئەسەرنى تەھرىرلەپ نەشرىياتقا تاپشۇرغان. قەشقەردىكى مەشھۇر تېۋىپ سوپى ئاخۇنۇمنىڭ «شىفائۇل قۇلۇب» دېگەن ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلىغان.

# ئابدۇلهىمىت يۈسۈپ داموللا ھاجى

ئابدۇلھىمىت يۈسۈپ داموللاھاجى 1924 - يىلى خوتەن شەھىرىدە ، بىر مەرىپەتپەرۋەر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ 1930 - يىلىدىن كېيىن قاراقاش ، خوتەن ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا يۈرۈپ ، رىيازەت چېكىشتىن قورقماي ئىلاھىيەت ئىلمى ، ئەرەب ، پارس ، تۈرك ، ئوردۇ تىللىرى ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ ، چوڭقۇر ئىلىم تەھسىل قىلغان . 1945 - يىلىدىن باشلاپ ئاتىسى يۈسۈپ ئاخۇنۇم ۋە باشقا داڭلىق تېۋىپلاردىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ، دورىگەرلىك ئىلمىنى ئۆگىنىپ ، ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . ئاتىسى يۈسۈپ ئاخۇنۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، خۇسۇسىي ھالدا داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، خەلق ئارىسىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان ، داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللىكلەرنى يەرلىك دورىلار بىلەن ئاددىي ئۇسۇلدا داۋالاپ ساقايتىپ ، كىشىلەرنى ئاغرىق ئازابىدىن خالىي قىلغان . 1954 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئېچىلغان مىللىي تېۋىپلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ ، غەرب تىبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن . 1955 - يىلى خوتەن ناھىيىسىدە قۇرۇلغان مىللىي تېۋىپلار بىرلەشمىسىگە قاتنىشىپ ، ئامبۇلاتورىيىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ ، ئەمەلىي داۋالاش ، شاگىرت يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان

ھەمدە ئۆزىنىڭ نەزەرىيە بىلىمى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن « ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان رېتسېپلار قوللانمىسى » دېگەن كىتابىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ئەپسۇسكى، 1959 - يىلىغا كەلگەندە خاتا لۇشيەنىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنغان. ئۇ، بۇ جەرياندىمۇ قىلچە مەيۈسلەنمەي، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي، غەرب تىبابەت ئىلمىنى پۇختىلاش بىلەن بىرگە، خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنگەن. 1977 - يىلى « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىقىرىلىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھەمدە شۇ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا خىزمەتكە قويۇلۇپ، ئىچكى كېسەللىك بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ، بىر نەرەپتىن، بۆلۈمىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شاگىرت تەربىيىلەش، ئىزباسار يېتىشتۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆزىگە شاگىرت تەربىيىلەش بىلەنلا قالماي، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خوتەن تىببىي مەكتەپتە ئېچىلغان ئۇيغۇر تىبابەت ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى، خوتەندە ئېچىلغان ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر تىبابەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، ئۈرۈمچى تىببىي مەكتەپتە ئېچىلغان ئۇيغۇر تىبابەت پەرۋىش سىنىپى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك كۇرسلىرىغا نەزەرىيە ئاساس، ئىچكى كېسەللىك، ئوردۇ تىلى، تىببىي ئەخلاق قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ،

ئوقۇغۇچىلار ۋە كۆرسانىلارنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان . 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇھىم تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتنىشىپ ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ ، پروگراممىنىڭ تەلىم - تەربىيە مەقسىتىگە ئۇيغۇن ھالدا ياخشى تۈزۈلۈشىدە تېگىشلىك رول ئوينىغان ھەمدە پروگراممىغا ئاساسەن ، بۇ مەكتەپنىڭ دەرسلىك تۈزۈش ئىشىغا كىرىشكەن . 1987 - يىلى مەكتەپ قۇرۇش ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، مەزكۇر مەكتەپكە رەسمىي يۆتكىلىپ ئوقۇتۇش پىلانلىرىنى تۈزۈش ، دەرسلىك تەييارلاش - تۈزۈش ، دەرس ئۆتۈش ، قوشۇمچە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ ، دەرسلىك تۈزۈش ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ، جاپا - مۇشەققەت ، ھېرىپ - چارچاشقا قارىماي كۆپلەپ ماتېرىيال يىغىپ ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ، قايتا - قايتا يېزىش ئارقىلىق ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ « ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئاساسىي نەزەرىيىسى » ، « ئۇيغۇر تىبابىتى دىئاگنوستىكا ئىلمى » ( ھاجى باقى ئالىم بىلەن بىرلىشىپ يازغان ) ، « ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى روھى ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر ئىلمى » قاتارلىق دەرسلىك كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان ھەمدە باشقا دەرسلىك كىتابلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەپ ، تەھرىرلەش ، تۈزىتىش ، نەشر قىلدۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن . 1990 - يىلى 11 - ئايدا سەھىيە نازارىتى ئۇنى مەكتەپنىڭ پەخرىي مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى . بۇنىڭ بىلەن

ئۇنىڭ يۇكى ئېغىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى قىلچە بىسىم ھېس قىلماي، مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئوقۇتۇش، پەن - تەتقىقات ئىشلىرىنى پىلانلىشى، باشقۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

ئابدۇلھېمىت يۈسۈپ داموللاھاجى مول تىل، تارىخ ۋە شېئىرىيەت بىلىمىگە ئىگە ئىدى. ئۇ،قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئەرەب، پارس، تۈرك، ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى، خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنالايتتى. ئۇ، 1978 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ، مەھمۇد قەشقەرىينىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان. خوتەن تارىخىغا ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يېزىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان تارىخ تەتقىقاتى، مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى ئىقتىدارىغا ئاساسەن، ۋەتەننى، خەلقنى، ئانا تىلنى كۈيلەيدىغان چوڭقۇر پىكىرلىك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى شېئىرلارنى يېزىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئابدۇلھېمىت يۈسۈپ داموللاھاجى ئۆزىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا بېغىشلاپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ داۋالاش، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە پەن - تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى

قوشتى. مەيلى شىپاخانىلاردا داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللىرىدە بولسۇن، ياكى مەكتەپتە ئوقۇ - ئوقۇتۇش، ئىزباسار تەربىيىلەش، پەن - تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللىرىدە بولسۇن، ھەر ۋاقىت ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ تەن سالامەتلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ياشنىپ قالغانلىقى ۋە تەن سالامەتلىك ئەھۋالى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، يۈكسەك شىجائەت ۋە جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. 1982 - يىلى ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بويىچە مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلدى. 1983 - يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئەمگەك - كادىرلار ئىشلىرى مىنىسترلىكى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەن - تەتقىقات خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كادىرلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. 1994 - يىلى 9 - ئايدا سەھىيە مىنىسترلىكىنىڭ كادىرلار مەھكىمىسى، پەن - تېخنىكا، مائارىپ مەھكىمىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ سەھىيە ئورگىنى ۋە «ساغلاملىق گېزىتى» ئىدارىسى بىرلىكتە «چەت - يىراق رايوندىكى مۇنەۋۋەر تىببىي پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى. مەكتەپ تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى. ئۇ، يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۆزىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىگە، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزگە بولغان ساداقىتى، تىبابەتچىلىك، تىل، تارىخ ۋە دىنىي جەھەتتىكى بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، خەلق ئىچىدىكى ئابرويىنىڭ يۇكسەكلىكى بىلەن مەملىكەتلىك 7 ـ، 8 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، خوتەن ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، خوتەن شەھەرلىك 1 ـ، 2 ـ،3 ـ،4 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋە دائىمىي ھەيئىتى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك جۇڭيى تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 2 ـ نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تىببىي پەن ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پەخرىي باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى تەبئىي پەنلەر مەخسۇس ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى ـ مىللىي تىبابەت تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاپ تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تىببىي قامۇسىنىڭ تارماق تومى — ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى (ئۆزى ئابدۇلھەمىت مۇھەممەت بىلەن «ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى» نىڭ 1 ـ تومىنى يېزىپ چىققان)، خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، ھەرقايسى تەشكىلات، جەمئىيەتلەردە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن.

ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ داموللاھاجى 1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سەھەردە 70 يېشىدا ۋاپات بولغان.

# ئىبراھىم قارى ھاجى

ئىبراھىم قارى ھاجى 1925 - يىلى قەشقەر شەھەر ئىچى دۆلەتباغ مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1948 - يىلدىن باشلاپ تاغىسى ئابدۇكېرىم داموللىدىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك كەسپىنى ئۆگىنىپ، 1951 - يىلدىن تارتىپ خوتەندە مۇستەقىل تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1956 - يىلى خوتەن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئاچقان غەربچە داۋالاش كۇرسىدا ئوقۇپ، خوتەن خانئېرىق دوختۇرخانىسىدا 1963 - يىلىغىچە ئۇيغۇر تىبابىتى بىلەن غەرب تىبابىتىنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. 1963 - يىلدىن 1980 - يىلىغىچە ئۈستۈن ئاتۇش يېزا دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1980 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

ئىبراھىم قارى ھاجى تىبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان 40 يىلدىن بېرى، ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە غەرب تىبابىتىنىڭ ھەر خىل قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، كۆپ ئۇچرايدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئالاھىدە ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق داۋالاش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكومى دەرسلىكى بولغان «ئۇيغۇر تىبابىتى تېرە تاشقى

كېسەللىكلىرى ئىلمى » ، « دىئاگنوستىكا » قاتارلىق مۇھىم كىتابلارنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە يېزىپ چىقتى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ ، كەسپداشلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ھەمدە قەشقەر تىببىي مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت سىنىپى ۋە ھەر خىل كۇرسلارغا دەرس ئۆتۈپ ، ئىزباسارلارنىڭ تەربىيلىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ئاساس سالدى .

# ئابدۇۋاھىد ھاجى

ئابدۇۋاھىد ھاجى 1926 - يىلى خوتەن شەھىرىدە، داڭلىق تېۋىپ ھوشۇر ئاخۇنۇم خەلپەم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1931 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1936 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە خوتەن شەھىرىدىكى ھوشۇر نىياز داموللا ئاخۇنۇمنىڭ مەدرىسىدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 1947 - يىلغىچە خوتەن شەھەر ئىچىدىكى داڭلىق تېۋىپ ئابدۇللا داموللىدا ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن ھەمدە ئۇيغۇر تىبابەت كىتابلىرىدىن «مىزانى تىب»، «تىببىي ئەكبەر»، «قارابادىن قادىرى»، «قارابادىن ئەزەم» قاتارلىق مەشھۇر تىبابەت كىتابلىرىنى ئوقۇپ، ئۇيغۇر تىبابەت - دورىگەرلىك بىلىملىرىنى ئەتراپلىق ئىگىلىگەندىن كېيىن، دادىسى ھوشۇر ئاخۇنۇمغا ياردەملىشىپ تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ تەجرىبىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، 1947 - يىلدىن باشلاپ ئۆز ئالدىغا تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1959 - يىلدىن كېيىن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى خوتەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا ئىشلىگەن. 1975 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئىچكى

كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە باش دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 - يىلدىن باشلاپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خوتەن ۋىلايەتلىك تىببىي تېخنىكوم ئاچقان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك داۋالاش سىنىپىغا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومىنىڭ داۋالاش سىنىپىغا ئىچكى كېسەللىك، ئاياللار كېسەللىكى، ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكى ۋە دىئاگنوستىكا پەنلىرىدىن دەرس ئۆتۈپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ئابدۇۋاھىد ھاجى يەنە 1980 - يىلى ئۈچ ئاي «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى قامۇسى» نىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر تومىنى يېزىشقا قاتناشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرۇپ بىرنەچچە پارچە ماقالە يېزىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان.

ئابدۇۋاھىد ھاجى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك كەسپىدىكى مول بىلىمى ۋە خىزمەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، 1988 - يىلى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بويىچە مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ھازىر ئۇ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن داۋاملىق ئەجىر سىڭدۈرمەكتە.

# ئابدۇلھەق رەھمىتۇللا

ئابدۇلھەق رەھمىتۇللا 1926 ـ يىلى بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچى كونا بازار مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1940 ـ يىلى ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1942 ـ يىلى ھەربىي دوختۇرلۇق مەكتىپكە ئوقۇشقا كىرىپ، رۇس دوختۇرلىرىدىن تەرجىمان ئارقىلىق دوختۇرلۇق كەسپىنى ئۆگەنگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇرۇمچى تىببىي مەكتەپتە ئوقۇغان. تىببىي مەكتەپتە، كېيىنچە، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ تىببىي مائارىپ باشقارمىسىدا ئىشلىگەن. ئۇ، ئىنايىتۇللا ھېلىمى بىلەن بىرلىكتە سەھىيە نازارىتىدە تىببىي تەرجىمە ئىشخانىسىنى قۇرۇپ، دەسلەپتە «شىنجاڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى» كەسپىي ژۇرنىلىنى نەشر قىلغان. يەنە تىببىي ئاقارتىش تەشۋىقات ماتېرىياللىرى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا تىببىي مەكتەپ دەرسلىكلىرى ۋە بىر قىسىم كەسپىي پايدىلىنىش كىتابلىرىنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىپ تارقاتقان. ئابدۇلھەق رەھمىتۇللا شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك، جۇڭيى تىبابەتچىلىك نەزەرىيىلىرىنى ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، «ئۇيغۇر تىبابىتى قامۇسى» قاتارلىق ئۇيغۇر

تېبابېتىگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ، تەھرىرلەش خىزمىتىنى ئىشلىگەن . ئابدۇلھەق رەھمىتۇللا جۇڭگو مېدىتسىنا پەنلىرى ئېنسىكلوپېدىيىسىنى ئىشلەش كومىتېتى تەرىپىدىن « ئۇيغۇر تېبابەت ئېنسىكلوپېدىيىسى » نىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان .

ئۇ ، مەملىكەتلىك جۇڭگىي تېبابەت نەزەرىيىلىرىنى رەتلەش ، تەتقىق قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى .

# قۇربان نىياز داموللا

قۇربان نىياز داموللا 1926 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزا شوخپۇ كەنتىدە، بىر ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق دەۋرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزۈپ، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە بېرىپ، كەڭ دائىرىلىك بىلىم ئالغان. بۇ جەرياندا ھەر خىل پەنلەرنى ئۆگىنىشتىن سىرت، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. شۇ مەزگىللەردە غەربچە داۋالاش كۆپ تەرەققىي قىلمىغان، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە ئۇيغۇر تىبابىتىگە بولغان ئېھتىياج كۆپ بولغاچقا، ئۇيغۇر تىبابىتىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن چەت ئەل تىللىرىنى ئۇيغۇر تىبابىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نىيىتى بىلەن قاغىلىق ناھىيىسىگە قايتىپ، قاغىلىقتىكى دىنىي زات، ئاتاقلىق تېۋىپ ياسىن ئاخۇن داموللىغا شاگىرت بولغان. بىر مەزگىل ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ نەزەرىيە ۋە دورىگەرلىك ئىلمىنى پىششىق ئىگىلەشتىن سىرت، ئەمەلىي داۋالاش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، ئۆز ئالدىغا نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى داۋالاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. كېيىن قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئۇششار باش يېزىسىدا ئۇيغۇر تىبابىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇششار باش ئەسلى بىر تاغلىق رايون بولۇپ، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي دورا ئۆسۈملۈك بايلىقى كۆپ، ھاۋاسى ساپ، سۈيى مول بولغاچقا،

داموللا بۇ ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ، دورا ئۆسۈملۈكىنى ئۆزى يىغىپ، ئاددىي دورىلاردىن مۇرەككەپ نۇسخىلارنى تەييارلاپ، داۋالاش قىيىن بولغان مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتقان، بولۇپمۇ تاغلىق رايونلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىپ، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ «بىزنىڭ ئاتاقلىق تېۋىپىمىز»، «شىپالىق يامغۇرىمىز» دەيدىغان يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. 1979 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇربان نىياز داموللىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى قاغىلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا يۆتكەپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىبابىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. ناھىيىلىك شىپاخانىدا ئىشلەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ خۇش خۇي، كىچىك پېئىل، بىمارلارغا كۆيۈمچان، تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي قاغىلىق ناھىيىسىدە داڭ چىقارغان. 1983 - يىلى سەھىيە نازارىتى ئاچقان پېشقەدەم تېۋىپلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇغان. بۇ بىر يىل جەريانىدا ئوردۇ تىلىنى ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ، نۇرغۇن يېڭى رېتسېپلارنى رەتلەپ چىققان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز شىپاخانىسىدا نۇرغۇن قېتىم كەسپىي ئۆگىنىش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تىبابىتى شاگىرتلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ، 1988 - يىلى 62 يېشىدا ۋاپات بولغان.

# ئابدۇلھەمىت مەھەممەدى

ئۇزاق يىللاردىن بىرى داۋالاش، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، كىتاب ـ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش ـ تەرجىمە قىلىش ۋە تەھرىرلەش بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىجتىھاتلىق تېۋىپ داموللا ئابدۇلھەمىت مەھەممەدى 1926 ـ يىلى 6 ـ ئايدا لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپول يېزىسىدىكى مەرىپەتپەرۋەر، دىنىي ۋە تىببىي ئۆلىما مەھەممەت ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1936 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلغىچە مەھەللىسىدىكى مەدرىسىلەردە دىنىي ۋە پەننىي جەھەتلەردىن تەلىم ئېلىپ ساۋاتىنى چىقارغان. 1941 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇش بىلەن بىرگە، قەشقەر ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئابدۇل باقى داموللا، ئابدۇل كەرىم داموللا قاتارلىقلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئەرەب، پارس، چاغاتاي تىللىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن. 1949 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرىدىن تۇردى ھاجى ۋە ئېلىخان ھەزرەتكە شاگىرت بولۇپ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىپ، خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان. 1954 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدا ۋە لوپ بازىرى ئىچىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى داۋالاش ئورنى ئېچىپ، تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1958 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك تىببىي تېخنىكومنىڭ داۋالاش سىنىپىدا غەرب

تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىپ، لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرگەن.1960 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە لوپ بازارلىق دوختۇرخانىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆتەپ، دوختۇرلۇق قىلغان. 1963 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە لوپ ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدا تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1980 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا ئىشلىگەن. 1989 - يىلدىن بېرى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكۇمىدا ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئابدۇلھەمىت مەھەممەدى كىلىنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 40 يىلدەك ھايات مۇساپىسىدە ئاغرىققا ئامال، ئۆلۈمگە سەۋەب قىلىش جەھەتتە كۆپ ئىزدىنىپ، خەلق ئارىسىدىكى داۋالاش قىيىن بولغان مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى داۋالاش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، نۇسخا تۈزۈپ، دورا تاللاپ داۋالاش ئېلىپ بېرىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا، تەشكىلىنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدى. ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى.

ئابدۇلھەمىت مەھەممەدى بىرقەدەر مول نەزەرىيىۋى بىلىم ۋە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىتاب يېزىش، مەكتەپنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ، ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجى بىلەن بىرگە «ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى» نىڭ بىرىنچى تومىنى يازغاندىن باشقا، ئۆزى مۇستەقىل ھالدا «ئۇيغۇر تىبابەت ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تىبابەت تېخنىلوگىيىسى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى ۋە

« ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى » نىڭ « ئىچكى كېسەللىكلەر » ، « ئاياللار كېسەللىكلىرى » ، « باللار كېسەللىكلىرى » ، « سۆڭەك ۋە بوغۇم سىستېمىسى كېسەللىكلىرى » قىسمىنى يېزىپ چىقتى . ئۇ يەنە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، تىببىي لۇغەت « سۇراھ » نى ئەرەب ، پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار توپلىمى « قارا بادىن قادىرى » نى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى . ئۇندىن باشقا ، مەكتەپنىڭ « ئۇيغۇر تىبابەت ئاساسىي نەزەرىيە دەرسلىكى » ، « ئۇيغۇر تىبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلەر ئىلمى » ، « ئۇيغۇر تىبابىتى باللار كېسەللىكى ئىلمى » ، مەشھۇر تىببىي كىلاسسىك ئەسەر « ئاقسارايى » ، « ئۇيغۇر تىبابىتى ئوتتۇرا تېخنىكۇم پارس تىلى دەرسلىكى » قاتارلىق دەرسلىك ماتېرىيال ۋە كىتابلارنى تەھرىرلەپ چىقتى ۋە تەھرىرلەشكە قاتناشتى . ئۇندىن باشقا ، بىرقانچە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ ئېلان قىلدى .

# مۇھەممەد مۇسا يۈسۈپ ھاجى

مۇھەممەد مۇسا يۈسۈپ ھاجى ئوغلى 1926 - يىلى قەشقەر شەھەرىدىكى مەشھۇر تېۋىپ يۈسۈپ ھاجى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1931 - يىلدىن 1934 - يىلغىچە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1941 - يىلغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا ئوقۇپ، ئىككى يىل قەشقەر شەھىرىدىكى ئوردا ئىشىكى ۋە قوناق بازىرى باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1943 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا شاگىرتلىققا كىرىپ، 1951 - يىلغىچە سانتارلىق، سېسترالىق قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، پېشقەدەم دوختۇرلارنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىتىشى ئارقىلىق غەرىبچە داۋالاش كەسپىنى ئىگىلەپ ئالغان. بۇ جەرياندا ئاتىسى يۈسۈپ ھاجى قەشقەردىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنىپ، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن. 1951 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللانغان. 1960 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ھازىرغىچە مۇشۇ ئورۇندا ئىشلەۋاتىدۇ. مۇھەممەد مۇسا تىبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت، شىپاخانىنىڭ «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار قوللانمىسى» ۋە «ئۇيغۇر

تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار قوللانمىسى » دېگەن كىتابنى رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ھەر خىل تېمىلاردا يازغان بىرقانچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. 1955 - يىلدىن باشلاپ شاگىرت تەربىيىلەش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، بىرقانچە ئورۇنلاردا نەچچە يۈز سائەت دەرس سۆزلىگەن. ئۇ، 40 نەچچە يىللىق ھاياتىنى تىببىي داۋالاش ئىشلىرىغا تەقدىم قىلدى.

# ھەسەن داموللا ھاجى

ھەسەن داموللا ھاجى 1928 ـ يىلى كۇچا ناھىيە بازار ئىچىدە دۇنياغا كەلگەن. 12 يېشىغىچە دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان. 25 ياشقىچە كۇچادىكى مۇسايۇف داموللا ھاجىنىڭ مەدرىسىدە پارس، ئەرەب تىللىرىنى ئۆگەنگەن. دىنىي پەلسەپە، ھېساب، ئىسلام تارىخى، ئەدەب ـ ئەخلاق قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇغان. شۇ مەزگىلدىكى ئاتاقلىق دىنىي ۋە تىببىي ئالىم قاسىم ئەلىماخۇنۇمدىن ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى تىببىي دەرسلىكلەرنى ئوقۇپ، بۇ جەھەتتە خېلى چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بولغان. 26 ياشقا قەدەم قويغاندا قەشقەرگە كېلىپ، بۇ يەردىكى خانلىق مەدرىستە ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرى ۋە تىبابەتچىلىك، مەنتىقە، ئەدەبىيات، دىن قاتارلىقلار بويىچە ئۈچ يىل بىلىم ئاشۇرۇپ، تىبابەتچىلىك ئىلمىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن. 1956 ـ يىل 7 ـ ئايدا يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، دېھقانچىلىق قىلغاچ يەرلىك ئوت ـ چۆپ دورىلىرىنى يىغىپ دورا ياساش ئارقىلىق، يۇرتداشلىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىپ ئۇنۇم قازانغان. ھەسەن داموللا ھاجى 1971 ـ يىلى كۇچا ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، كېسەل كۆرۈش ـ داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، نەچچە ئون يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتىدە توپلىغان تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن 700 بەتلىك بىر

ئەسەر يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر شۇ چاغنىڭ شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن شىفىگرافتا بېسىپ بىرنەچچە نۇسخا قىلىپ تارقىتىلىپ، ھەرقايسى ئورۇنلاردا، بولۇپمۇ كۇچا ناھىيىسىدە تىبۇيىلارنىڭ ئۆگىنىش دەستۇرى قىلىنغان.

ھەسەن داموللا ھاجى شاگىرت تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن «ئەمەلىي سىناق قىلىنغان رېتسېپلار توپلىمى» دېگەن ئەسىرىگە ئىشلىمەكتە. ھەسەن داموللا ھاجى «ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى» نىڭ تەھرىر ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

# سىدىق ئېزىز

سىدىق ئېزىز 1930 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ياخشى بىلىدىغان، ئۇيغۇر تىبابەت - دورىگەرلىك جەھەتتە خېلى قېتىرقىنىپ ئىزدىنىدىغان تېۋىپ بولۇپ، 1976 - يىلى قەدىمدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان « موجەررە باتىل ئەبۇئەلى ئىبنىسىنا » دېگەن چوڭ تىپتىكى تىببىي ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن شىفىگرافتا باستۇرۇپ تارقىتىپ، ئۇيغۇر تېۋىپلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. 1984 - يىلى كۇچادا ۋاپات بولغان.

# ئابدۇقادىر ھاجى

ئابدۇقادىر ھاجى خوتەن كىرىيە ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1932 - يىلى ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1944 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە مەھەللە مەكتىپى ۋە مەدرىسىدە ئوقۇغان، كېيىن قەشقەرگە كېلىپ بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1957 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىغا كىرگەن. مەرھۇم يۇسۇپ ھاجى قەشقەرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن ئەرەبچە، پارسچە تىببىي كىتابلارنى ئوقۇپ، ئەمەلىي دورا تەييارلاش ۋە خام دورا تونۇشنى ئۆگەنگەن. 1960 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە دورىگەرلىك ۋە ياردەمچى تېۋىپلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەلخانا، ئامبۇلاتورىيىدىكى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇقادىر ھاجى ئەرەبچە، پارسچە تىببىي كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ئاتاقلىق تېۋىپ بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ، 1961 - يىلدىن باشلاپ «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار قوللانمىسى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈش ۋە رەتلەش ئىشلىرىغا قاتناشتى. 1971 -، 1973 - يىللىرى جۇڭگو - پاكىستان سودا ئالاقە گۇرۇپپىسى بىلەن پاكىستاننىڭ گىلگىت شەھىرىگىچە ئىككى قېتىم بېرىپ، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ھەر خىل

www.uyghurkitap

خام دورىلىرىنى دوگوۋور قىلىشقا قاتناشتى . 1978 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك قامۇسىنىڭ بەش ئەزا ، ئىچكى كېسەللىك ، تېرە كېسەللىكى ھەققىدىكى ماتېرىيالىنى يېزىشقا قاتناشتى . 1980 ـ يىلدىن باشلاپ قەشقەر تىببىي مەكتەپتە ئېچىلغان ئىككى قارار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس سۆزلەپ ، ئىزباسارلارنى تەربىيىلەشكە ھەسسە قوشتى . ئۇلار ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە .

ھازىر ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە .

# ئابدۇرېشىت غوپۇر مەخسۇم ھاجى

ئابدۇرېشىت غوپۇر مەخسۇم ھاجى 1932 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدە دىنىي ئەرباب ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1942 ـ يىلغىچە ئون يىل ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1942 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە قەشقەر شەھىرىدە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1957 ـ يىلغىچە ئائىلىسىدە ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى ۋە دىنىي كىتابلارنى ئۆگەنگەن. 1957 ـ يىلى قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا شاگىرت بولۇپ كىرگەن. مەشھۇر تېۋىپ، مەرھۇم يۈسۈپ ھاجىدا تىبابەتكە ئائىت بىر قىسىم پارسچە تىببىي كىتابلارنى ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىي دورا تەييارلاش، خام دورا تونۇش قاتارلىق ئۆگىنىشلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1959 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە دورا تەييارلاش بۆلۈمىدە ئىشلەپ، 1962 ـ يىلى خام دورا ئامبىرىغا ئالمىشىپ پېشقەدەم تېۋىپ مەرھۇم ئىسمائىلجان ئاكىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن 400 نەچچە خىل دورىنىڭ ئىسمى، شەكلى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، 1970 ـ يىلغىچە خام دورا ئامبىرىدا، 1975 ـ يىلغىچە پىششىق دورا بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1975 ـ يىلدىن باشلاپ ئامبۇلاتورىيە ۋە ئىچكى بۆلۈمدە كېسەل كۆرۈش، داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئۇ كۆپ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن ئاساستا، ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا «ئاشقازان تۆۋەنلەشنى

داۋالاشتىن بىر مىسال » ، « رەئىشە ( تىترىمە ) نىڭ ئۇيغۇر تىبابىتىدە شىپا تېپىشى » ، « ئاشقازان يارىسىنى يېڭى نۇسخا ( سىفوپ بىخ مارجان ) بىلەن داۋالاش تەجرىبىلىرى » قاتارلىق قىممەتلىك ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ شۆھرەت قازاندى . قەشقەر تىببىي تېخنىكۇمىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت سىنىپلىرىغا بىرنەچچە قارار دەرس ئۆتۈپ ، تىبابەتچىلىك ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەشكە ھەسسە قوشتى . 1987 - يىلى ئابدۇرېشىت غوپۇر مەخسۇم ھاجىغا يۇقىرىقى نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلدى .

# ياسىن زوْنوْن

ياسىن زوْنوْن 1932 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئوقۇمۇشلۇق ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1952 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە بېيجىڭ داشۆسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەييارلىق سىنىپىدا ۋە بېيجىڭ تىببىي شۆيۈەنىنىڭ داۋالاش فاكۇلتېتىدا سىستېمىلىق بىلىمگە ئىگە بولۇپ، قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ داۋالاش ھەم تىببىي مائارىپ خىزمىتىگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ 1980 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگۈچە بولغان 21 يىللىق ھاياتىدا قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى تەۋەسىدە ئۇنىڭ ئىزى چۈشمىگەن يەر قالمىدى ...

ياسىن زوْنوْن 1980 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ شىپاخانىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان ھەر خىل ئىش ئورنى، ئىش تۈرى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، تېخنىكىلىق قائىدە، كېسەل تۈرىنىڭ دىئاگنوز، داۋالاش ۋە داۋالاش ئۈنۈمىگە باھا بېرىش ئۆلچىمى قاتارلىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتتى. شىپاخانىنىڭ داۋالاش سۈپىتى بىلەن دورىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، شىپاخانىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۆستۈردى. شىپاخانىنىڭ مۇنتىزىملىشىشى بىلەن زامانىۋىلىشىشىنى

ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ ئۇنۇمگە ئېرىشتى . ئۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، كەسپىي تەتقىقات جەھەتتىمۇ زور نەتىجىلەرنى قازاندى . ئۇ ، گېمورروينى جۇڭگو ۋە مىللىي تېبابەت ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاشنى تەتقىق قىلىپ ، داۋالاش ئۈنۈمىنى 98 پىرسەنتكە ، ساقىيىش نىسبىتىنى 90 پىرسەنتكە يەتكۈزدى . قەشقەر رايونىدا چاۋاش ( فلاگرا ) كېسەللىكى تارقىلىپ دورا يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلگەندە ، ئۇ ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بويىچە داۋالاشنى سىناق قىلىپ ، داۋالاش ئۈنۈمىنى 100 پىرسەنتكە ، ساقىيىش نىسبىتىنى 95 پىرسەنتكە يەتكۈزدى . ئاق كېسەلنى ئۇيغۇر تىبابىتى بويىچە داۋالاپ ، ساقىيىش نىسبىتىنى مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق سەۋىيىدىن ئاشۇرۇپ ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى .

ياسىن زۇنۇن نەتىجە ئالدىدا مەغرۇرلىنىپ قالمىدى . ئۇ ، ئۇيغۇر تېبىبىي خادىملىرى پايدىلىنىدىغان كەسپىي ماتېرىيال كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن ، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ « تاشقى كېسەللىك » ، « ئاياللار كېسەللىكى » ، « ئىچكى كېسەللىك ۋە پەرۋىش ئىلمى » ، « ئېپىدېمىلوگىيە » ، « ئەمەلىي بالىلار كېسەللىكى » ، « پەرۋىش ئىلمىدىن سوئال ـ جاۋاب » قاتارلىق 2 مىليون 60 مىڭ خەتلىكتىن ئارتۇق كىتابنى ، 15 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىنى تەرجىمە قىلدى . ئاكۇشېرلىق ، فېلدشېرلىق ، سېسترالىق ، سۇنۇقچىلىق ، مىللىي تىبابەتچىلىك تەتقىقاتىنى باشقۇرۇش ، مىللىي تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىلمى ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دىئاگنوستىكىسىغا ئائىت 3مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق كونسپېكت تۈزدى . « شوك ۋە ئۇنىڭ داۋاسى » ،

« ئادەم بەدىنىدىكى ئېلېكترونلارنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى ۋە ئۇنىڭ داۋاسى » ، « ئۆتكۈر بۆرەك زەئىپلىشىش ۋە ئۇنىڭ داۋاسى » ، « ئىككىلەمچى يۇرەك زەئىپلىشىش ۋە ئۇنىڭ داۋاسى » ۋە « تاشقى كېسەللىك ئىلمى » ( پېشقەدەم تېۋىپلارنىڭ ماقالىلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئائىت كلاسسىك ئەسەرلەرنى رەتلەش ئاساسىدا يازغان ) ، « ئۆتكۈر قورساق ئاغرىقى ۋە ئۇنىڭ داۋاسى » ، « ھاياتلىق ، سالامەتلىك ۋە ئىرسىيەت كېسەللىكى » ، « ئاق كېسەللىك » قاتارلىق كىتابلارنى ( 1 مىليون خەتتىن ئاشىدۇ ) يېزىپ ، ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى . ئۇ يەنە « خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە ، ئىنگلىزچە تىببىي لۇغەت » نى تۈزۈشكە ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببىي تېخنىكۇملارنىڭ « ئاناتومىيە » ، « فىزىئولوگىيە » ، « پاتولوگىيە » ، « پەرۋىش ئىلمى » ۋە « بالىلار كېسەللىكى » قاتارلىق بەش پارچە دەرسلىك كىتابىنىڭ تەرجىمىسىنى سىلىقلاشتۇرۇشقا قاتناشتى ... ئۇ يەنە « جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئەنئەنىۋى تىبابەت قامۇسى » غا 200 مىڭ خەتلىك ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى بىلەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ قىسقىچە چۈشەنچە قىسمىنى يېزىپ بەردى . تەشكىل ياسىن زۇنۇننىڭ ئىلمي ئەمگىكىنى يۇقىرى باھالىدى . ئۇ ، 1987 ـ يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى . ئۇ ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېدىتسىنا ئىلمي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن ـ تېخنىكا ئىلمي جەمئىيىتىنىڭ دائىمي ھەيئەت ئەزاسى ، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ ، 6 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

تىبابەتچىلىكى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى «ھازىرقى زامان دۇنيا مەشھۇر كىشىلىرى» قامۇسىنىڭ جۇڭگو قىسمىغا كىرگۈزۈلدى.

ياسىن زۇنۇن ھازىر كەسىپداشلىرى بىلەن بىللە «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك قامۇسى» نىڭ قالغان تۆت تومىنى نەشرگە تەييارلاش ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىلىرىنى تاۋارلاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىمەكتە.

# باقى يۇسۇپ

باقى يۇسۇپ 1933 ـ يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ تامئېغىل يېزا قالتاق مەھەللىسىدە تۇغۇلغان . دەسلەپتە دىنىي مەكتەپتە، كېيىنچە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ،تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن .

باقى يۇسۇپنىڭ تېۋىپ بولۇپ كىشلەرنى ئاغرىق ئازابىدىن ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئارزۇسى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا قەلبىدە بىخ سۈرگەن ئىدى ھەمدە ئائىلە مۇھىتمۇ ئۇنىڭ ياخشى بىر تېۋىپ بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن ئىدى . ئۇ ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ، بولۇپمۇ ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمىنى تىرىشىپ ئۆگەندى . تۇغۇلغان يۇرتى لوپ ناھىيىسىدە تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنىپ بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ، دادىسىغا ئەگىشىپ خوتەن ، قاغىلىق ۋە يەكەن ناھىيىلىرىدە تېۋىپچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى . بۇ جەرياندا باقى يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ ئۆمۈر بويى توپلىغان تەجرىبە ھەم بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ، بۇ بىلىملەرنى ئەمەلىيەت جەريانىدا تېخىمۇ بېيىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ ، ئۈزلۈكسىز ئىزلەندى .

1962 ـ يىلى باقى يۇسۇپ دادىسى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كېلىپ يەككە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆزى مۇستەقىل تېۋىپلىق قىلىش يولىغا قەدەم قويدى .

ئەپسۇسكى، 1966 ـ يىلى ئۇ « تۆت كونا تەرەپدارلىرى » قاتارىدا تارتىپ چىقىرىلىپ، ئۇرۇمچى ناھىيىسىنىڭ نەنسەن چارۋىچىلىق مەيدانىغا تارقاقلاشتۇرۇۋېتىلدى. ئۇ شۇندىن تارتىپ 16 يىل بەيياڭگو ئوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى داۋالاش پونكىتىدا ئىشلىدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن چارۋىچىلارنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتقۇلدۇردى ۋە تىبابەتچىلىككە دائىر كۆپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇدى، ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئەتراپلىق ئىزلىنىپ، تىبابەتچىلىككە ئائىت بىلىمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئالاھىدە ئۇنۇمگە ئېرىشىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى.

باقى يۈسۈپ 1981 ـ يىلى ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە يۆتكەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىشەنچىسى ھەم شىجائىتى تېخىمۇ ئۇرغۇدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئىزلىنىش ئارقىلىق كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاغرىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالاپ، ئۇلارنى رازى قىلدى. دەم ئېلىش، بايرام، ھېيت كۈنلىرىمۇ كېسەل كۆرۈشنى داۋاملاشتۇردى. ئەمەلىيەت جەريانىدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، توپلاشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇيغۇر تىبابىتى بويىچە ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا بىرقەدەر قىيىن، مۇرەككەپ بولغان ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، قان تومۇر سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، تەنەپپۇس يولى، سۈيدۈك يولى سىستېمىسى كېسەللىكلىرى ۋە بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىق

كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۇ، كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە دورا بېرىشتە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ مىجەزگە قاراپ داۋالاش ھەم دورا بېرىش، دورىلارنىڭ ئەكس تەسىرى ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلدى. ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرى ئۇزاقتا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقتىن، ئېغىر كېسەللەر، بولۇپمۇ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە تۇرغان كېسەللەرنى تېز داۋالاشتا، ئالدى بىلەن غەربچە داۋالاش، ئاندىن ئۇيغۇر تىبابىتى بويىچە داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللاندى ۋە بۇ جەھەتتە نەتىجە قازاندى.

باقى يۈسۈپ كۆپ يىللار داۋامىدا ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن پائال شۇغۇللاندى. ئۇ، بىر تەرەپتىن، كېسەل كۆرۈپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىزلىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماقالىلارنى يازدى. ئۇنىڭ «تېز، بوغۇم، سۆڭەك شىلىنىشى داۋالاشتىكى دەسلەپكى كۆزىتىش»، «چاشقان يارىسى ۋە ئۇنى داۋالاش قائىدىسى»، «مېڭە سىلكىنىشتىن بولغان باش ئاغرىقى»، «ئاشقازان – ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسىنى ئۇيغۇر تىبابىتىدە داۋالاش» قاتارلىق 16 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تىببىي ژۇرنال، گېزىت، رادىئولاردا ھەم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئېلان قىلىنىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى. باقى يۈسۈپ داۋالاش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە ئىقتىدارىغا ئاساسەن، 1987 – يىلى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى ئۇنىڭغا كاندىدات مۇدىر ۋراچ ئۇنۋانى بېرىلدى.

ئۇ بەنە 1983 – يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى،

www.uyghurkitap

ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە « ئىلغار خىزمەتچى » ، « مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى » بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى ھەمدە 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن « مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى » ، 1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كادىرلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن « مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى » بولۇپ باھالىنىپ ، شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى . 1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە سىستېمىسى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى . 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دەپ باھالاندى . « ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە خىلتلار » دېگەن ماقالىسى 1996 ـ يىلى دۇنيا ئەنئەنىۋى تىبابەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى . ئۇنىڭ ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان 20 پارچىدىن ئارتۇق زور ھەجىمدىكى ئىلمىي ماقالىسىدىن تۆت پارچىسى 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى . ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى ، ئاپتونوم رايونلۇق ھىلال ئاي بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى دورىلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى .

ئۇ يېقىندا ئۆزىنىڭ 29 يىللىق دوختۇرلۇق ھاياتىدا توپلىغان تەجرىبە ۋە بىلىملىرىگە ئاساسەن ، 150 مىڭ خەتلىك « ئۇيغۇر تىبابىتىدە ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش ھەققىدە » ناملىق كىتابىنى يېزىپ تاماملىدى .

# مۇھەممەتئىمىن داموللا

پېشقەدەم تىبۇپ مۇھەممەتئىمىن داموللا 1934 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇرچاقچى يېزا، تۇگمەنئېرىق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1940 - يىلدىن 1947 - يىلغىچە ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەدرىستە ئوقۇپ، ئەرەبچە دىنىي كىتاب - ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. 1947 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە قەشقەر شەھىرىدىكى دىنىي مەدرىستە بىلىم ئاشۇرۇش ئارقىلىق، ئەرەب تىلى سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، پارس تىلىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن. 1954 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە قەشقەر شەھىرىدىكى مەشھۇر تىبۇپ ۋە دورىگەر يۇسۇپ ھاجىغا شاگىرت بولۇپ، بىر تەرەپتىن، « تىببىي ئەكبەر »، « قارابادىن قادىرى » قاتارلىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك توغرىسىدىكى كلاسسىك كىتابلارنى مەخسۇس دەرسلىك قىلىپ ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن، داۋالاش ھەم دورىگەرلىك ئەمەلىيىتىنى ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىي داۋالاش ئىقتىدارى جەھەتتە تەڭ يېتىلگەن. 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ئۆز يۇرتىدا خۇسۇسىي تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەڭ بىمارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1960 - يىلى پۇرچاقچى يېزىلىق دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ، بۇ دوختۇرخانىدا ئۇيغۇر تىبابىتى بويىچە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىشىلەرنىڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشكەن. 1966 - يىلى ئۆز كەنتىگە قايتىپ، كېسەل داۋالاش ئىشلىرى بىلەن

شۇغۇللانغان. 1969 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ بازارلىرىدا يۈرۈپ، سەييارە داۋالاش ـ دورىگەرلىك ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان، بۇ جەرياندا، داۋالاش بىرقەدەر قىيىن بولۇۋاتقان مېگە، ئۆپكە، يۈرەك، ئاشقازان، بوغۇم قاتارلىق ئەزالارنىڭ ھەر خىل كېسەللىكلىرىنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەت ۋە ئابرويغا ئېرىشكەن. 1979 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا يۆتكىلىپ، ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەن ئاددىي، تەننەرخى ئەرزان رېتسېپلىرى ئارقىلىق ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ھەر خىل كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ ساقايتىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىزباسار تېۋىپلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپلەپ شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

تېۋىپ مۇھەممەتئىمىن داموللا ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بىلىم ئېلىش ۋە تىبابەتچىلىك ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، 1985 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 51 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇھەممەتئىمىن داموللا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلار خوتەن، قاراقاش قاتارلىق جايلاردا تايانچلىق تېۋىپلاردىن بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. مەرھۇم قالدۇرۇپ كەتكەن رېتسېپلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھازىرمۇ ھەرقايسى شىپاخانىلاردا ئاساسلىق رېتسېپ ئورنىدا ئىشلىتىلمەكتە.

# تۇرسۇنتوختى ھاجى

تۇرسۇنتوختى ھاجى 1936 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خوتەن ناھىيە، توساللا يېزا قاچچى كەنتىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1948 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىدىن ساۋاتىنى چىقارغان. 1959 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە ئاتاقلىق تېۋىپ ئابدۇرېھىم ئاخۇنۇمغا شاگىرت بولۇپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى نەزەرىيە ئىلمى ۋە دورىگەرلىك ئىلمىنى پۇختا ئۆگەنگەن ھەم ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىلىرى بىلەن پۇختا تونۇشقان. 1965 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە خوتەن ناھىيە توساللا يېزىلىق دوختۇرخانىدا كېسەل داۋالاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1975 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ، دوختۇرخانىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئەمەلىي داۋالاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەم تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە بولغان تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن ئىشلەپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن، بۆلۈمنىڭ خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىپ ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شاگىرت تەربىيىلەش، ئىزباسار يېتىشتۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە يەرلىك دورا ئەشيالىرىنىڭ كەم بولۇشىدەك ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ، شاگىرتلىرىنى باشلاپ يېقىن ئەتراپتىكى تاغلىق رايونلارغا چىقىپ سەييارە كېسەل داۋالاش ، ئوت - چۆپ دورىلارنى يىغىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان .
ئۇ ، ئۆزىگە شاگىرت ئەگەشتۈرۈپ تەربىيىلەش بىلەنلا قالماي ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خوتەن تىببىي مەكتەپتە ئېچىلغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى ، خوتەندە ئېچىلغان ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر تىبابەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى قاتارلىقلارغا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمىدىن دەرس بەرگەن . ئۇ كېسەل داۋالاش داۋامىدا ، داۋالاش بىر قەدەر قىيىن بولغان بەرەس ( ئاق كېسەل ) نى داۋالاش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ، بۇ كېسەللىكنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك رېتسىپىنى تۈزۈپ چىققان ھەم كېسەلنى ياخشى داۋالاپ ، كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن . ئۆزىنىڭ ئاق كېسەل ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى 1979 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلىم - پەن يىغىنىدا تونۇشتۇرغان .

1987 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بۇ مەكتەپتە تاشقى كېسەللىك ، يۇقۇملۇق كېسەللىك ، ئۇيغۇر تىبابەت دىئاگنوستىكا ئىلمى قاتارلىقلاردىن دەرس ئۆتۈپ ، كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشكەن . ئۇ ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئاساسەن 1000 بەتتىن ئارتۇق « ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى » ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان ( بۇ ، كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ ) . ئۇندىن

باشقا، ئۇنىڭ «يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى ۋە ئۇنى داۋالاش»، «بالىلار ئىچى ئۆتۈش كېسىلى»، «ئاق كېسەللىكنى داۋالاش توغرىسىدا»، «سىبلىس ۋە ئۇنى داۋالاش» قاتارلىق بىرقانچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئۇ، ئۇيغۇر تىبابىتى دورىگەرلىك مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، ئۆستۈرۈش، گۈللەندۈرۈپ قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، كىلىنىكىلىق تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، قان تومۇر كېسەللىكلىرى، جاھىل خاراكتېرلىك تېرە كېسەللىكلىرى، ئەرلەر تاناسىل كېسەللىكلىرى، جىگەر، ئۆت خالتا كېسەللىكلىرىنى ھەم ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتىكى ئۆزگىچە ماھارىتى ئارقىلىق، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. گەرچە ئۇ ھازىر دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىشلىرىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئائىلىسىدە كېسەل كۆرۈپ ئەمەلىي داۋالاش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

## مۇھەممەتئىمىن سابىر

مۇھەممەتئىمىن سابىر 1937 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭبويى باغ كوچىسىدا تۇغۇلغان. 1957 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ تىببىي تېخنىكۇمىنى، كېيىنچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي ـ نەزەرىيە فاكۇلتېتىنى ئىشتىن سىرت ئوقۇپ تۈگەتكەن. خىزمەت جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ رۇسچە، خەنزۇچە ئۆگىنىپ ئۆز كەسپىگە دائىر ماتېرىياللاردىن بىمالال پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن.

مۇھەممەتئىمىن سابىر 1960 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاشقا دائىر كىتاب ـ ژۇرناللارنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەھرىرلەش خىزمەتلىرىگە قاتناشقان. 1961 ـ يىلى سەھىيە نازارىتىنىڭ سابىق تەرجىمە ـ تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلغان «كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر» ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلغان. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا نەشر قىلىنغان تۇنجى كىتاب بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئاساسىي قاتلام تىببىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا دەرسلىك قىلىنغان. 1970 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە «ئۇيغۇر تىبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تىبابىتى بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمى»، «ئۇيغۇر تىبابىتى تەشخىس (دىئاگنوستىكا) ئىلمى»، «ئۇيغۇر

تېبابەتچىلىك سەھىيە كېسەللىكلەر ئىلمى » ، « ئۇيغۇر تېبابىتى داۋاسازلىق ۋە مۇرەككەپ دورىلار ئىلمى » ، « باشلانغۇچ سەھىيە سالامەتلىكنى ئاسراش قوللانمىسى » ، « ئائىلە ۋە دورا ساندۇقى » ، « ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى ئۆلچىمى » ، « ئوردۇ تىلى » ، « داۋاسازلىق » ، « ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى يەككە دورىلار » ، « يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر » قاتارلىق 20 پارچە 3 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق غەربچە تېببىي دورىگەرلىك كىتابىنى ، 14 پارچە 2 مىليون 200 مىڭ خەتلىك ئۇيغۇرچە تېببىي ئوقۇتۇش كىتابىنى ، « شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى » نىڭ 13 پارچە 3 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى كىتابىنى تەھرىرلىگەن . شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە باشقا تېببىي داۋالاشقا دائىر 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان .

ئۇنىدىن باشقا ، 1983 - يىلدىن باشلاپ سەھىيە نازارىتى قارىمىقىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تەتقىقات ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىۋاتقان « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى » ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان .

مۇھەممەتئىمىن سابىر « سەھىيە باشقۇرۇش ھەققىدە » ناملىق كىتابنى تۈزۈپ چىقىپ ، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتىغا تاپشۇردى . شۇنداقلا « دوختۇرخانا باشقۇرۇش ئىلمى » ناملىق يىرىك ئەسەرنى تۈزۈش ۋە تەھرىرلەشكە قاتناشتى .

مۇھەممەتئىمىن سابىر 1980 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەپ كەلمەكتە .

مۇھەممەتئىمىن سابىر يەنە شىنجاڭ دوختۇرخانا باشقۇرۇش

ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، مەملىكەتلىك جۇڭگوچە - غەربچە تېبابەتنى بىرلەشتۈرۈش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى قوشۇمچە ئۆتىمەكتە.

# ئېزىز كەنجى

مۇدىر ۋراچ ئېزىز كەنجى 1939 - يىلى قەشقەر شەھرىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغان ، ئالتە يېشىدا مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ، باشلانغۇچ ساۋاتىنى چىقارغان .

1947 - يىلىدىن 1951 - يىلغىچە قەشقەر شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان ، 1952 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - دوختۇرخانىدا ئېچىلغان سېستىرالىق كۇرسىدا ئالتە ئاي ، ئۈرۈمچى مېدىتسىنا تېخنىكۇمىدا 1954 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ئۈچ يىل ئوقۇغان . ئۇ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋە شەھەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتلىرىدا ئىشلىگەن . 1963 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك ( ھازىرقى ۋىلايەتلىك ) ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا يۆتكىلىپ زۇنۇن قارىم ، ئىسمائىلجان ، ھېپىزىخان مەخسۇم قاتارلىقلاردىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگەنگەن . بۇ جەرياندا تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش جەھەتلەردە كۆپلەپ ئىزدىنىپ ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، كەسپىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن ، بولۇپمۇ ئاق كېسەللىك ( بەرەس ) نى داۋالاش ئىشلىرىدا ئۇستازلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، ئالاھىدە نەتىجە قازانغان . ئۆزىنىڭ دەسلەپتە ئۆگەنگەن غەربىي تىبابىتى بىلەن ئۇيغۇر تىبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن .

ئېزىز كەنجى 20 نەچچە يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى پۇختا يەكۈنلىگەن ئاساستا ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە «ئاق كېسەللىك توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تىبابىتىدە ئاق كېسەللىكنى داۋالاشتىن 21 يىللىق خۇلاسە»، «ئاق كېسەللىك توغرىسىدا تەھلىل»، «تۆت مىللەتتىن 7049 نەپەر ئاھالە ئىچىدىكى ئاق كېسەللىكنى تەكشۈرۈش»، «ئاق كېسەللىك توغرىسىدا تەھلىل ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن دورا نۇسخىلىرى»، «مەزى بېزى يالللۇغى»، «ئۈچ نەپەر ئاق كېسەلنى دورا ئىشلەتمەي ئاپتاپقا قاقلاپ داۋالاش» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى ئاممىنىڭ ۋە كەسپداشلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئېزىز كەنجى بىرقانچە ۋاقىت تەكشۈرۈش، سىناق قىلىش ئارقىلىق، ئاكروفىلاۋىن ئوكۇلىنى ئاق كېسەلگە ئىشلىتىپ ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى تەتقىق قىلىپ تېپىپ چىقىپ، سەھىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ھەمدە «تۆت مىللەتتىن 7049 نەپەر ئاھالە ئىچىدىكى ئاق كېسەلنى تەكشۈرۈش» ماۋزۇلۇق ماقالىسى (باشقىلار بىلەن بىللە) قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن 4 - دەرىجىلىك ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئېزىز كەنجى يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن 1987 - يىلى مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ ئۇنۋانىغا، 1993 - يىلى مۇدىر ۋراچ ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانا تېرە - تاشقى بۆلۈم مۇدىرى.

# ھاجى مۇھەممەد ئېلى مەھمۇدى

ھاجى مۇھەممەد ئېلى مەھمۇدى 1941 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئوقۇمۇشلۇق ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئىلىم ئېلىشقا ئىنتىلگەن بولۇپ، باشلانغۇچ ساۋاتىنى دادىسىدىن ئالغان. كېيىن سەككىز يىل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1956 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا يۈسۈپ ھاجى قەشقەرىگە شاگىرت بولۇپ كىرىپ، تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆزلۈكىدىن ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى ئۆگىنىپ، شۇ تىللاردىكى كىتابلارنى ئوقۇپ پايدىلىنالايدىغان بولغان. ئۇ بىر تەرەپتىن، نەزەرىيە ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرغان. ئۇ ئىجتىھات بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە ئۆز تەجرىبىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن يەكۈنلەش ئارقىلىق، ھەر خىل ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ، ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغاندىن باشقا، «ئاق كېسەل ھەققىدە»، «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلار»، «پارس تىلى دەرسلىكى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ چىققان ۋە ئېلان قىلدۇرغان.

ئۇ، شىپاخانا تەشكىللىگەن قەدىمكى تىببىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش، رەتلەش ئىشلىرىغا باشتىن ـ ئاخىر قاتنىشىپ،

تىبابەتنىڭ ئەنئەنىۋى بايلىقلىرىنى قېزىپ چىقىشقا زور ھەسسە قوشقان. 1965 - يىلى ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان «تىببىي ئەكبەر» ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلىش - تەھرىرلەش ئىشىغا قاتناشقان. 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە، ئىزچىل تۇردە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى تەشكىللىگەن «جۇڭگو تىببىي قامۇسى» نىڭ تارماق تومى «ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى» نى تۈزۈش - تەھرىرلەش ھەيئىتىگە قاتنىشىپ، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمى» ۋە «تېرە تاشقى كېسەللىكلىرى ئىلمى» نى يېزىپ چىققان ھەمدە قەشقەر تىببىي تېخنىكوم ئاچقان ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئۈچۈن «ئوردۇ تىلى دەرسلىكى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ چىققان.

ئۇ يەنە يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر تىبابەت ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، قەشقەر تىببىي مەكتەپ ئۇيغۇر تىبابەت سىنىپلىرىغا بىرقانچە قارار «ئوردۇ تىلى»، «ئىچكى كېسەللىك» قاتارلىقلاردىن دەرس ئۆتۈپ، ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈشكە تۆھپە قوشقان. 1987 - يىلى ئۇنىڭ يۇقىرىقى نەتىجىلىرىگە ئاساسەن مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ ئۇنۋانى بېرىلگەن.

ئۇ يەنىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ «ئۇيغۇر تىبابەت دورا ئۆلچەملىرى» ناملىق كىتابىنى (باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ) ۋە «بەرەس كېسەللىكى» ناملىق كىتابنى يازغان. 40 مىڭ خەتلىك «جىنكبۇزى» ناملىق ماقالە يازغان. شۇنىڭ بىلەن 1989 - يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئۇ يېقىندىن بېرى، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «كەرۋىيا» دېگەن دورىنىڭ بەرەس كېسەللىكىگە بولغان ئۈنۈمى ھەققىدە ماقالە

يازغان . قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان « ئەرەب تىلىدىن ئاساس » ناملىق كىتاب ( 1 ـ قىسمى ) نىڭ مۇھەررىرلىكىنى قىلغان . ئوردۇچە « يەككە دورىلار » ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلىپ چىققان . تۈرك تىلىنى ئۆگىنىپ ، « تۈرك تىلىنى تېز ئۆگىنىش » ناملىق كىتابنى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ھەمدە « ئوردۇچە سۆزلىشىش » ناملىق كىتابنى تۈزۈپ، نەشرىيات ئورۇنلىرىغا سۇنغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# سىراجىئەخمەت ھاجى

ئۆزىنىڭ 40 يىللىق ھاياتىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە بېغىشلاپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ يېڭى ئەۋلاد ئىزباسارىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان ئىجتىھاتلىق تېۋىپ سىراجىئەخمەت ھاجى، 1941 - يىلى لوپ ناھىيە بازىرى ئىچىدە شۇ زامانىنىڭ داڭلىق تېۋىپلىرىدىن بولغان ئابلا ھاجى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1957 - يىلغا قەدەر ئائىلە تەربىيىسى ئالغاچ دادىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دورا سوقۇش، شەربەت تەييارلاش، مەجۇنات ياساشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە، لوپ ناھىيىسىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ۋە ئىلاھىيەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن. 1957 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە قەشقەرگە بېرىپ چاسا مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئىلاھىيەت ئىلمىنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئىلمىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. 1959 - يىلى قەشقەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1971 - يىلغىچە دادىسى ئابلاھاجىدىن مەخسۇس ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىنى ئۆگىنىپ، « مىزانى تىب »، « تىببى ئەكبەر » قاتارلىق مەشھۇر تىببىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، نەزەرىيىۋى بىلىمىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن

شۇغۇللانغان . 1971 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە لوپ ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا ئىشلەپ ، شىپاخانىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان . 1975 ـ يىلغا كەلگەندە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ، 1991 ـ يىلغا قەدەر ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىچكى كېسەللىك ، تاشقى كېسەللىك بۆلۈملىرىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ ، خىزمەت ۋە ئەمەلىي كېسەل داۋالاش ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن . ئۇ ، يۈرەك سانجىقى ، يۈرەك ، مېڭە قان تومۇر قېتىشىش ، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى ، يۇقىرى قان بېسىم ، پالەچ ، ئىسترخا ۋە جىگەر قېتىشىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا بىرقەدەر مول تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ ، داۋالاشنىڭ پرىنسىپلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ، كېسەللەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ، قېتىرقىنىپ داۋالىغاچقا ، بىرقەدەر يۇقىرى داۋالاش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرگەن .

سىراجىدىن ئەخمەت ھاجى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن 1991 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن ، ئۇيغۇر تىبابەت داۋالاش فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ، ئوقۇتۇش پروگراممىسى ، ئوقۇتۇش پىلانى تۈزۈش ، دەرس تەييارلاش ئىشلىرىدا تەشكىللاتچىلىق ، يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بىرگە ، ئىزچىل ھالدا دەرس ئۆتۈپ ، يۇقۇملۇق كېسەللىك ، ئىچكى كېسەللىك دەرسلىرىنى بېرىپ ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش ئۈچۈن ، تەر ئاققۇزۇپ كەلگەن . ئۇ ، 1991 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ، پىشقەدەم تىبابەتچىلىك ـ

دورىگەرلىك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىلمىي تەجرىبىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئالىمى مەرھۇم ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجىغا شاگىرتلىققا تۇتقۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسى، كلىنىكا ۋە دورىگەرلىك پەنلىرىدە بىر -قەدەر زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغان. 1992 - يىلى ئۇنىڭ بىلىمى ۋە قابىلىيىتىگە ئاساسەن مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 20 نەچچە پارچە ماقالە يېزىپ، ئاپتونوم رايون ۋە خوتەن ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرغان ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان.

1994 - يىلى 11 - ئايدا سىراجىئەخمەت ھاجى ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلاندى.

# ئابدۇل مۆمىن ئېزىز ( ئايدىڭ )

ئابدۇل مۆمىن ئېزىز ( ئايدىڭ ) 1942 ـ يىلى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يەكشەنبە بازار يېزا ، چىگىلىك كەنتىنىڭ پاۋان مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى گالئېرىق مەركىزى باشلانغۇچ مەكتىپىدە ، ئوتتۇرا ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان . 1959 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىدىكى ئەمەت داموللىدا پارس تىلىدا دىنىي ۋە تىببىي بىلىم ئالغان . 1963 ـ يىلدىن باشلاپ يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يەكشەنبە بازار يېزا بازىرىدا تىبابەتچىلىك دۇكىنى ئېچىپ ، ھەر خىل ئىچكى ، تاشقى كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ، شۆھرەت قازانغان . 1964 ـ يىلى ناھىيىلىك سەھىيە بۆلۈمىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ، يەكشەنبە بازار يېزىلىق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت بۆلۈمىدە كېسەل داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان .

1973 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە گالئېرىق ، چورۇش ، چىگىلىك قاتارلىق كەنتلەرنىڭ داۋالاش پونكىتىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان . 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يېزىلىق دوختۇرخانىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك بۆلۈمىدە ئىشلىگەن . 1985 ـ يىلى سەھىيە نازارىتى، شەخسىي تېۋىپلاردىن ئىمتىھان ئالغاندا ، ئىمتىھان نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن رەسمىيلەشتۈرۈلۈپ ، يوپۇرغا ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت

شىپاخانىسىغا تەقسىم قىلىنغان . 1988 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومىدا بىلىم ئاشۇرغان . ئۇ ، بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا ئىلگىرى ئۆگەنگەن پارس تىلىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىللە ، يېڭىدىن ئوردۇ تىلىنى ئۆگىنىپ ، كەسپىي بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن . ئۇ ، ئۆزىنىڭ 30 يىللىق ئۇيغۇر تىبابىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئەمەلىي سىناقلاردىن ئۆتكۈزگەن رېتسېپلىرىغا ئاساسەن ، « تىببىي خەزىنە » ناملىق كىتابىنى يېزىپ نەشرىياتقا تاپشۇرغان .

ئۇ ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيە ئىلمى ۋە دورىگەرلىك ئىلمىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ، كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلغان . ئۇنىڭ 21 پارچە ئىلمىي ماقالىسى « شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى »ئالىي تېخنىكوم ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان . « زىققا كېسەللىكىنىڭ ئۈنۈملۈك رېتسېپى » ، « نامازشام قارىغۇسىنى داۋالايدىغان ئاددىي رېتسېپلار » ، « قىزىل تۇمشۇقنى داۋالاش تەجرىبەم » ناملىق ماقالىلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئېلان قىلىنغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، « قاندىق قىلغاندا تىبابىتىمىزنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ » دېگەن ماقالىسى 1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خوتەندە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك ماقالە بولۇپ باھالانغان .

# ئابلىمىت ھاشىم

ئابلىمىت ھاشىم 1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەر شەھەر باغ كوچىدا دۇنياغا كەلگەن. 1958 ـ يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان ۋە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1958 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ داۋالاش فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1978 ـ يىلغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدا خىزمەتتە بولغان. بۇ جەرياندا تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش ـ تارقىلىش قانۇنىيەتلىرىنى، كېلىنىك ئالاھىدىلىكى، ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش، پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرى قاتارلىق بىلىملەرنى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇش ئاساسىدا پۇختا ئىگىلىگەن.

1978 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ھەر خىل نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي بىلىملىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىلمىي تەسخىس، داۋالاش، دورىگەرلىك ئىلمى ئاساسى ۋە نەزەرىيە قاتارلىق بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ، بەلگىلىك ئىلمىي ئاساسقا ۋە داۋالاش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان. كېسەللىكلەرنى غەرب تىبابىتى بىلەن ئۇيغۇر تىبابىتىنى بىرلەشتۇرۇپ داۋالاش ئارقىلىق زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ئىنچىكە يەكۈنلەپ 200 مىڭ خەتلىك «پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش قوللانمىسى»، «ئىممۇنىتېت ۋە ئىرسىيەت» قاتارلىق كىتابلارنى

يازدى ھەمدە «تارقىلىشچان كېسەللىكلەر»، «ئىچكى كېسەللىكلەردىن سوئال - جاۋابلار»، «پەرۋىش ئىلمىدىن سوئال - جاۋابلار» ناملىق كىتابلارنى مۇستەقىل ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە قىلدى. 1980 - يىلى سەھىيە نازارىتى ئورۇنلاشتۇرغان جۇڭگو تىببىي قامۇسى تارماق تومى ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسىنىڭ «بەش ئەزا ۋە تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى» نى يېزىشقا قاتناشتى ھەمدە ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ دەرسلىكلىرىدىن «بەش ئەزا كېسەللىكلىرى» نى يېزىشقا قاتناشتى ۋە ئۇنىڭ قۇلاق، ئېغىز، گال قىسمىنى ئۆزى يېزىپ چىقتى.

ئۇنىدىن باشقا، ئىزچىل تۈردە ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايىتىمىزدە چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى ھەمدە بۇ ماقالىلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئابلىمىت ھاشىم ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىغىمۇ كۈچ چىقاردى. خىزمەتكە قاتناشقان 30 نەچچە يىل جەريانىدا ئىزچىل تۈردە ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئورۇنلاشتۇرغان تىببىي كۇرسلار ۋە قەشقەر تىببىي مەكتەپلەردە دەرس سۆزلەپ، ئىزباسارلارنىڭ كۆپلەپ بىلىم ئېلىشىغا ئاساس سالدى. ئۇ، بۇ نەتىجىلىرى ئارقىلىق 1993 - يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

# مۇھەممەت باقى ئالىم ھاجى

مۇھەممەت باقى ئالىم ھاجى 1944 - يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئەللامە يېزىسىدا، مەرپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1944 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1949 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە پەننىي، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1956 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە ئۇستازى تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇمدا ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن. 1965 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە ئۇيغۇر تىبابىتى ئىلمى بويىچە داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. 1975 - يىلدىن 1989 - يىلغا قەدەر خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1989 - يىلدىن بۇيان خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدا مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ تېۋىپ بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

مۇھەممەت باقى ئالىم ھاجى 1962 - يىلدىن 1964 - يىلغا قەدەر ئۇستازى مەرھۇم تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر تىبابەت قوللانمىسى» دېگەن ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەرنى 1978 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتقان. بۇ كىتاب 1982 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرىنى باھالاشتا، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، شياڭگاڭدا ئېچىلغان خەلقئارالىق

مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر كىتاب كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان. بۇ كىتاب مەكتەپلەردە دەرسلىك، دوختۇرخانىلاردا داۋالاش قوللانمىسى قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە. ئۇ يەنە 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغا قەدەر شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ دىئاگنوز ئىلمى دەرسلىكىنى يازغان. بۇ دەرسلىكنى 1990 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلغان. بۇ دەرسلىك 1992 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت تىببىي پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاشتا 2 ـ دەرىجىلىك دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1978 ـ يىلى مەملىكەتلىك سەھىيە ئىلىم ـ پەن يىغىنىغا قاتنىشىپ، «ئاق كېسەللىكنى داۋالاش تەجرىبىسى» دېگەن ماقالىسىنى يىغىندا تونۇشتۇرۇپ بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇدىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسىنى يېزىش، تەشكىللەشكە قاتنىشىپ، قامۇس يېزىشقا زور تۆھپە قوشقان دەپ تەقدىرلەنگەن. ئۇيغۇر تىبابەت مىزاج نەزەرىيىسى، ئۇيغۇر تىبابەت سۇ، تۇپراق، ھاۋا تەلىماتى نەزەرىيىسى، ئاشقازان كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، دىئاگنوز قويۇش ھەققىدىكى تەلىماتلار، قان بېسىم يۇقىرىلىق كېسەللىكنى داۋالاش، يۈرەك كېسەللىكنى داۋالاش قاتارلىق 14 پارچە ماقالىسى تىببىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. يەتتە پارچە ماقالىسى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىدا ئوقۇلغان ۋە بېسىپ تارقىتىلغان. 1996 ـ يىلى چاقىرىلغان خەلقئارالىق ئەنئەنىۋى تىبابەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ۋە بۇ يىغىنغا سۇنغان «يۈرەك كېسەللىكنى داۋالاش ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى يىغىن توپلام خاتىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن. «دەستۇرىل ئىلاج» ناملىق ئۇيغۇر تىبابەت

كلاسسىك ئەسەرىنى نەشرگە تەييارلىغان.

مۇھەممەت باقى ئالىم ھاجى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو مېدىتسىنا قامۇسى جۇڭگو تىبابەت تارماق قىسمى تەييارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى خوتەن شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

# رۇقىيەم سادىق

رۇقىيەم سادىق 1947 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەر شەھىرى ئوردا ئىشىكى مەھەللىسىدە، دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1953 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە قەشقەر شەھىرى ئوردا ئىشىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1956 - يىلدىن 1959 - يىلى 9 - ئايغىچە قەشقەر شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1959 - يىلى 9 - ئايدىن 1962 - يىلى 12 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائەت تېخنىكومىدا ئوقۇغان. 1962 - يىلى 12 - ئايدا بۇ مەكتەپ قىسقىراپ كېتىپ، ئائىلىسىگە قايتقان. مەكتەپنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن 1963 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە قاتناشقان. 1967 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە كىرگەن، ھازىرغىچە شۇ ئورۇندا ئىشلىمەكتە.

رۇقىيەم سادىق قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ دورا تەييارلاش بۆلۈمىدە ئىشلەش جەريانىدا، پېشقەدەم تېۋىپلاردىن ئېرىنمەي سوراش ۋە ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ دورىگەرلىك ساھەسىدە مەلۇم بىلىمگە ئىگە بولغان. 1984 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ دورا تەتقىقات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا، ئۇيغۇر تىبابەت دورىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «ئۇيغۇر تىبابىتى دورىسازلىق ۋە

سۈرەككەپ دورىلار ئىلمى » ناملىق 360 مىڭ خەتلىك كىتابنى يېزىپ چىقىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرغان. 1989 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن « ئۇيغۇر تىبابىتى دورىگەرلىكى » ناملىق 200 مىڭ خەتلىك كىتابى نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىبابەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ يەنە ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكوم دەرسلىكى « ئۇيغۇر تىبابىتىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورا ئەشيالار ئىلمى » ناملىق كىتابنى باشقىلار بىلەن بىرگە يېزىپ، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 - يىلى 8 - ئايدا نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى مۇھىم بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. رۇقىيەم سادىق ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن « ئۇيغۇر تىبابىتى دورا ئەشيالىرى ئۆلچىمى » ناملىق كىتابنى يېزىشقا قاتناشتى ھەمدە ئاق كېسەللىكنى داۋالاشتىكى ئاساسلىق دورا — « كالى زىرە ئۇرۇقى ھەققىدە دەسلەپكى تەتقىقاتىمىز »، « ئۇيغۇر تىبابىتى دورا ياسالمىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا » قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ژۇرنىلى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكوم ئىلمىي ژۇرنىلى قاتارلىقلاردا ئېلان قىلدۇردى.

رۇقىيەم سادىق ئىزباسار تەربىيىلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تەشكىللەنگەن كۇرسلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەچچە يۈز سائەت دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق، 100 نەپەردىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيىلىدى. ئۇ يېقىندا يۇقىرىقى نەتىجىلىرىگە ئاساسەن مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچلىق ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشتى.

# مەيىنگارخان ھاجى

مەيىنگارخان ھاجى 1949 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىدە مەشھۇر تېۋىپ تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1955 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچىلىك باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 1964 ـ يىلى ئاتىسى تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇمغا شاگىرت بولۇپ كىرىپ، خوتەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. 1964 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە دورىگەر ۋە شاگىرت تېۋىپ بولۇپ ئىشلىگەن، 1975 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى. ئاياللار بۆلۈمى ۋە ئامبۇلاتورىيىدە داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان.

مەيىنگارخان ھاجىنىڭ ئاتىسى تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم ئاتاقلىق تېۋىپ بولغانلىقى تىببىي بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى، تەجرىبىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن مەيىنگارخان ھاجىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزىنىڭ مۇھىم داۋالاش تەجرىبىلىرىنى تولۇق ئۆگەتكەن. مەيىنگارخان ھاجىمۇ تىرىشىپ ياخشى ئۆگەنگەنلىكتىن، 1982 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە داۋالاش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئارقىلىق 13 پارچە ئىلمىي ماقالە يازغان. بۇنىڭدىن سەككىز پارچىسى ھەرقايسى تىبابەت ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان، بەش پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە

ۋىلايەتلىك تىببىي جەمئىيەتلەرنىڭ يىغىنىدا ئوقۇلۇپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. 1987 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلىغا قەدەر يازغان «توغۇتشۇناسلىق ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئىلمى» ناملىق كىتابى شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابىتى ئالىي تېخنىكومىدا ئاياللار كېسەللىكى ئىلمى دەرسلىكى قىلىنغان. ئۇ، يۇقىرىقى تۆھپىسى بىلەن 1988 ـ يىلى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر سەھىيە پەن ـ تېخنىكا خادىمى بولۇپ سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. 1994 ـ يىلى مۇئاۋىن مۇدىر تېۋىپ ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1975 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە ئاياللار كېسەللىكلىرىدىن ئوپېراتسىيە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەمچەك ئۆسمىسى، بالىياتقۇ ئۆسمىسى، تۇخۇمدان ئۆسمىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى دورا بىلەن داۋالاپ، ئوپېراتسىيە قىلماي ساقايتقان، ساقىيىش ئۈنۈمى 90 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان. يۈرەك سانجىقى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكى، بۆرەككە تاش چۆشۈش كېسەللىكى، قان تومۇر قېتىش كېسەللىكى، جىگەر كېسەللىكىنىڭ ساقىيىش ئۈنۈمىنى 85 پىرسەنتكە يەتكۈزگەن. ئۇ يەنە ئاتىسىدىن مىراس قالغان مەخپىي رېتسىپلاردىن ئاق كېسەللىكنى داۋالايدىغان مەجۇنى بەرەس، شەربىتى بەرەس، جىگەر كېسەللىكى، يۈرەك كېسەللىكى، بۆرەككە تاش چۆشۈش كېسەللىكى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان رېتسىپلاردىن 15 پارچىسىنى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا تەقدىم قىلغان. بۇ قىممەتلىك رېتسىپلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىلىرىدا ئەڭ مۇھىم رېتسىپلار قاتارىدا قوللىنىلماقتا.

# ئابدۇرېھىم قادىر ئاسىپ

ئابدۇرېھىم قادىر ئاسىپ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچىسى، تەھرىرى ۋە ژۇرنالىستى. ئۇ 1952 - يىلى قومۇلدا مەرپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1976 - يىلى 12 - ئايدا شاڭخەي جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، سابىق ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا تەقسىم قىلىنغان.

ئۇنىڭ خەنزۇچە يازغان «ئاق كېسەللىكنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە داۋالاش ۋە تەتقىق قىلىشتىن خۇلاسە» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى «مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە» مۇكاپاتىغا، «مۇنەۋۋەر پەن - تەتقىقات نەتىجىسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. خەنزۇچە يازغان «ئۇيغۇر تېبابىتى رېتسېپلىرى بىلەن ئاق كېسەللىكنى داۋالاش، ئۈنۈمىنى كۆزىتىش» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى «مۇنەۋۋەر پەن - تەتقىقات نەتىجىسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يېشقەدەم تېۋىپلار بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگو تىببىي قامۇسى» نىڭ تارمىقى «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» نى يېزىشقا قاتناشقان. مەزكۇر قامۇسنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرى، تەشخىس (دىئاگنوز)، ئىچكى، تاشقى، تېرە، سۆڭەك، بالىلار، ئاياللار، بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ۋە رېتسېپ، يەككە دورا، ئۇيغۇر تېبابەت تارىخى قاتارلىق 12 يۈرۈش كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە دەسلەپكى پىكىر ئېلىش نۇسخىسىنى رەتلەپ تاماملىغان. «شىنجاڭ جۇڭيى

تېبابەتچىلىكى » دېگەن خەنزۇچە ژۇرنالدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىنى خەنزۇچە چاتما ماقالە قىلىپ تونۇشتۇرغان. « ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى » ئىككىنچى جىلدىنى نەشرگە تەييارلىغان. « جۇڭگو تېبابەتچىلىكى ئىلمى ئاساسلىرى » دېگەن چوڭ ھەجىملىك كىتابنى تەرجىمە قىلغان. « ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى »نىڭ بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ۋە رېتسېپلار جىلدىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. « جۇڭگوچە ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك ئىلمى چوڭ لۇغىتى » نىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى ئاتالغۇلىرىنى خەنزۇچە تۈزگەن. « جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى » ، ۋەتەن تېبابەتچىلىك ئىلمى تارماق تومىنىڭ « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى » قىسمى، « شەرقىي ئوكيان ئەللىرى مېدىتسىنا چوڭ لۇغىتى » نىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى قىسمى، « جۇڭگو مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمى تاشقى داۋالار چوڭ قامۇسى » نىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى قىسمى، « جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى چوڭ قامۇسى » نىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمى قىسمى ھەمدە « ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ قەدىمكى مەشھۇر شەخسلىرى »، « ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى » دېگەن قىسىملىرىنى شۇنداقلا « جۇڭگو مىللىي تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمى تەسۋىرى » دېگەن چوڭ كىتابنىڭ « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمى » قىسىملىرىنى خەنزۇچە يازغان. ئۇ ئۆمرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي - پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ قىسقىچە تەسۋىرى » ، « ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قەدىمكى مەشھۇر تېۋىپلىرى » ، « ئۇيغۇر

تېبابەتچىلىكىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى» قاتارلىق ئۈچ ماقالىسى، تاپشۇرغان. هازىر دۆلەتلىك جۇڭيى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى تاپشۇرغان «جۇڭخۇا بىنساۋ» نىڭ «ئۇيغۇر تېبابەت دورىگەرلىكى» تومىنى يېزىشنى ئىبارەت مېنىستىر دەرىجىلىك تەتقىقات سىستېمىسىغا رىياسەتچىلىك قىلماقتا.

ئابدۇرېھىم قادىر ئاسىپ 1991 - يىلى 10 - ئايدا «جۇڭگودىكى هازىرقى زامان جۇڭيى تېبابىتى مەشھۇر كىشىلىرى تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلۈپ نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان. 1995 - يىلى 4 - ئايدا «شىنجاڭنىڭ جۇڭيى، مىللىي تېبابەتچىلىكىدىكى مەشھۇر ياش دوختۇر» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن ۋە 6 - ئايدا «جۇڭگونىڭ 100 نەپەر جۇڭيى تېبابەتچىلىك مەشھۇر ياش دوختۇرى» لىقىغا شىنجاڭدىن كۆرسىتىلىپ، شەرەپ بىلەن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

# خالمۇرات غوپۇر

خالمۇرات غوپۇر 1960 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھرىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1967 ـ يىلدىن 1973 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە (خەنزۇچە) ئوقۇغان، 1973 ـ يىلى 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن.

1977 ـ يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇ چاغدا خالمۇرات تېخى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىنىڭ 1 ـ مەۋسۇمىدا ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەرس نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇلدى ۋە ئەلا نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئۆز ئارزۇسى بويىچە شائخەي جۇڭيى ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىندى.

1982 ـ يىلى خالمۇرات ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپ پۈتتۈردى. مەكتەپ تەشكىلى ئۇنى مەكتەپتە ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، كەسىپ جەھەتتە يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەشتە تولىمۇ ئوبدان پۇرسەت ئىدى. بىراق، قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئانا يۇرت سۆيگۈسى، شىنجاڭ بىلەن شائخەي ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە باشقا جەھەتلەردىكى چوڭ پەرق ھەمدە بۇ پەرقلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن

تىكلەنگەن جەسۇرانە ئىرادە ئۇنى يەنىلا ئۆز يۇرتىغا ــ تەكرىتاغ ئېتىكىگە قايتىپ كېلىشكە ئۈندىدى.

خالمۇرات قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا ئاگىلىق بويىسۇنۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئەمدىلا چىقىپ جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ شاۋقۇنلۇق دەرياغا شۇڭغۇغان خالمۇرات ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش شارائىتىنىڭ ناچارلىقىدىن باشقا، ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك قىيىن تۇيۇلغىنى ئۆگىنىش شارائىتىنىڭ، بىلىمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش شارائىتى ۋە پۇرسىتىنىڭ بولماسلىقى بولدى. ئۇ ئاخىر ئۆزى شارائىت يارىتىپ ئالاقىدار كەسپىي ماتېرىياللارنى تېپىپ ئۆگەندى. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا بىر قىسىم كېسەللىكلەرنى يالغۇز جۇڭگوچە داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن غەربچە داۋالاش ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ئائىت بىلىملەرنىمۇ پۇختا ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان خالمۇرات ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر تەرەپتىن، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تىببىي ئىنستىتۇتنىڭ بارلىق دەرسلىكلىرىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، پېشقەدەم تېۋىپ، دورىگەرلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇيغۇر تىبابىتى جەۋھەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. بۇ ھەقتە تېخىمۇ سىستېمىلىق بىلىم ئىگىلەپ، ئېلىمىزنىڭ مېدىتسىنا ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى غەربچە داۋالاش نەپەس يولى ئىچكى

كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ داگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئاسپىرانتلىقىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى ۋە ئوقۇش جەريانىدا ئىنگلىز تىلى ۋە رۇس تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە كىرىشتى.

ئىلىم - مەرىپەت مەشئىلىدە يورۇغان دىل تېخىمۇ نۇرلانسا نۇرلىنىدۇكى، مەڭگۈ خۇنۇكلەشمەيدۇ! ئىلىم - پەندە پەللىگە ئۆرلەشنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنى قانائەتلىنىش. ئىلىم - مەرىپەت مەشئىلىدە يورۇغان بۇ قەلب ئىگىسى قانائەتلىنىشنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىدى. 1988 - يىلى ئۇ دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ئېلىنغان چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى لېنىنگراد تىببىي ئىنستىتۇتىغا كاندىدات دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇشقا باردى. ئۇ 1983 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇپ ئوقۇتۇش كېلىشىمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن بارغان تۇنجى جۇڭگولۇق، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئىدى.

ھەرقانداق ئارزۇ - ئارمان، ئىستەك يۈكسەك جاسارەت، ئىگىلمەس - سۇنماس ئىرادىدىن ئايرىلسا قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. خالمۇرات يۈكسەك جاسارەت بىلەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆگەندى، تىل ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ توختىماي يادلاش، مەشق قىلىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ تىلى ۋە ئېغىز بوشلۇقى ياللۇغلىنىپ، ئۇنى قاتتىق ئازابلىدى. «ئەجىر سىڭدۈرگەن شەيتانمۇ پەرىشتىگە ئايلىنالايدۇ» دېگەندەك، ئۇ بىر يىلدىن كېيىن ئۇستازىغا كاندىدات دوكتورلۇق لاياقەت ئىمتىھانى بېرىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ ئالتە پەندىن ئېلىنغان ئىمتىھاندىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولدى.

كەينىدىنلا ئۇ يەنە جۇڭگوچە، غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش نەزەرىيىسى دەرسىنى بېرىش تەكلىپىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، دەرسنى سىستېمىلىق، جانلىق ئۆتۈپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇنداقلا روسىيىدە تۇنجى بولۇپ غەربچە، جۇڭگوچە داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن كافېدرا تەسىس قىلىندى. روسىيىدىكى مەشھۇر ئاكادېمىكلار ئۇنى «شەرقتىن كەلگەن ئاجايىپ تالانت ئىگىسى» دەپ ئاتاشتى.

ئۇ، روسىيىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، زىققا كېسەللىكىنى داۋالاش نەزەرىيىسى تەتقىقاتى توغرىسىدا ئىزچىل ئىزلەندى. ئۇ ھاردىم - تالدىم دېمەي داۋالاش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، «جۇڭگوچە داۋالاشنىڭ سىرى»، «كاناي شاخچىلىرىدىكى دېمى سىقىلىش ۋە ئۇنى جۇڭگوچە داۋالاش دورىلىرى» قاتارلىق مەخسۇس داۋالاش ئىلمىگە دائىر بەش پارچە كىتابنى رۇس تىلىدا يېزىپ چىقىپ نەشر قىلدۇردى. ئۇن نەچچە قېتىم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، ۋېنگرىيە، لېتۋا، لاتۋىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق تىببىي ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «كاناي شاخچىلىرىدىكى دېمى سىقىلىش كېسىلى بار كىشىلەرنىڭ بىئولوگىيىلىك كەمتۈك جايلىرى ۋە ئۇنى تۈزىتىش ئۇسۇلى ھەققىدىكى ئىزلىنىش» قاتارلىق بەش پارچە ئىلمىي ماقالىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلان قىلىنىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. دۇنيادىكى مەشھۇر ئالىم جوجالىن ۋە سىدرووۋا «خالمۇراتنىڭ بۇ نەزەرىيىسى ئىجادچانلىقتا، ئىلمىيلىكتە، ئىلغارلىقتا ۋە ئەمەلىي

ئىشلىتىلىشچانلىقى ئىگە، ئۇ بۇ جەھەتتىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى!» دەپ باھا بەردى.

1993 ـ يىلى 16 ـ فېۋرال خالمۇرات زور ئىشەنچ بىلەن روسىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دىسسېرتاتسىيە ياقلاشقا قاتناشتى. ئۈچ سائەت ئىچىدە ئالىملار ئۇنىڭدىن 20 نەچچە سوئال سورىدى. ئۇ رۇس تىلى بىلەن بىرمۇ بىر قايىل قىلارلىق جاۋاب بەردى. ئەسلىدە خالمۇرات كاندىدات دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن دىسسېرتاتسىيە ياقلاشقا قاتناشقان ئىدى. كۆپ دۆلەتتىن كەلگەن 20 نەپەر كومىتېت ئەزاسى ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تىببىي ئىلىم ساھەسىدىكى سەۋىيىسىنىڭ ئاللىبۇرۇن كاندىدات دوكتورلۇقتىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا بىراقلا دەرىجە ئاتلىتىپ بىۋاسىتە دۆلەت دەرىجىلىك دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنداق قىلىپ خالمۇرات روسىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ دۆلەت دەرىجىلىك دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا بىۋاسىتە ئېرىشكەن تىببىي ئىلىم دوكتورى، پۈتۈن روسىيە بويىچە شۇ يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك ئەڭ ياش تىببىي دوكتور بولۇپ قالدى.

دۆلەت تىببىي ئىلىم دوكتورلۇق ئۇنۋانى روسىيە بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋان بولۇپ، ئەڭ كەم دېگەندىمۇ پەلسەپە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغاندىن كېيىن، ئالتە يىلدىن ئون يىلغىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن ئاندىن بۇ شەرەپكە ئېرىشكىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگودىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىققان ئوقۇغۇچىلاردىن 50 يىل مابەينىدە پەقەت ئون نەپىرلا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشەلىگەن.

خالمۇرات شۆھرەت قازانغاندىن كېيىن، پېتىربورگ

مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى ئۇنىڭغا بىۋاسىتە پەخرىي پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى بېرىپ، ئۇنى كاندىدات، دوكتورلارنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلىدى، خەلقئارا تىببىي پەن ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇنى رەسمىي ئەزالىققا قوبۇل قىلدى.

ئۇ، بۇ ھەقتە ئۆز تەسىراتىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ھەر قېتىم چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈۋاتقان ۋاقتىمدا، ئۆزۈمنى چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىمەن، ئاتا - ئانام، ئۇستازلىرىم توغرا ئېيتقان ئىكەن، بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىمىز، ئىگىلمەس - سۇنماس ئىرادىمىز ئارقىلىق پەقەت جۇڭگوغىلا ئەمەس، بەلكى دۇنياغىمۇ تونۇلالايدىكەنمىز! مۇھىمى بىزدە تاغنى تالقان ئەتكۈدەك ئىرادىنىڭ بار - يوقلۇقىدا ئىكەن!

ئۇ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە دورا ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىنىڭ خوجايىنى (ئىلگىرى ئۇ دېمى سىقىلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، خالمۇراتنىڭ قولىدا داۋالانغان، ئۇنىڭ يۇقىرى داۋالاش تېخنىكىسىدىن مەمنۇن بولغان) ئۇنى ئۆزىنىڭ شىركىتىگە تەكلىپ قىلىپ، ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچۈن 3500 فوند ستېرلىڭ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سان - پېتېربورگ تىببىي ئىنستىتۇتىمۇ ئۇنىڭغا بۇ مەكتەپتە قېلىپ تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش تەكلىپىنى بەرگەن.

بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قەلبىدە يالقۇنجاۋاتقان ئانا يۇرت سۆيگۈسى ۋولقانىنى ئۆچۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلدى. 1993 - يىلى 6 - ئايدا بۇ ۋاپادار تەگرىتاغ ئوغلى كۆڭلىگە يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلارنى پۈكۈپ، ئۆزى ئۆسۈپ چوڭ بولغان نۇر - زىيالىق ماكانىغا قايتىپ كەلدى.

ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى ئىنستىتۇتىدا جۇڭيىچە، غەربچە، ئۇيغۇرچە داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن نەپەس يولى كېسەللىكلىرى تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى ئۇزاق تارىختىن بۇيان پەقەت شىنجاڭ بىلەنلا چەكلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىبابىتى جەۋھەرلىرىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرگۈسى، ئۇنى دۇنيا مېدىتسىنا يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگۈسى! بۇ جەھەتتىكى ئەجرىنىڭ دەسلەپكى مېۋىسى سۈپىتىدە ئۇ 1994 -يىل 5 - ئاينىڭ 17 -كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە روسىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 1 - قېتىملىق خەلقئارالىق ساقلىقنى ساقلاش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ «جۇڭيىچە، غەربچە داۋالاش ۋە ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ زىققا كېسىلىنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىشى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئالىملار «بۇ 21 - ئەسىرنىڭ ساقلىقنى ساقلاش مېدىتسىناسىغا مەنسۇپ تېما» دەپ يۇقىرى باھا بەردى.

يېقىندا شاڭخەي جۇڭيى ئىنستىتۇتى ئۇنى ئاسپىرانت ھەم دوكتور ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلدى. ھازىر ئۇ مەملىكىتىمىزدىن روسىيىدىكى دوكتور ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان بىردىنبىر كىشى. ئۇ ھەر يىلى ئىككى قېتىم روسىيىگە بېرىپ، سان - پېتربورگ تىببىي ئىنستىتۇتىدىكى رۇس دوكتورلارغا دەرس ئۆتىدۇ.

خالمۇرات غوپۇر 1994 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيغۇر تىبابەت تەتقىقات ئورنىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئىككى يىلدىن بېرى تىرىشىپ ئىزدىنىپ ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇر تىبابىتىدە ئىشلىتىلىدىغان

« شىپائى زىققا » ناملىق دورىنى ئىختىرا قىلدى. ئۇ يەنە گال ئاغرىقى ( ئانگىنا ) ، چىش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدىغان « غەر ـ غەر سۈيى » دېگەن دورىنى ئىجاد قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇ جۇڭگو سەھىيە مىنىستىرلىكى تاپشۇرغان « ئۇيغۇر تېبابىتىدە زىققا كېسەللىكى تەبىئىي داۋالاش ئۇسۇلى » ناملىق تەتقىقات تېمىسىنى ئورۇنداش ئالدىدا تۇرىدۇ. « ئەركەك رادىكال بىلەن ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ مۇناسىۋىتى » نى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇ ھازىر دۆلەت دەرىجىلىك تىببىي پەن ـ تەتقىقات تېمىسى بولغان « شىپائى زۇكام » ناملىق دورىنىڭ ئىلمىيلىكىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ سان ـ پېتىربورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچىسىنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەت تەتقىقات ئورنىنىڭ بىر نەپەر تەتقىقاتچىسىنى دوكتورلۇقتا، شاڭخەي تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچىسىنى ئاسپرانتلىقتا تەربىيىلىمەكتە. ئۇنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىلىرى 1997 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ.

ئۇ، 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئون مەشھۇر ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. 1994 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكتە كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر 100 ياشنىڭ بىرسى بولغان. 1995 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان. ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى تىببىي پەن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

ياش مىللىي تېۋىپلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپ قىلىنغان پروفېسسورى، گېرمانىيە زوۋېن بىرىگ ئەنئەنىۋى تېبابەت ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپ قىلىنغان پروفېسسورى، شاڭخەي جۇڭيى تېبابەت ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى. ئۇ يېقىندا 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

# ئۇيغۇر تىبابىتىگە تۆھپە قوشقان مەشھۇر ئۆزبېك تېۋىپلىرى

## نەجمىدىن داموللا ھاجى

نەجمىدىن داموللا ھاجى 1854 - يىلى ئۆزبېكىستان ئەنجان ۋىلايىتى خارتوم گۇزەر مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، دادىسىدىن دىنىي ۋە تىببىي بىلىملەرنى تەھسىل قىلغان. دادىسى زاكىرخان داموللا ھاجى بولسا ئەينى زامانىنىڭ داڭلىق ھۆكۈماسى بولۇپ، 85 يىللىق ئۆمرىنى تىببىي ئەسەر يېزىش، توپلاش، تۈزۈش، خەلققە شىپالىق مۇرەككەپ دورا رېتسېپلىرىنى ئىجاد قىلىش، تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى زامانىۋى ۋە يەرلىك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا داۋالاش بىلەن ئۆتكۈزگەن. نەجمىدىن داموللا ئەنە شۇنداق داڭلىق ھۆكۈمانىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شۇغۇللىنىپ كەلگەن تىبابەتچىلىك كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ، تونۇلغان ھۆكۈما بولۇپ يېتىشىش بىلەن بىرگە، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان.

نەجمىدىن داموللا ھاجى ئۆز ھاياتىدا تۆت قېتىم ھەج قىلىپ كەلگەن بولۇپ، سەپەر جەريانىدا ساياھەت قىلغان دۆلەتلەردىن كۆپلىگەن دورىلارنى ئەكىلىپ، كېسەللەرنىڭ شىپا

تېپىشىغا زور دەرىجىدە خىزمەت قىلغان.

نەجمىدىن داموللا ھاجى 1926 - يىلى ئۆزبېكىستاندىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى، قەشقەر شەھىرى ۋە ئۆزبېكىستاندا بولۇپ 50 يىلدىن ئارتۇق ھاياتىنى كەڭ خەلقنىڭ ساغلاملىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئۇ، 1942 - يىلى 88 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، قەشقەر شەھىرىدىكى نەزەرباغ يېزىسى دائىرىسىدىكى ئۆزبېكلەر قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان.



# فۇرقەت

زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت 1858 - يىلى قوقان شەھىرىدە ئۇششاق سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى خالمۇھەممەت ئىلىم - پەن، سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغانلىقتىن، ئوغلى زاكىرجاننى ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

زاكىرجان ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆز مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ، زېھنىلىك بولغانلىقتىن، تېز ئارىدا خەت ساۋاتىنى چىقىرىۋېلىپ، كېيىن كۆپرەك ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇشقا سەرپ قىلغان. ناۋايى، نىزامى، جامى، ھاپىز شىرازى ۋە فۇزۇلى قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، يازغۇچىلارنىڭ پارس ۋە تۈركىي تىلىدىكى ئەسەرلىرىنى زوق بىلەن مۇتالىئە قىلغان. نەتىجىدە، 9 — 10 ياشقا كىرگەن چاغلىرىدا شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قويغان ھەمدە بىلىم ئېلىشقا قايناق ئىشتىياق بىلەن كىرىشكەن. 14 ياشقا كىرگەندە، قوقاندىكى مەدرىسىلەرنىڭ بىرسىگە ئوقۇشقا كىرىپ، ئەلا ئوقۇغان. لېكىن، زاكىرجان 17 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوقۇشقا يار بەرمىگەنلىكتىن، مەدرىسىتىكى ئوقۇشى ۋە ئىجادىي ئىشلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ چاغدا ئۇ خېلى ياخشى شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، « فۇرقەت » دېگەن

تەخەللۇسىنى قوللىنىشقا باشلىغان. «فۇرقەت» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئايرىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

1878 ـ يىلى فۇرقەت ئاغىسىنىڭ تەلپى بىلەن يەرغانە شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، كىچىك بىر دۇكان ئاچقان. يەرغانىدە ئۇ كۈندۈزلىرى دۇكان ئىشى ۋە تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىش بىلەن بولسا، كېچىلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1880 ـ يىلى مەرغۇلانغا بارغان. ئۇ يەردە ئۆيلىنىپ، كېيىن قوقانغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن قىزغىن شۇغۇللانغان. شۇندىن كېيىن، يەنى 22 ياشقا كىرگەندىن تارتىپ، ئۆز شېئىرلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلۇپ، داڭ چىقىرىشقا باشلىغان. 1889 ـ يىلى يەنە يەرغانىگە كۆچۈپ بارغان. لېكىن ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرالماي خوجەندكە كۆچۈپ بېرىپ، بىر مەدرىستە ياشىغان. ئۇ خوجەندتىمۇ ئىلمىلىك مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ دوست بولۇپ، ئىجادىيەت جەھەتتە ھەمكارلىشىپ ئۆتكەن. فۇرقەت سالامەتلىكى ناچارلاشقانلىقى سەۋەبىدىن، خوجەندتىمۇ ئۇزاق تۇرالماي، شۇ يىلى 5 ـ ئايدا تاشكەنتكە بارغان ۋە 1891 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە تاشكەنتتە تۇرغان.

فۇرقەت 1891 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تاشكەنتتىن يولغا چىقىپ، چوڭ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن سەمەرقەندكە بارىدۇ. ئۇ يەردە بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن باكۇغا بارىدۇ. باكۇدىن تۈركىيىگە ئۆتۈپ ئىستانبۇلغا بارىدۇ ۋە قىشنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزىدۇ. 1892 ـ يىلنىڭ باھار پەسلىدە بۇلغارىيىگە بارىدۇ. بۇلغارىيىدىن گرېتسىيىگە ئۆتۈپ ئۇ جايدا بىر ئاز تۇرىدۇ. گرېتسىيىدىن ئىتالىيىگە بارىدۇ ۋە رىمدا بىر مەزگىل تۇرىدۇ.

كېيىن دېڭىز ئارقىلىق مىسىرغا كېلىدۇ، قاھىرە، ئىسكەندىرىيە قاتارلىق شەھەرلەرنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئەرەبىستانغا كېلىپ مەككىدە زىيارەتتە بولىدۇ. شۇ يىلى كۈز پەسلىدە ئۇ دېڭىز ئارقىلىق ھىندىستانغا كېلىپ، بومباي شەھىرىدە ئىككى ئاي تۇرىدۇ. شۇندىن كېيىن فۇرقەت كەشمىرگە بارىدۇ.

شائىر كەشمىردە بىر قىش تۇرۇپ، ياندۇرقى يىلى، يەنى 1893 - يىلى باھاردا شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. فۇرقەت كەشمىردە ئۇيغۇر شائىرى موللا سەئدۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. مۇساپىرچىلىقتىن ئىبارەت ئورتاق سەرگۈزەشت ئۇ ئىككىيلەننى يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دوست بولۇشىغا سەۋەب بولغان. فۇرقەتنىڭ شېئىرىي تالانتى شائىر سەئدۇللادا چوڭ ھۆرمەت قوزغايدۇ. فۇرقەتنىڭ كەشمىردىن شىنجاڭغا بارماقچى بولغانلىقىنى ئۇققان موللا سەئدۇللا خۇشاللىق بىلەن يول باشلاپ، ئۇنى لاداخ يولى ئارقىلىق خوتەن تەۋەسىدىكى سانجۇ، قوشتاغ رايونلىرى ئارقىلىق قاغىلىققا ئېلىپ كېلىدۇ. قاغىلىقتا ئۇلار بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن بىرلىكتە يەكەنگە كېلىدۇ.

فۇرقەت يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدە جامە ئالدىدىكى كىچىك كۆل بېشى مەھەللىسىدە ھېكىم ئاخۇن ئىسىملىك كىشىنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرغان ۋە رەستىدىكى سۆگەت سارىيىنىڭ ئالدىدا ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن دورىلىرى بىلەن دورىگەرچىلىك دۇكىنى ئاچقان. لېكىن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، بازار كاساتچىلىق بولغانلىقتىن، دورىلىرىنى ساتالماي، تۇرمۇش كەچۈرۈش قىيىن بولغان. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ ئولتۇرۇشلاردا تونۇشۇپ قالغان قاغىلىقلىق

ئېزىز بەگ دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قاغىلىقتا بىرنەپ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ خوتەنلىك سۆپۈرگە ئاخۇن دېگەن تېۋىپنىڭ رەناخان ئىسىملىك قىزى بىلەن توي قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، فۇرقەت خۇش ھاۋا، مېۋىلىرى كۆپ بولغان بۇ ناھىيىدە ئىككى يىل تۇرۇپ قالىدۇ. قاغىلىقتا تۇرغان ۋاقىتتا فۇرقەت سەئىد مەزھەر ھۇسەيىنخان ئوغلى تەجەللى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە يېقىن دوست بولۇپ ئۆتىدۇ.

ئىككىنچى يىلدىن كېيىن فۇرقەت يەكەنگە قايتىپ كېلىپ، يەنىلا ھېكىم ئاخۇننىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ، بۇرۇنقى دۇكىنىنى ئېچىپ كېسەل داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ تونۇش - بىلىشلىرى كۆپىيىپ، كەسپتە شۆھرىتى چىقىپ، تۇرمۇشمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالىدۇ. شېرىپ ئاخۇن ۋە ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئىسىملىك ئىككى كىشى ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىرىدۇ.

فۇرقەتنىڭ خوتۇنى رەناخان تېۋىپنىڭ قىزى بولغاچقا، ئۇنىڭ تېبابەتچىلىك ئىشلىرىغا كۆپ ياردەملەشكەن. فۇرقەت تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى «ئېكسىرى ئەزەم» دېگەن كىتابنى داۋاملىق ئوقۇپ ئۆگىنىپ تۇرغان. پارس تىلىدىكى تۆت توملۇق مۇكەممەل تېبىبىي ئەسەر بولغان بۇ كىتاب، ھازىرمۇ مىللىي تېبابەتچىلىكنىڭ ئەڭ نادىر ئەسىرى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.

فۇرقەتتە شائىرلىق، تېۋىپلىق، خەتتاتلىق، سازەندىلىك، خۇش چاقچاقلىقتەك كۆپ تەرەپلىمە ياخشى سۈپەتلەر بولغاچقا، خەلق ئۇنى بەك ھۆرمەتلىگەن ۋە ياخشى كۆرگەن. فۇرقەت 1909 - يىلى كۈز پەسلىدە 51 يېشىدا بوغۇز ئاغرىقى كېسىلى بىلەن يەكەندە ۋاپات بولغان.

فۇرقەت ۋاپات بولغان كۈنى خۇددى يەكەن تەۋرەپ كەتكەندەك، بارلىق ئادەم ماتەم تۇتۇپ تەزىيە بىلدۈرگەن ۋە نەچچە مىڭلىغان كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن جامەدە نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، شەھەر ئىچىدىكى داڭدار مەھەللىگە جايلاشقان ئۆزبېكلەر قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

# ھېپىزخان مەخسۇم

ھېپىزخان مەخسۇم ــ نەجمىدىن قارى داموللاھاجى ئوغلى 1894 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ « خاكەنت » دېگەن يېزىدە بىر ھۆكۇما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 7 ــ 8 ياشلىرىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان . 20 ياشقىچە خاكەنت ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي مەكتەپ ، مەدرىسلەردە ئوقۇغان . 25 يېشىغىچە ئۆز ئاتىسىدىن تىبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن . شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 50 يىلدىن كۆپرەك تىبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان . ھېپىزخان مەخسۇم 1933 ـ يىللىرى قەشقەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى، ۋە كەلگەندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئاتىسى بىلەن بىللە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ، كېيىن قەشقەر شەھىرىدە ئۆز ئالدىغا مەخسۇس تىبابەتچىلىك ئورنى ئېچىپ داۋالاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ، ئۆزىنىڭ ئاددىي دورىلىرى بىلەن كېسەل داۋالاش ۋە كۆيۈمچان پوزىتسىيە بىلەن كېسەللەرگە مۇئامىلە قىلىشتەك ئېسىل خىسلىتى بىلەن ، خەلق ئارىسىدا داڭ چىقىرىپ تونۇلغان . ھېپىزخان مەخسۇم 1955 ـ يىلى ئۇيغۇر تىبابىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ،

يۇسۇپ ھاجى، ئىسمائىلجان قاتارلىق تېۋىپلارنىڭ بىرلىشىپ كوللېكتىپ ھالدا ئۇيغۇر تىبابىتى داۋالاش ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ھەققىدىكى ئاقىلانە تەشەببۇسىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ ۋە ئۇلارنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش ھويلىسى ۋە داۋالاش ئۈينى بارلىق دورا - دەرمەك ۋە ئۈسكۈنە - جاھازلىرى بىلەن تىبابەت ئامبۇلاتورىيىسىگە تەقدىم قىلىپ، ئۆزى ۋە ئوغلى بىلەن قوشۇلۇپ ھازىرقى ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى — «قەشقەر شەھەر ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى» نى تەسىس قىلىشقا ئاكتىپ قاتناشقان ھەمدە ئۆزى باش دوختۇرلۇقتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. 1959 - يىلى دوختۇرخانا رەسمىي ياتاق ئېچىپ، كېسەللەرنى ياتقۇزۇپ داۋالاشقا كىرىشكەندە، ھېپىزخان مەخسۇم بىر تەرەپتىن، ئامبۇلاتورىيىگە يىراق - يېقىندىن كەلگەن ھاجەتمەن بىمارلارنىڭ كېسىلىنى كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ھاردىم - ئاچتىم دېمەستىن، ياتاقتا ياتقان بىمارلارنى باشقا تېۋىپلار بىلەن بىللە تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ، ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق كېسەللەرنىڭ ساقىيىشىغا بىجانىدىل كۈچ چىقارغان.

ھېپىزخان مەخسۇم كېسەللەرگە بولغان ئىللىق مېھرى، شىپالىق دورىسى ئارقىلىق يالغۇز قەشقەر شەھىرىدىلا ئەمەس، بەلكى چەت ناھىيە ۋە ۋىلايەتلەردىن كېلىپ ئۇنىڭ قولىدا داۋالانغانلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. شۇڭلاشقا، كەڭ خەلق ئاممىسى ھېپىزخان مەخسۇمنى دائىم ئەسلەپ تۇرىدۇ. ھېپىزخان مەخسۇم ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، بېيىتىش، شۇ

ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ دەردىگە داۋا ، رەنجىگە شىپا بولۇشقا بېغىشلاپ ، نەچچە مىڭلىغان بىمارلارنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان . داۋالاشتا ئۈنۈملۈك نەتىجە يارىتىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسى ، ھەتتا تېۋىپلار ئارىسىدىمۇ زور ئابرويغا ئىگە بولغان .

ھېپىزخان مەخسۇم 1961 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان « ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار » ۋە « ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار قوللانمىسى » قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈپ چىقىشقا بىۋاسىتە قاتنىشىپ ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە ھەسسە قوشقان . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق كېسەل داۋالاش جەريانىدىكى قايتا - قايتا سىناقتىن ئۆتكۈزگەن دورا نۇسخىلىرى خاتىرىسى شۇنىڭدەك كەم تېپىلىدىغان بىرقانچە مۇھىم قەدىمكى ئەسەرلىرى ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىبابىتىدە زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر مۇنچىلىغان قول يازما ئەسەرلىرىنى قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن . ئەپسۇسكى . بۇ مانېرىياللار « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا زايا بولۇپ كەتكەن .

ھېپىزخان مەخسۇم 1966 - يىلى « ئەكسىلئىنقىلابچى » دېگەن جىنايەت چاپلىنىپ قولغا ئېلىنغان . مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغان ، 1968 - يىلى تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن . 1979 - يىلى 14 - فېۋرالدا قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم مەرھۇم ھېپىزخان مەخسۇمنى تولۇق ئاقلاش ، ئۇنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلىرىنى تولۇق قايتۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ ئەمەلىيلەشتۈردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# فەتھىيدىن مەخسۇم

فەتھىيدىن مەخسۇم 1901 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان ۋىلايىتى خارتوم گۈزەر مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 18 ياشقا كىرگۈچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ۋە قارىيلىق دەرىجىسىگە يەتكەن.

ئۇ، تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن دادىسى نەجمىددىن داموللا ھاجىمدىن قالغان كىتاب ۋە رېتسېپلاردىن پايدىلىنىپ، ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئارقىلىق شۆھرەت تاپقان. 1931 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، ئۆستەڭبويىدىكى ئەھرەدرخان تۆرەم مەدرىسىدە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. قەشقەر شەھىرىدە ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى قۇرۇلغاندا، فەتھىيدىن مەخسۇم بارلىق زېمىن ۋە تىببىي مۈلۈكلىرىنى ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ باش ۋراچى بولۇپ ئىشلىگەن. فەتھىيدىن مەخسۇم تىبابەتكە دائىر ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىكى كىتابلارنى كۆپلەپ كۆرۈپ چىقىپ، مۇھىم رېتسېپلارنى توپلاپ، بۇ شىپاخانىنىڭ مۇرەككەپ دورىلىرىنى تەييارلاش ئۇچۇن كۆپلەپ ھەسسە قوشقان.

فەتھىيدىن مەخسۇم 1960 ـ يىلى توت يىل قامالغان. 1964 ـ يىلى گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەن.

1967 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قەشقەر شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى فەتھىيدىن مەخسۇمنى ئاقلىغانلىقى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان. ئۇ ئائىلىدە يەتتە يىل كېسەل داۋالاش ھەم ئارام ئېلىش بىلەن ھاياتىنى ئۆتكۈزۈپ، 1974 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسلى بىلەن 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئورۇنبۇخان ئايىم

ئورۇنبۇخان ئايىم 1906 - يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرى خارتوم ئۇچىتىفەدە تۇغۇلغان. ئورۇنبۇخان ئايىم ئۆز زامانىسىدىكى ئۆزبېكىستاننىڭ مەشھۇر ئالىمى ۋە تېۋىپى ھېسابلانغان دادىسى دەۋران داموللىدىن دىنىي ۋە تىببىي بىلىملەرنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىپ، مەلۇم ئىقتىدارغا يەتكەندە، فەتھىيدىن مەخسۇم بىلەن توي قىلغان.

ئۇ توي قىلغاندىن كېيىن، فەتھىيدىن مەخسۇمدىن تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنىپ، كېسەلگە مۇستەقىل دىئاگنوز قويالايدىغان، دورا بۇيرىيالايدىغان، بىمارلارنى داۋالاپ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. 1931 - يىلى فەتھىيدىن مەخسۇم بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، فەتھىيدىن مەخسۇم ئەرلەرنىڭ كېسەللىنى كۆرۈپ داۋالىسا، ئورۇنبۇخان ئايىم ئاياللارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ داۋالاپ، كەڭ ئاياللارنىڭ شەپقەتچىسى ۋە مېھرىبان دىلدىشى بولغان.

ئورۇنبۇخان ئايىم كۈيەسى فەتھىيدىن مەخسۇم، ئوغلى سەئىد ۋەلىخان مەخسۇم، ئەنۋەرخان مەخسۇم قاتارلىقلارنىڭ كېسەللەرگە يېزىپ بەرگەن رېتسېپلارنىڭ 500 خىلغا يېقىن دورىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ياساپ بەرگەن.

ئۇ يەنە ئوغلى سەئىد ۋەلىخان مەخسۇم، ئەنۋەرخان

مەخسۇم ، قىزى رۇشىيەخانغا شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە ئېرىگە كۆپلىگەن دىنىي ۋە تىببىي دەرسلەرنى بېرىپ ، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرغان . ئۇ ، 1969 ـ يىلى 11 ـ ئايلاردا قەشقەر شەھىرىدە قازا قىلغان .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# مىرئەخمەت مىرمەرۇپ

مىرئەخمەت مىرمەرۇپ 1907 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى مىرمەرۇپ غازى باي تېۋىپنىڭ ئوغلى ئىدى. مىرئەخمەت تېۋىپلىقنى دادىسى مىرمەرۇپتىن ئۆگەنگەن 6 ـ ئەۋلاد تېۋىپ ئىدى. ئۇ ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن باشلاپ بىر تەرەپتىن، دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دادىسى مىرمەرۇپقا ئەگىشىپ، دادىسىنىڭ كېسەل كۆرۈش ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىەتتى. دادىسى مىرمەرۇپ ئۇنىڭغا كېسەللىكلەرنى تونۇشتۇراتتى ھەمدە ھەرخىل دورىلارنىڭ شىپالىق تەسىرى، دورا تەييارلاش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارنى ئۆگىتەتتى. بىمارلارنىڭ تارتىۋاتقان كېسەللىك ئازابلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىۋاتقان مىرئەخمەتنىڭ قەلبىدە، تىرىشىپ ئۆگىنىپ خەلقنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىستىكى تۇغۇلدۇ. 1924 ـ يىلى ئۇ دادىسى بىلەن بىللە قەشقەرگە بارىدۇ ۋە نۇرغۇن تېۋىپلار بىلەن تونۇشۇپ تەجرىبە ئالماشتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە دائىر كىتابلارنى يىغىدۇ. ئۇ يەنە تاشكەنت، ئەنجان، سەمەرقەند، مەرغۇلان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تېۋىپلىق قىلىدۇ. 1925 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ.

مىرئەخمەت 1945 ـ يىلى ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن 54 بەتلىك تىببىي ماقالە يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ، بۇ ئەسىرىدە ئىچچام ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن 16 مەشھۇر تېۋىپنىڭ تەرجىمىھالى، ئۇيغۇر تىبابەت نەزەرىيە ئاساسى، داۋالاش ئۇسۇلى ھەمدە كېسەللەرگە بېرىلىدىغان دورىلارنىڭ ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلاردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى مەزكۇر شىپاخانىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە ئاتىغان. مىرئەخمەت ئۇن يىللىق بالايى ـ ئاپەت يىللىرىدا نۇرغۇنلىغان تىببىي كىتابلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇ پەقەت 100 بەتلىك ئۇيغۇرچە، پارسچە دورا ئىسىملىرى لۇغىتىدىن يەتتە بېتىنىلا ساقلاپ قالالىغان. ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرى ئاساسىدىكى 70 بەتلىك بىر خاتىرىسىنى تا ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن. بۇ خاتىرىدە مەيدە ئاغرىش، دەم سىقىلىش، ئاشقازان كېسەللىكلىرى، زەخىملىنىش، قورساقتا پەيدا بولىدىغان قۇرتلار، رېماتىزم، يۇقىرى قان بېسىم، بوۋاسىر، سۆيدۈك تۇتۇلۇش، ئاق كېسەل، بەزگەك، باش تەمرەتكىسى، قىچىشقاق، چىللە يارىسى، سەينەك قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرى، ئالامىتى. داۋالاش ئۇسۇلى ۋە بېرىلىدىغان دورىلىرى ئۈستىدە مەلۇمات قالدۇرۇلغان. ئۇ بۇ خاتىرىسىدە بىر قىسىم دورىلارنىڭ شىپالىق ئۈنۈملىرى ئۈستىدە توختىلىشنى سىرت، يەنە ئىلى رايونىدا ھەر پەسىلدە يىغىشقا بولىدىغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ چىقىش ئورنى ھەققىدىمۇ توختالغان.

مىرئەخمەت 1977 ـ يىلى 92 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# سەئىد ۋەلىخان مەخسۇم

سەئىد ۋەلىخان مەخسۇم 1923 - يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان ۋىلايىتى خارتوم گۇزەر مەھەللىسىدىكى تېۋىپ فەتھىدىن مەخسۇم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان، ئاتىسى فەتھىدىن مەخسۇم ئائىلىدىكى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ 1931 - يىلى قەشقەردىكى دادىسى نەجمىدىن داموللا قېشىغا كەلگەن. بۇ چاغدا سەئىد ۋەلىخان مەخسۇم سەككىز ياشقا كىرگەن بولۇپ، چوڭ دادىسىدىن ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەندىن باشقا، چوڭ دادىسىنىڭ تىبابەتچىلىك ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ بۇ كەسىپنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1940 - يىللىرىغا كەلگەندە كېسەللىكلەرگە مۇستەقىل دىئاگنوز قويالايدىغان، دورا بېرەلەيدىغان، مۇناسىۋەتلىك دورىلارنى ياسىيالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ دادىسى فەتھىدىن مەخسۇم بىلەن تىبابەتچىلىك دۇكىنى ئېچىپ، سانسىزلىغان كېسەللەرنى داۋالىغان. 1946 - يىلىغا كەلگەندە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىسى بولغان ئۆستەڭبويىدا ئەھرەرخان تۆرەم مەدرىسىنىڭ قېشىدا مۇستەقىل ھالدا تىبابەتچىلىك دۇكىنى ئاچقان.

سەئىد ۋەلىخان مەخسۇم ئاتا - بوۋىسى مىراس قالدۇرغان مەخپىي رېتسېپلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، نۇرغۇنلىغان

كېسەللەرنىڭ ساقىيىشىغا كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، خەلق ئىچىدە شۆھرەت قازانغان. 1951 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە قەشقەر كېرەمباغ دوختۇرخانىسىدا غەربچە تىبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن. 1954 - يىلغىچە بىر تەرەپتىن، كېرەمباغ دوختۇرخانىسىدا پراكتىكا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تىبابەتچىلىك دۇكىنىدا كېسەل داۋالىغان. 1954 - يىلى 1 - ئايدا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭبويى كوچىسىدا قەشقەر شەھەرلىك سەھىيە بۆلۈمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن غەرب تىبابەتچىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن «يېڭى ھايات دوختۇرخانىسى» قۇرۇلغاندا، ئۇ بۇ دوختۇرخانىغا بىر مەزگىل مەسئۇل بولغان. كېيىن. قەشقەر شەھەرلىك تېرە زاۋۇتىدا تۆت يېرىم يىل داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. 1963 - يىلى ئائىلىسىگە قايتۇرۇلغان. 1964 - يىل 12 - ئايدا ياۋاغ كوچا باشقارما دوختۇرخانىسىدا مەسئۇل دوختۇر بولغان. 1968 - يىلى 6 - ئايدىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىپ، شۇنىڭدىن بېرى ئائىلىسىدە غەرب تىبابىتى بىلەن ئۇيغۇر تىبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ كېسەل داۋالاش بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئوغلى ئابدۇنەبىجان مەخسۇم دادىسىدىن ئوبدان تەلىم ئېلىپ، ھەر كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بازارلارغا چىقىپ، بىمارلار ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلماقتا.

# ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەم

ئابدۇللاخان تۆرەم ئوغلى ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەم 1921 - يىلى ئەنجان شەھىرىنىڭ توقماق گۈزەر مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1928 - يىلى ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئېلىپ يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، يېڭى مەكتەپلەردە ئوقۇپ تولۇق ساۋاتلىق بولغان ۋە 20 يېشىدىن باشلاپ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن تىبابەتكە بولغان ئىشتىياقى تۈپەيلىدىن ئۇ يەردىكى خىزمىتىنى تاشلاپ قايتىپ چىقىپ، 1946 - يىلى ئەبەيدۇللاخان ھاجى ھەزرەت ( ئەرەب ) ئىسىملىك مەشھۇر تېۋىپقا شاگىرت بولۇپ كىرىپ، تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەن 1948 - يىلدىن تارتىپ خۇسۇسىي دۇكان ئېچىپ كېسەل داۋالاپ كەلگەن، 1950 - يىلى يەكەن ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسى پۈتۈن شەھەردىكى تېۋىپلارنى يىغىپ ئىمتىھان ئالغاندا، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان كۇرسقا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئالتە ئاي تەربىيىلىنىپ، خاڭدى يېزىسىغا دوختۇرلۇققا چىقارتىلغان. خاڭدى يېزىلىق تىببىي پونكىتىنى ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، روناق تاپقۇزغاندىن كېيىن، 1953 - يىلى چارەك يېزىسىغا چىقارتىلغان. ئۇ، چارەك يېزىلىق

شىپاخانىنى قورۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزى باشلىقلىققا تەيىنلەنگەن. ئۇ، چارەك يېزىسىدا ئىشلەش جەريانىدا كەڭ دېھقانلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقاندىن باشقا، 20 دىن ئارتۇق ياشنى تەربىيىلەپ، يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرىگە ياردەملەشتۈرگەن. ئەڭ يىراق جايلارغىمۇ ئات بىلەن بېرىپ كېسەل داۋالاپ، خەلقنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئىگە بولغان. 1959 - يىلى تاغارچى يېزىلىق شىپاخانىغا باشلىق قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئۇ، تاغارچى يېزىسىدا شىپاخانىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. 1960 - يىلى ئىنتايىن سول لۇشيەنىنىڭ تەسىرى بىلەن زەربىگە ئۇچراپ خىزمەتتىن قالدۇرۇلغان ۋە ئالتە ئاي نەزەربەنت قىلىنغان. نەزەربەنتتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن، شەھەرگە قايتىپ كىرىپ، خانىقا گۈزىرى مەھەللىسىدە دۇكان ئېچىپ، تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەم خۇش چاقچاق، كىچىك پېئىل، كەمتەر كىشى بولغاچقا، كېسەللەرگە ناھايىتى ئوبدان مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا خەلقنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى تولىمۇ ناچار ئىدى. بىمارلار كۆپ بولسىمۇ، داۋالاتقىلى پۇل تاپالمايتتى، شۇنداق بولسىمۇ، ئەبەيدۇللاخان تۆرەم كۆرۈنگىلى كەلگەن كېسەللەرنىڭ پۇلىنىڭ ئازلىقى بىلەن كارى بولماي كېسىلىنى ئەستايىدىل داۋالاپ قوياتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنەتتى، تەتقىق قىلاتتى. شۇڭا، داۋالىغان كېسەللىكلىرى دورا تەرەپتىنلا ئەمەس، مەنىۋى تەرەپتىنمۇ شىپا تاپاتتى. نەتىجىدە پۈتۈن يەكەندە داڭقى چىقىپ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپلا قالماي، ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىن مەكىت، مارالبېشى، يېڭىسار، قاغىلىق، پوسكام، گۇما قاتارلىق جايلاردىنمۇ

كېسەللەر ئىزدەپ كېلەتتى. 1966 - يىلدىن 1971 - يىلى 11 - ئايغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئەبەيدۇللاخان تۆرەم ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى تېۋىپلارنى بىرلەشتۈرۈپ قۇرغان «مىللىي داۋالاش ئورنى» دا ئىشلەپ، كېسەل داۋالاپ، تىبابەتچىلىكنىڭ شۆھرىتىنى چىقىرىدۇ ۋە بۇ ئورۇننى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. 1971 - يىلى ئۇ ئوغلى ۋە شاگىرتى نېمەتىللا ئەبەيدۇللا بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاش» دېگەن تېمىدىكى 300 مىڭ خەتلىك بىر تىببىي كىتابنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە شىفىگراپتا بېسىپ، سەھىيە نازارىتىنىڭ نەشىر قىلىشى ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. 1976 - يىلى شەھەردە ئېلىپ بېرىلغان لۇشيەن تەربىيىسى خىزمىتى جەريانىدا يەكەن بازارلىق پارتكوم ئەبەيدۇللاخان تۆرەمنى تەكلىپ قىلىپ، يەكەن بازارلىق ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنى قۇرىدۇ، باشقا تېۋىپلارمۇ بۇ ئورۇنغا كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى «يەكەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى» نىڭ ئاساسى قۇرۇلىدۇ. ئەبەيدۇللاخان تۆرەم بۇ يەردە ئۆزى باش دوختۇر بولۇپ، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ داۋالاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، كۆپ يىللار تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن «بىر خىل شوردىن تۇزسۇرگە ئىشلەش تېخنىكىسى» نى بۇ شىپاخانىغا تەقدىم قىلىپ، بۇ شىپاخانىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا غايەت زور تۆھپە قوشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شىپاخانا بارا - بارا روناق تېپىپ، ئادەم سانى كۆپىيىدۇ. 1978 - يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ۋە كادىرلار نازارىتى ھۆججەت چۈشۈرۈپ ئوغلى

نىمىتىللا ئەبەيدۇللانى دۆلەت شتاتىغا قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە شاگىرت قىلىپ بېرىدۇ. 1979 - يىلى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا تەشكىل قايتا تەكشۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتا ئەبەيدۇللاخان تۆرەمگە ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۆز ۋاقتىدىكى شتاتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ۋە خىزمەت تارىخىنى ئۇلاپ ھېسابلايدۇ. 1981 - يىلى بۇ شىپاخانا يېزا شىپاخانىسى دەرىجىلىك شىپاخانا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەم يېڭىدىن شىپاخانا باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يېڭىدىن تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، شاگىرت تەربىيىلەش ۋە شىپاخانىنىڭ داۋالاش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئىشىغا زور تۆھپە قوشىدۇ.

ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەم 1991 - يىلى 9 - ئايدا 70 يېشىدا پېنسىيىگە چىققان، 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يەكەندە ۋاپات بولۇپ، ئۆز مەھەللىسىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان.

گەرچە بۇ زات ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرىدىن ئىنىسى غولامخان ھاجى تۆرەم، ئايالى شارابەتخان ھاجى خېنىم، ئوغلى نىمەتۇللاخان ھاجى، ھىدايىتۇللاخان ھاجىلار ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

# ئەنۋەرخان مەخسۇم ھاجى

ئەنۋەرخان مەخسۇم ھاجى 1929 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرى خارتوم گۇزەر مەھەللىسىدىكى تېۋىپ فەتھىيدىن مەخسۇم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1931 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چوڭ دادىسى ۋە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قەشقەرگە پاناھلىنىشقا كېلىپ، ئۆستەڭبويى كوچىسىنىڭ چەكمەنچى مەھەللىسىدە ئولتۇرغان. ئۇ، قەشقەر شەھەر نوربېشىدا دوختۇرلۇق قىلغان ئۆزبېك تۇرغان ھېكىمدىن دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن دادىسى فەتھىيدىن مەخسۇمدىن كەم بىلىملىرىنى تولۇقلاپ ئۆگىنىش ئاساسىدا، دادىسىنىڭ تىبابەتچىلىك دۇكىنىغا ياردەملەشكەچ ئۆزىمۇ بىر تىبابەتچىلىك دۇكىنى ئاچقان، 1948 ـ يىلدىن 1951 ـ يىلغىچە بۇ دۇكاندا كېسەل كۆرۈش ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. 1954 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بىرلەشمە داۋالاشقا تەۋە «يېڭى ھايات دوختۇرخانىسى» قۇرۇلغاندا، ئەنۋەرخان مەخسۇم بۇ دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى ھەم مەسئۇل دورىگىرى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەشقەر شەھەرلىك بىرلەشمە تىببىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە كاتىپى بولۇپ سايلانغان. ئۇ، بۇ جەمئىيەتنىڭ تىببىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ھەپتىدە ئىككى قېتىم لېكسىيە سۆزلىگەن. 1958 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك سەھىيە بۆلۈمى ئاچقان فېلدشېرلارنى تەربىيىلەش

كۇرسىدا ئوقۇغان. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ماي كاندا ئالتە ئاي مەسئۇل دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن. سەھىيە تارماقلىرىنىڭ خىزمەت تەقسىم قىلىشى بىلەن سېمونت زاۋۇتىنىڭ دوختۇرخانا مەسئۇلى، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ قۇمدەرۋازا دوختۇرخانىسىدا دوختۇرخانا مەسئۇلى، سېسترا ھەم دوختۇرلارنى تەربىيىلىگۈچى بولۇپ جاپالىق ئىشلەپ، بىرنەچچە تىببىي خادىملارنى تەربىيىلىگەن. 1968 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە ئۈستەڭبويى دوختۇرخانىنىڭ مەسئۇلى ھەم دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەنىنىڭ سىرتىدا، جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلغان ياشلاردىن 15 نەپەر كىشىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرگەن. ئۇنىڭ تەربىيىلىگەن شاگىرتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى دوختۇرخانا ۋە شىپاخانىلاردا دوختۇر ۋە تېۋىپ بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئەنۋەرخان مەخسۇم ھاجى ئوغۇللىرىدىن ئەكبەر ھاجى، سەئىد نەجمىدىن قارىم قاتارلىقلار ھازىر خەلقىمىز ئېتىراپ قىلغان تېۋىپلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئەنۋەرخان مەخسۇم ھاجى 1979 ـ يىلى پېنسىيىگە چىقىپ، ئارام ئالغاچ داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

# ئابلىمىت ھېپىز

ئابلىمىت ھېپىز 1933 ـ يىلى ئۆزبېكىستاندا تېۋىپ ھېپىزخان مەخسۇمنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شۇ يىلى دادىسى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن. 1941 ـ يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. سەككىز يېشىدىن باشلاپ 1950 ـ يىلغىچە قەشقەردە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1952 ـ يىلغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلەپ، باشلانغۇچ تېببىي ساۋاتقا ئىگە بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن 1959 ـ يىلغىچە دادىسىدىن ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي جەھەتلەردىكى ئىلمىي ئاساسىنى ئۆگىنىپ، كېسەل كۆرەلەيدىغان، دورا ياسيالايدىغان بولغان. 1959 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا قوبۇل قىلىنىپ، دورىگەرلىك قىلىش، كېسەل كۆرۈش ۋە دورا ياساش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانا دورا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە. ئابلىمىت ھېپىز شىپاخانىغا ياش ۋاقتىدا كىرىپ جۇشقۇن ئىرادىسى بىلەن تېبابەت ئىلىملىرىنى بىرقەدەر ئىگىلەپ، ئۆگەنگەنلىرىنى

ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش ئارقىلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن. تىبابەت ئىلمىنى ئۆزىلا ئۆگىنىپ قالماستىن، ئىز باسارلارنى تەربىيلەش ئىشلىرىغىمۇ قاتنىشىپ، 1982 ـ يىلى شىپاخانىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن خادىملارغا ۋە 1985 ـ يىلى شىپاخانىدا ئىچىلغان دورىگەرلىك سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا شۇنداقلا دورا بۆلۈم قارىمىقىدىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دورىگەر خادىملارغا دورا بىلىملىرىدىن دەرس سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ياردەم قىلغان. ئابلىمىت ھېپىز دورا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، دورا ياساش تېخنىكىسىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 1981 ـ يىلى دورا ياساش بۆلۈمىدىن ئىككى نەپەر خادىمنى ئۆزى باشلاپ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ باۋجى شەھەرلىك جۇڭيى دورا ياساش زاۋۇتىغا بېرىپ تېخنىكا ئىگىلەپ كېلىپ، دورا ياساش بۆلۈمىدە ھەب دورا ۋە قۇرس (تابلېت) دورا ياسالمىلىرىنى ماشىنا كۈچى بىلەن تەييارلاش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، داۋالاش ئېھتىياجىنى تەمىنلىدى. باشقا بۆلۈملەردە شەربەت، ئەرەقىيات، مەجۇنات قاتارلىق دورىلارمۇ بىرقەدەر ئىلغار ئۇسۇللار بىلەن تەييارلىنىپ، داۋالاش ئېھتىياجىنى قاندۇردى. 1984 ـ يىلدىن باشلاپ يېڭى تېپتىكى دورا ئېزىش ماشىنىسى، دورىلارنى خىمىيىۋى ئانالىز ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى، پاكىز سۇ تەييارلاش قازىنى، غولۇلە (چوڭ كومۇلا) تەييارلاش ماشىنىسى، خېمىر قىلىش ماشىنىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش زامانىۋى ماشىنىلارنى سېتىۋېلىپ ئىشقا سالدى. 1982 ـ يىلى ئابلىمىت ھېپىزغا «باشقۇرغۇچى دورىگەر تېخنىك»، 1987 ـ يىلى «باشقۇرغۇچى مۇئاۋىن مۇدىر دورىگەر

تېخنىك » دېگەن ئىلمي ئۇنۋان بېرىلدى . ھازىر ئۇ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، تىببىي دورىگەرلىكنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىمەكتە .



# نىمەتۇللاخان ھاجى

ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرەمنىڭ چوڭ ئوغلى نىمەتۇللاخان ھاجى 1948 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يەكەن ناھىيىسىنىڭ جامە ئالدى يولى سەرۋىناز كولبېشى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1953 ـ يىلى بەش ياش ۋاقتىدا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ، 1963 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن. گەرچە ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەنتايىن سول سىياسەت تۈپەيلىدىن ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان. نىمەتۇللاخان ھاجى ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ كامالەت تېپىش يولىغا ماڭغان، 1964 ـ يىلىدىن تارتىپ دادىسىدىن تەلىم ئېلىپ ۋە دادىسىنىڭ داۋالاش دۇكىنى ئېچىش ئىشىغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، تىبابەت ئىلمىنىڭ دەسلەپكى نەزەرىيىسى ۋە دورىگەرلىك ئىلمى بىلەن تونۇشقان. بولۇپمۇ دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرى توغرىسىدا كۆپ مۇلاھىزە ۋە تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بارغان، يەنە بىر تەرەپتىن، دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىش نەتىجىسىدە كەسپىي جەھەتتىن مەلۇم ئاساس ياراتقان. 1971 ـ يىلىغا كەلگەندە دادىسىنىڭ كۆپ يىللىق داۋالاش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، دادىسى بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر

ۋە ئۇنى داۋالاش » دېگەن 300 مىڭ خەتلىك كىتابنى تۈزۈپ چىقىپ ، سەھىيە نازارىتىگە ئەۋەتكەن ، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئارىسىدىكى تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلارنى توپلاپ رەتلىگەن. 1974 - يىلى ناھىيىدە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق تىببىي كۇرستا ئوقۇپ چىقىپ ، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانىدا دوختۇرلۇق قىلغان . ئۇ ، بۇ جەرياندا يەرلىك دورىلارنى يىغىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۆزىنىڭ بىلىمنى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ، مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان . 1978 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ۋە كادىرلار نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ، دۆلەت شتاتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ، ئۆز دادىسى ئەبەيدۇللاخان تۆرەمگە شاگىرتلىققا بېرىلگەن ۋە بازارلىق ھۆكۈمەت ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا يۆتكەپ كېرىلگەن . 1981 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا بېرىپ بىر يېرىم يىل بىلىم ئاشۇرغان ، 1985 - يىلى ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . 1986 - يىلى يەكەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن .

نېمەتىللاخان ھاجى، دوختۇرخانا خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندىن كېيىن ، پۇتۇن زېھنى ۋە دىققەت - ئېتىبارىنى شىپاخانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق شىپاخانىنى روناق تاپقۇزۇشقا قارىتىپ ، قول ئاستىدىكى تېۋىپ ۋە دورىگەرلەرنى تەشكىللەپ ، شىپاخانىدا كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان 300 خىل دورىنىڭ ئىچىدىن 150 خىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ ، قالغان 150 خىلىنى ئۆلچەملەشتۈرگەن . نەتىجىدە

دورىلارنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۈنۈمى ئاشقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە دورىلارنى تەييارلاش، دېزىنفېكسىيە قىلىش، قاچىلاش مەشغۇلاتىغا تېخنىكا يېڭىلاش ئېلىپ بېرىپ، دورىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگەن ۋە ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلغان.

نېمەتىللاخان ھاجىنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش بولسىمۇ، ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، داۋاملىق ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرۈپ تۇرغان. كېسەللەرنىڭ داۋالاش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ مىكروبقا قارشى تۇرۇش تەسىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان. ئىلمىي ماقالىلارنى ۋە كىتابلارنى يېزىپ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشقان. ئۇ يازغان ئىلمىي ماقالىلاردىن «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىكىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، «ئەينۇلىنىڭ مىكروبقا قارشى تۇرۇش تەسىرى توغرىسىدا»، «بىر قىسىم ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىلىرىنىڭ مىكروبقا قارشى تۇرۇش تەسىرى توغرىسىدا ئىزدىنىشتىن دوكلات»، «يىلاننى دورىلىققا ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار»، «بىز كىلىنىكىلىق داۋالاش ئۈنۈمىنى قانداق ئۆستۈردۇق؟»، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!»، «ئىزدىنىش يولى جاپا - مۇشەققەتلىك، بوشاشماي ئىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ» دېگەن ماقالىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھەرقايسى ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا

ئالماشتۇرۇلغان. ئۇ يازغان «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمى» دېگەن كىتابى سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكۇمىنىڭ دەرسلىكى قىلىندى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسى ئاساسىدا يازغان «بىزنىڭ ئوزۇقلىرىمىز» دېگەن كىتابى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى ۋە ئىككى قېتىم قايتا بېسىلدى. ئۇ يېقىندا يەنە ئىككى نەشرىيات بىلەن تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسى توغرىسىدا ئىككى كىتابىنى يېزىش ۋە نەشر قىلىش توغرىسىدا توختام تۈزدى. ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى ئۈچۈن يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم ئۇنىڭغا «پەن - تېخنىكا ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى. 1988 - يىلى ئۇيغۇر تىبابىتى بويىچە مەسئۇل ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئىدى، 1994 - يىلى يەنە مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. نېمىتۇللاخان ھاجى ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ۋە 3 - نۆۋەتلىك مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا سايلانغان.

نېمىتۇللاخان ھاجى ئۆز ئىستىقبالىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئىستىقبالى بىلەن زىچ باغلاپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى نەتىقاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، خەلقنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش يولىدا جان پىدالىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

قوشۇمچە :

# ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە دۇنيا تىبابىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ئاتاقلىق تىببىي ئالىملار

## بەقرات ( ھىپپوكرات )

( مىلادىدىن بۇرۇن 460 ــ 377 )

بەقرات مىلادىدىن بۇرۇن يۇنانىستاندا يېتىشىپ چىققان يۇقىرى ئىقتىدارلىق پەيلاسوپ، ھەكىم بولۇپ، ئۇ تۇنجى قېتىم شۇ زامانىدىكى تەبىئەت ئىلمىگە مۇۋاپىقلاشقان تىبابەت نەزەرىيە ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تىبابەتچىلىك خېلى بۇرۇن مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇنى بىلگەن كىشىلەر ئاشكارا قىلمىغان ۋە داۋاملىق مەخپىي تۇتقان. تېۋىپلار تىبابەتچىلىكنى پەقەت ئۆز ئەۋلادلىرى ۋە يېقىنلىرىغىلا ئۆگەتەتتى. بەقرات بۇ ئىلمنى مەخپىيلىكتىن ئاشكارا قىلىپ، ئۆگىنىشنى خالىغانلار مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارغا ئۆگەتكەن. يۇنانىستان ( گرېتسىيە ) نىڭ مەشھۇر تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ شەرقىي مەملىكەتلەر ۋە ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان

كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغان ساياھەتنامە تارىخى ۋە فىزىكاشۇناسلار ، مەسىلەن ، دىموكرىتس ( ئەڭ دەسلەپكى ئاتوم نەزەرىيىسىنى ئىجاد قىلغان ئالىم ) قاتارلىقلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىلىق يازغان بايانلىرىدىن پايدىلىنىپ ، شۇنداقلا ياش ۋاقتىدا ئاسىيادىكى قىرىم يېرىم ئارىلىدا ياشىغان چاغدا تۈرك خەلقلىرىدىن بولغان سكىفلەر ( ساكلار ) نىڭ تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدىكى ئىپتىدائىي ماتېرىيالىستىك كۆز قاراشلىرىنىڭ ئاساسى بولغان ئوت ، ھاۋا ، سۇ ، تۇپراقلاردىن ئالغان تەسىراتى ئاساسىدا ، « تۆت چوڭ ماددا » تەلىماتىنى يېزىپ چىققان ، شۇنىڭدەك ئادەم بەدىنىدىكى ھاياتلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم سۇيۇقلۇقلىرىغا دائىر « تۆت خىلت نەزەرىيىسى » نى ئوتتۇرىغا قويغان .

بەقرات 83 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ ، 25 يېشىغىچە يۇناننىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ئىسقىلبۇس ( بەقراتنىڭ تاغىسى ) ، سۇقرات ، دىموكرىتس قاتارلىقلاردىن پەلسەپە ۋە تىبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن . 25 يېشىدىن باشلاپ تەتقىق قىلىش ۋە ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەن . پۈتۈن ئۆمرىنى تىبابەتنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان ۋە تىبابەت توغرىسىدا 72 جىلدتىن ئارتۇق كىتاب يازغان . بەقراتنىڭ ئەسەرلىرى ھازىرقى زامان تىبابىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان . ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان كىتابلىرى 7 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردە ئۆمەۋى ۋە ئابباس خەلىپىلىرى زامانىسىدا ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان . مىلادى 1525 ـ يىلى رومالىقلار ئەرەبچىدىن لاتىنچىغا تەرجىمە قىلغان . 16 ـ ، 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بىرقانچە خىل ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان .

## جالىنۇس ( كىلاۋدىي گالېن )

( مىلادى 130 ــ تەخمىنەن 200 )

قەدىمكى روما تىببىي ئالىمى جالىنۇسنىڭ نامى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت تىبابەتچىلىكىدە ۋە تىبابەت كىتابلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك كىتابلىرىدىمۇ جالىنۇسنىڭ بەزى نەزەرىيىلىرى ۋە يېزىپ قالدۇرغان ئايرىم نۇسخىلىرى بار. يۇنان دورىگەرلىكىدە دەسلەپكى قارابادىن ( پارما كوپىيە ) نى تۈزۈپ چىققان كىشى جالىنۇستۇر. بۈگۈنكى كۈندىمۇ تېۋىپلىرىمىز ئىشلىتىۋاتقان مەجۇنى جالىنۇس، مۇرەككەباتى جالىنۇس قاتارلىق نۇرغۇنلىغان نۇسخىلار يېزىلغان كىتابلار بۈيۈك بېرىتانىيە پارماكوپىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن. جالىنۇسنىڭ دۇنياۋى كلاسسىك تىبابەت ساھەسىدە تۇتقان ئورنى ناھايىتى يۇقىرى. دۇنيادىكى سەككىز ئىجادكارنىڭ بىرسى جالىنۇس ھېسابلىنىدۇ. جالىنۇس ئۆزىنىڭ 70 يىللىق ئۆمرىنى پۈتۈنلەي تىبابەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئۇ يالغۇز ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، بەلكى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن. قەيەردە كېسەل بولسا شۇ يەرگە بېرىپ داۋالىغان ھەم توشقان، مايمۇن قاتارلىق ھايۋانلارنى تەجرىبە قىلىپ، تۇنجى بولۇپ ھايۋانلار ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بارغان كىشى بولۇپ قالغان. جالىنۇس يېتىشىپ چىققاندىن كېيىن، تىبابەتنى مېتافىزىك پەلسەپە تەسىرىدىن

قۇتۇلدۇرۇپ، ماددىي پاكىت ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئاساس قىلغان پەنگە ئايلاندۇرغان.

جالىنۇس مىلادىنىڭ 95 - يىلى قوستەنتەنىيە (ھازىرقى ئىستامبۇل) نىڭ فارمۇسا دېگەن ئارىلىدا تۇغۇلغان. جالىنۇس شۇ ۋاقىتتىكى يۇنانىستاننىڭ ئافىنا شەھىرىگە بېرىپ، شۇ يەردىكى پەيلاسوپ ۋە ھۆكۇمالاردىن پەلسەپە ۋە تىبابەتنى ئۆگەنگەن. روما، يۇنان، مىسىر ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ساياھەت قىلىپ، ئىلمىي مەلۇماتىنى كۆپەيتكەن. ئافىنا شەھىرىنىڭ چوڭ ئۆلىما ۋە پەيلاسوپلىرى توپلاشقان «روبتۇل كۇبىرا» دېگەن پادىشاھلىق كىتابخانىسىدا خېلى ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئەپسۇسكى، بۇ كىتابلار كىتابخانىغا ئوت كېتىش سەۋەبى بىلەن كۆيۈپ كەتكەن. بۇنىڭغا ھەكىم جالىنۇس قاتتىق ئېچىنغان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان 126 پارچە چوڭ - كىچىك ئەسەرلىرى يۇنان تىبابىتى ۋە ھازىرقى غەرب تىبابىتىنىڭ ئاساسىي قوللانمىسى بولۇپ كەلمەكتە.



# سۇقرات ( سوكراتىس )

بۈيۈك ئالىم سۇقرات مىلادىدىن بۇرۇن 470 — 399 - يىللاردا ( زامانىمىزدىن 2400 يىل بۇرۇن ) يۇنانىستاندا ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ تىبابەت ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان بىرەر ئەسىرى بولمىسىمۇ، ئەمما ئەخلاق ۋە پەلسەپە تارىخىدا ئوينىغان رولى ناھايىتى چوڭ. سۇقراتنىڭ ئەسىرى يالغۇز قەدىمكى يۇناندىلا شۆھرەت قازىنىپ قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زاماندىمۇ چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە. سۇقرات تۇنجى قېتىم دۇنياغا ئەخلاقىي بىلىم ۋە پەلسەپىنىڭ ئۇرۇقىنى سالغان ئىقتىدارلىق شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن فلاتون، ئارستوتېل، قەسۇنۇفۇن، فىساغىرۇس قاتارلىق ھۆكۈمالارمۇ ئىنسانىيەت مەنىۋى تارىخىنى زىننەتلىگەن، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي، ئىجتىمائىي سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى تۇرمۇشى ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ئىلمىي ئاساسلارنى قۇرۇپ چىققانلار بولۇپ، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ نۇرلىرى دەپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ ئەسلى نەزەرىيىۋى ئاساسىنى يېزىپ چىققان، مەسىلەن، ھازىرقى « ئاتوم » ماددىسىنىڭ ئەسلى نەزەرىيىسىنى دەسلەپكى قېتىم كەشپ قىلغان كىشى سۇقراتنىڭ شاگىرتلىرىدىن دىموكرىتىس دېگەن كىشىدۇر. 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت پەقەت نوقۇل نەزەرىيە باسقۇچىدا تۇرۇپ كەلگەن بۇ نەزەرىيە ھازىر 20 -

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋاتىدۇ.

سوقرات بەك كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ بىر نەرسە يازمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاغزاكى قىلغان تەلىمات ۋە نۇتۇقلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن ياشلارنى تەربىيىلەپ چىققان. سوقرات كىشىلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى بەك كۈچلۈك سىڭدۈرگەننىڭ سىرتىدا، ياشلارنى خۇراپاتلىقتىن، بولۇپمۇ بۇتپەرەسلىكتىن چېكىندۈرۈشكە تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، شۇ جايدىكى يۇنانىستاننىڭ بۇتپەرەس ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن «ياشلارنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزغان» دېگەن ئەيىب بىلەن زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىنغان. بەزى شاگىرتلىرى ئۇنى تۈرمىدىن قېچىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان. ئۇ، بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ: «ۋەتىنىمىزنىڭ ھاكىمىيىتى ماڭا ئىلىم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىمىغان، ماڭا ناھەق ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان بولسىمۇ، ئۆز ۋەتىنىمنىڭ قانۇنىغا سادىق بولۇشۇم لازىم»، — دەپ تۈرمىدىن قاچقىلى ئۇنىمىغان.

سوقراتىنىڭ ئىنسانىيەت ئەخلاقى ۋە مەنىۋى ھاياتىغا دائىر سۆزلىگەن سۆزلىرى بولغىنىدەك، تىبابەت ۋە ساقلىقنى ساقلاش ھەققىدە نوقۇل دورا ۋە ماددىي ئەشيالار ئارقىلىق داۋالاش بىلەنلا ئەمەس، روھىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە داۋالاشقا دائىر سۆزلىگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرى بار:

# ئەپلاتون ( فلاتون )

ئەپلاتون بۇنىڭدىن 2500 يىل بۇرۇن ئۆتكەن بىر ئالىمنىڭ نامى بولسىمۇ، ئەمما ھازىرقى كۈندىمۇ دۇنيانىڭ قانداق بىر يېرىدە « ئەپلاتون » دېيىلسە چوڭ - كىچىك ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىققىتى قوزغىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قانداق يۈكسەك ئالىم ۋە سەنئەتكار ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاز - تولا ئاڭلىغانلىرىنى بەزىدە خەلقلەر ئۆزىنىڭ تەمسىل سۆزلىرىدە مىسال قىلىدۇ. ئەپلاتون ھەققىدە خەلق ئىچىدە نۇرغان رىۋايەتلەر بار. ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئەپلاتوننى قەدىمكى تىبابەت ئۇستازلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى، مەدەنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىدىيۋى، ئەخلاقىي مەسىلىلەر ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى ھېلىمۇ بار.

ئەپلاتون بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2500 يىل بۇرۇن ئۆتكەن يۇنان ئالىمى بولۇپ، يۇناننىڭ ئافىنا شەھىرىدە مىلادىدىن 400 يىل بۇرۇن كارۇل قۇدرۇسنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا ھەر خىل ئىلىم - پەنلەرنى ئۆگەنگەن. مۇزىكا ۋە رەسساملىققا قىزىققان. 20 ياشقا كىرگەندە مەشھۇر پەيلاسوپ سوقراتتا ئوقۇپ، ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك شاگىرتلىرىدىن بولۇپ چىققان. كېيىن، ئىلىم ۋە پەلسەپىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن.

ئەپلاتون ئىتالىيە، ئىسپانىيە، مىسىر قاتارلىق بىرنەچچە

مەملىكەتلەرنى سایاھەت قىلىپ، نۇرغۇن بىلىم ۋە تەجرىبىلەر توپلىغان. كېيىن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، ئافىنا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئاكادەمۇس ناملىق بىر يېزىدىكى شەخسىي باغچىسىنى مەكتەپ قىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن ياشلارنى تەربىيىلەپ چىققان. ئۇلارغا ئىلىم، پەلسەپە، ئەخلاق ئۆگەتكەن، ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەن. پۈتۈن زېھنىنى ئىلىم - مەرىپەت ئۈچۈن سەرپ ئەتكەن. ئەپلاتۇنىنىڭ ئاكادەمۇس يېزىسىدىكى بۇ باغچىسىنى كىشىلەر ئاكادەمۇس يېزىسىنىڭ قىسقارتىلغان نامى بىلەن «ئاكادېمىيە» دەپ ئاتىشىدۇ. بۈگۈنكى «پەنلەر ئاكادېمىيىسى» دېگەن خەلقئارا ئاتالغۇ مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

ئەپلاتۇن مېتافىزىك، ئىدېئالىست ئالىم بولسىمۇ، ئەمما پەلسەپە، ئەخلاق ئىلمىدە تۇتقان ئورنى ناھايىتى يۈكسەك.

ئەپلاتۇنىنىڭ 48 پارچە ئەسىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن بىرقانچىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

# ئەرەستۇ ( ئارستوتېل )

ئەرەستۇ مىلادىدىن 384 يىل بۇرۇن يۇناننىڭ ستاجىرا دېگەن يېرىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ، مىلادىدىن 322 يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان . دادىسى ماكېدونىيە پادىشاھى ئامىنتانىڭ مەخسۇس تېۋىپى ئىدى . ئەرەستۇ نام ۋە شۆھرەتتە ئەپلاتۇندىن قېلىشمايدىغان ئالىم . ئۇ ئۆسمۈر ۋاقتىدا دادىسىغا ئەگىشىپ دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن . 17 يېشىدا دەسلەپكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ، ئافىنا شەھىرىگە كېلىپ ئەپلاتۇندىن پەلسەپە . ھېكمەت ، ئىلمىي ئەخلاق ، سىياسەت ، مەدەنىيەت ، تەبىئىي پەن ۋە ئىلاھىيەت ، رىيازىيەت ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن . بۇ ھەقتە چوڭ شۆھرەت قازانغان . 200 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا دۇنيا ئالىملىرى ئارستوتېلغا « بىرىنچى ئۇستاز » دېگەن نام بىلەن قول قويغان . 10 ـ ئەسىردە ئەرەستۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ، دۇنيا بويىچە نام چىقارغان بىزنىڭ ئۇلۇغ ئالىمىمىز پەيلاسوپ ئەبۇنەسىر فارابىغا « ئىككىنچى ئۇستاز » دەپ نام بېرىلگەن . جاھان تارىخىدا داڭدار شەخس ئالېكساندىر ماكادۇنىسكى ( ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ) گە ئەرەستۇ مۇئەللىملىك قىلغان . بەزىلەر ئەرەستۇ مىلادىدىن 342 يىل بۇرۇن ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغىچىلىك كەلگەن دەيدۇ . ھەر ھالدا

ئەرەستۇ دۇنياغا ئىلىم ۋە مەرىپەت نۇرى چاچقان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئەرەستۇ يالغۇز پەلسەپە ۋە ئىلىم ساھەسىدە ماھارەتلىك بولۇپلا قالماستىن، سىياسەت ئىلمىدىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىلىك سەۋىيىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى مىلادىدىن بۇرۇنقى ئەڭ چوڭ جاھانگىر دۆلەت ماكىدونىيىنىڭ پادىشاھى يۇنان، ئوتتۇرا شەرق، مىسىر، ئەرەب، ئىران، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالارنى ئىشغال قىلغان ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تاللىغان ئىدى. لېكىن، ئەرەستۇ ئىسكەندەرنىڭ ئۇ يەردە يۈرگۈزگەن زالىم ھەرىكەتلىرىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن.

ئەرەستۇنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن شاگىرتلىرى ئالىم ۋە پەيلاسوپ بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھازىرقى دۇنيا تارىخىدا شەرەپلىك ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت، روھىي كەيپىيات ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى ھازىرغا قەدەر ئەھمىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ئەرەستۇ ئۆز ئەقلى ۋە ئەقىل تەپەككۇرى بىلەن كەشپ قىلغان نەزەرىيىتى ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكۈزمىگۈچە ھەرگىز ئېلان قىلمايتتى. ئۇنى تەكرار تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ، تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قوياتتى.

ئەرەستۇ ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتە ياخشى شارائىتقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەر خىل تەتقىقات نەمۇنىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى تەجرىبە قىلغان. مەسىلەن، ھەر خىل ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، مەدەنلەرنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆستۈرۈپ، توغراپ، ئۇلاپ، يېتىشتۈرۈپ

كۆرگەن. ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈلاش، ھايۋانلارنى نەسىللەندۈرۈش، مەدەنلارنى ئۆزگەرتىش ئىشلىرىدا نۇرغۇن كەشپىياتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىر خىل ئۆسۈملۈككە يەنە بىر خىل ئۆسۈملۈكنى ئۇلاپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئورگانىك ئەزالىرىنى ئالماشتۇرغان ۋە ئۆزگەرتىپ كەشپ قىلغان. ئۇ، ئادەملەرگە بۇ خىلدىكى تەجرىبىلەرنىمۇ ئېلىپ بېرىش مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەرەستۇ بىر سوتكىدا توت سائەتلا ئۇخلايتتى. ئۇنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى بۇگۈنكى پەن ـ تېخنىكا كەشپىياتى ئۇچۇن چوڭ ئۆرنەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەنتىق ( لوگىكا ) ئىلمىنى تۇنجى بولۇپ كەشپ قىلغان كىشى دەل ئەرەستۇدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە ئىسلام تىبابىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن بىر قىسىم شەرق تىببىي ئالىملىرى

## ئەبۇبەكرى مۇھەممەدىبىنى زىكرىيا رازى

ئەبۇبەكرى مۇھەممەدىبىنى زىكرىيا رازى تارىخى ھىجرىيىنىڭ 140 ـ يىلى ( مىلادى 864 ـــ 932 ) ئىراننىڭ رەي دېگەن شەھىرىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بۇ كىشى پۈتۈن ئىران، ئەرەب ۋە ئوتتۇرا شەرقلەردە نامى چىققان ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاتاقلىق ھۆكۈما ئىدى. ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان « ھاۋى كەبىر » دېگەن كىتابى تېۋىپلىرىمىز قىزىقىپ ئوقۇيدىغان، ھازىرقى زاماندىمۇ مەنزۇر بولىدىغان تىببىي كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. رازى ئۆزىنىڭ 70 يىللىق ئۆمرىنى پۈتۈنلەي تىبابەت ۋە خىمىيە ئىلمىگە بېغىشلاپ، بۇ ساھەدە نۇرغۇن ئىجادىيەت ۋە ئەسەرلەرنى قالدۇرغان، ناھايىتى كۆپ شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. رازىنىڭ تىبابەت، خىمىيە، ئەدەب ـ ئەخلاق، پەلسەپە، ھېكمەت ۋە مەنتىق ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى 17 ـ ئەسىرگىچە غەرب مېدىتسىنا ساھەسىدە

ھۆكـۈمـرانـلـىـق ئورۇنـدا تـۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ياۋروپالىقلار بۇ كـىشـىـنـى تـىببىي مۇسلىمن (مۇسۇلمانلار تېۋىپى)، جالىنۇس ئەرەب (ئەرەبتىن چىققان جالىنۇس) دەپ ئاتىغان.

1957 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلـغان ئاكـادېـمـىـك يا. گـۇكـائىـنـىـنـىڭ «دورا ۋە ئۇلارنىڭ تېخنىلوگىيىسى» دېگەن كـىـتـابـىـنىڭ 35 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «19 ـئەسىردە ئۆتـكـەن ئىبنى زىكرىيا رازىنىڭ 〈قارابادىن〉 دەپ ئاتىلىدىغان ئەرەب يـېـزـىـقـىـدىـكـى 1 ـ پـارماكوپېيىسى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قـولـلـىـنـىـشـقـا بـۇيرۇق قىلىنغان». دېمەك، رازىنىڭ كىتابلىرى يېقىنقى ۋاقىتلاردىمۇ سوۋېت مېدىتسىناسىدا تەتقىق قىلىنىدىكەن. يـەنـە ئاكـادېـمـىـك ئى. يـوكـىـرچـىـنـىـۋىـسـكـىي مـۇنـداق دەپ يـازغـان: «ئوتـتـۇرا ئەسـىـردە ئەرەب ئالـىـمـلـىرىنىڭ مېدىتسىنا بـىـلـىـمـى نـاھايىتى يۇكسەك ئىدى. پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر بويىچە ياۋروپا دوختۇرلىرى ئوفتالمولوگىيە (قەدداھلىق ـــ كۆز بىلىمى) ساھەسـىـدە ئەرەبـلەرنىڭكىگە تەڭ كېلىدىغان بىرەر ئىلمىي كىتاب چـىـقـىـرالـمـىـغـان ئەمـەس. 18 ـ ئەسـىـردىلا ياۋروپـا بـۇ ئىـلـىمدە ئەرەبلەردىن ئىلغارراق بولۇشقا ئىنتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز».

رازى يـاش ۋاقـتـىـدا تـەبىئەت دۇنياسى ۋە ھاۋا كىلىماتىنى ئۆگـىـنـىـشـكـە ئىشتىياق باغلىغان، بۇ ھەقتە چوڭ ماھارەتكە ئىگە بولغان. مەسىلەن، رازى باغدادتا تۇرغان ۋاقىتتا، باغدادخەلىپىسى بـاغـداد شـەھـىرىـدە چـوڭ بـىر شىپاخانا قۇرماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ پىلانـىـنـى ۋە ئورنـىـنـى بـەلـگـىلـەپ چىقىشتا رازىدىن مەسلىھەت سـورىغان ھەمدە شىپاخانا ئۈچۈن ياخشى، ھاۋالىق جاي تاللاشنى رازىـغـا تاپشۇرغان. رازى دەرھال يېڭى ئۆلگەن بىر ئايال كىشىنىڭ بـالـىـيـاتـقـۇسـىـدىن بىر پارچە گۆشنى كېسىپ ئېلىپ، ئۇنى يەنە

بىرقانچە پارچىلاپ، بۇلارنى باغداد شەھىرىنىڭ تەرەپ - تەرىپىگە ئېسىپ قويغان ھەمدە ئۇ گۆشلەرنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرغان. قايسى جايدىكى گۆش ئاسان چىرىمىگەن بولسا، شۇ جايغا شىپاخانا سېلىشقا تەكلىپ بەرگەن. دېمەك، رازى گۆشنىڭ سېسىشىدا ھاۋادىكى قانداقتۇر بىر خىل كۆزگە كۆرۈنمەس جاراسىملار رول ئوينايدىغانلىقىنى شۇ چاغلاردا پەرەز قىلغان. خەلىپە بىرنەچچە داڭلىق تېۋىپلارنى تاللاپ چىقىپ، بۇ يېڭى شىپاخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، زىكرىيا رازىنى مەسئۇل قىلغان. زىكرىيا رازى تىبابەت، پەلسەپە، مۇزىكا، خىمىيە، پىسخولوگىيە قاتارلىق ھەر خىل پەنلەردە جەمئىي 224 توم ئەسەر يازغان بولسىمۇ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى ئاز. بولۇپمۇ خىمىيە ۋە داۋالاش تېخنىكىسىغا ئائىت مۇھىم ئەسەرلەر زايا بولۇپ كەتكەن ياكى بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن يوشۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ قىلىپ مەيدانغا چىقىرىلغان. زىكرىيا رازى ئىلمىي ۋە نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى يېزىشتىن سىرت، كېسەل داۋالاشتا كۆرۈلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى يەكۈنلىگەن ھەمدە تېۋىپلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش جەريانىدا ئېھتىياجلىق بولغان 20 خىلدىن ئارتۇق سايمان، ھەر خىل ئەشيا ۋە شېشىلەرنى ياساپ چىققان. رازىي لايىھەلەپ ياساپ چىققان بۇ سايمانلار ھازىرغا قەدەر بىرىتانىيە دۆلەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا. رازى «كېسەلخانا جانلىق تىببىي مەكتەپ ۋە ئىلمىي ئەمەلىي تەجرىبىخانىدىن ئىبارەت بولۇشى لازىم»، دەپ قارايدۇ. ئۇ، كېسەلنى داۋالاشتا بىرىلگەن دورىلاردىن بىر بۆلىكىنى ساق ئادەملەرگىمۇ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بەدىنىدە بولغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ تۇراتتى.

رازىنىڭ خىمىيە پېنىدىمۇ تەجرىبىسى يۇقىرى بولۇپ، دورا

ماددىلىرىنىڭ تەسىر قىلىشى پەقەت ئۇنىڭ خىمىيىلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغانلىقىدىن بولىدۇ، دەپ قارايتتى. رازى ئۆسۈملۈكلەر، مەدەن، ھايۋاناتلاردىن ئەزالىرىدىن ھەر خىل خىمىيىلىك ماددىلارنى ئاجرىتىۋالغان ۋە تىزاپلار (كىسلاتالار) نى ئىشلەپ چىققان. رازى تىبابەت ساھەسىدە تۇنجى قېتىم تىببىي پسىخولوگىيىنى ئىشلەپ چىققان كىشى بولۇپ، ئىنسانىنىڭ روھى ۋە پسىخىك ھالىتى، مىجەزى ۋە ئەخلاقى بىلەن ساقلىق ۋە كېسەللىكنىڭ ناھايىتى چوڭ مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايتتى. ئۇندىن باشقا، كېسەل داۋالاشتا نوقۇل ھالدا دورىنى ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى روھىي مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، ئائىلە مۇناسىۋىتى ۋە ئىدىيىۋى ئىشلارنى ئىگىلەش، روھىي داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىپ داۋالاش لازىم، دەپ قارايتتى. رازىنىڭ ھازىر تېۋىپلار ئارىسىدا قوللىنىۋاتقان «ھاۋى كەبىر» ناملىق كىتابى ئون پارچىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەربىر پارچىسى بىرنەچچە بابلارغا بۆلۈنگەن. مەسىلەن، باش كېسەللىكلىرى بابىدا نېرۋا كېسەللىكلىرى، روھىي كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل دورا ۋە چارىلىرى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن. رازىنىڭ تەشرىھات (ئاناتومىيە)، پسىخولوگىيە، فىزىئولوگىيە، بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ھەققىدە ئەسەرلىرى بار. چېچەك ۋە قىزىل ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى ھازىرمۇ ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق.

# داۋۇد ئەنتاكى

داۋۇد ئەنتاكى 10 ـ ئەسىردە هازىرقى پەلەستىنىنىڭ ئەنتاكىيە شەھىرىدە تۇغۇلغان مەشھۇر تېۋىپلەردىن بولۇپ، قەدىمكى يۇنان ۋە ئەرەب ئىسلام تىبابەت ھۆكۇمالىرىدىن بەقرات، جالىنۇس، ئىبنىسىنا، رازى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىي خىزمىتىدە قوللىنىپ شۆھرەت قازانغان. ئۇ، تىببىي داۋالاش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسىدا، دورىلارنى تەييارلاش ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ئۆلچەملىرىنى بەلگىلەشتە چوڭ ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ تىبابەت ۋە دورىگەرلىك ساھەسىدە خېلى كۆپ ئەسەرلىرى بولۇپ، بىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى ئاز. ئۇنىڭ «تەزكىرەئى ئۇلۇلئەلباب ۋە جامىئىل ئىجاب» ۋە «تەزكىرەئى داۋۇد ئەنتاكى» قاتارلىق كىتابلىرى بار. بۇ كىتابلاردا يالغۇز دورىلار ۋە مۇرەككەپ دورىلارنى ئۆلچەش، ياساش ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنۇمىنى بەلگىلەش، زىيانلىق تەرەپلىرىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار بار. ئۇنىڭدا مۇنداق دېگەن: «تىبابەت دېگەن دەسلەپ مەخپىي تۇتۇلىدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەقەت پادىشاھلار، ۋەزىرلەر، شاھزادىلەر، يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر پايدىلىناتتى. ھېكىم بەقرات بۇنى ئاشكارا قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن جازالاندى. يۇنان قەدىمكى تىبابىتىنى ئەرەب مۇسۇلمانلىرى قولغا كەلتۈرگەن، تەرەققىي

قىلدۇرغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنى يەھۇدىي ۋە ناسارالار ئىگىلەپ كەتكەن . مەن يەنە ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا قايتۇردۇم . ئۇنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقىم ئۈچۈن مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن ئەرزىيەتكە يولۇقتۇم . بۇ ، قەدىمدىن ئۆتكەن بەقرات ، سۇقرات قاتارلىق زاتلارغا ئۇچرىغان مەسىلىلەردۇر » . داۋۇد ئەنتاكى ئىلىم ۋە مەرىپەتلەرنى بىرنەچچە قىسىمغا ، گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ ، ئۇلارنىڭ چېگرىلىرىنى بەلگىلىگەن . مەسىلەن ، خىمىيە ، ئاسترونومىيە ، قانۇن ، مەنتىق ، تىبابەت قاتارلىق بىرنەچچە ئىلىملەر بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ھەممە مەزمۇنلار ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان ھالدا سۆزلىنەتتى . داۋۇد ئەنتاكى بۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئاجرىتىپ ، ئايرىم ئىلىم قىلىپ چىقتى .

# ئىبنى روشدىي

( 1198 — 1126 )

ئىبنى روشدىي ئۇندۇلۇس، يەنى ھازىرقى ئىسپانىيىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى پايتەخت شەھىرى قۇرتۇبادا تۇغۇلغان. ئىبنى روشدىي ئۆزىنىڭ تەبىئىي تالانتى، ئىلىم - پەنگە بولغان ھەۋەسكارلىقى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى قاتارلىق ئىقتىدارى بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلىم، تەربىيە ۋە ئۆگىنىش شارائىتىغا ئىگە بولغان. ئۇ، قەدىمكى تىللاردىن سۇرىيانى تىلى، يۇنان، روما ۋە ئەرەب تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى. بۇ كىشى بىر مەزگىل ئۇندۇلۇستىكى ئەرەب پادىشاھلىرىنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشىپ، يۇقىرى مەرتىۋە ۋە چوڭ مائاشقا ئىگە بولغان. ئىبنى روشدىي دەسلەپ دىنىي تارىخ، خرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنلىرىنى، ئىسلام پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن ئەپلاتۇن قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭغا شەرھلەر يازغان. ئۇ، ئەرەب ھۆكۈمرانلىقى گۈللەنگەن قۇرتۇبا شەھىرىدە چوڭ شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىشىنىڭ پەلسەپىلىك تەرەققىيپەرۋەر كۆز قاراشلىرى بەزى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. كۆز قاراشلىرى ئوخشاشمىغانلىقى ئۈچۈن،

ئۇنى « بەدمەزھەپ ، زىندىق » دەپ قارىلاپ ، پادىشاھقا چېقىپ ، تۈرمىگە قاماتقان . تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ، ئۇ يەھۇدىيلار مەھەللىسىگە ئۆمۈرلۈك نەزەربەنت قىلىنىشقا ھۆكۈم قىلىنغان . ئىبنى روشدىنىڭ يازغان نۇرغۇن ئەسەرلىرى بولۇپ ، 15 - ئەسىردىن باشلاپ ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، پۈتۈن ياۋروپاغا تونۇلۇپ ، ياۋروپانىڭ ئويغىنىش دەۋرىنى ئىلگىرى سۈرگەن . ئۇنىڭ يازغان پەلسەپە ، ھېكمەت ، پەن ھەققىدىكى ھەر خىل كىتابلىرى 40 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ ، ئاسىياغا تارقالغانلىرى ناھايىتى ئاز . 1939 - يىلى پاكىستاندىكى ھەكىم مۇھەممەد ئەجمەلخان تىببىي ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ بىرنەچچە ئەسىرىنى تاپقان ۋە فوتو نۇسخىلىرىنى ئوردۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان . ئۇنىڭدىن « كىتابۇل كوللىيات » ناملىق مەخسۇس تىبابەت توغرىسىدا يېزىلغان بىر كىتابى خوتەنگە كەلدى . بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ بەزى ئىلمىي ئىشلىرى ئۈچۈن تەتقىق قىلىپ پايدىلىنىشقا ئەرزىيدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، ئىبنى روشدىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە پەلسەپە ، ئاسترونومىيە ھەققىدە يازغان پايدىلىق ئەسەرلىرىمۇ بار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

## ئەبۇ ئابدۇللا خارەزمى

ئەبۇ ئابدۇللا خارەزمى خارەزىم شەھرىدە تۇغۇلغان ۋە باغدادتىكى پەلسەپە ھېكمەت ئوردىسىغا باشلىق بولغان. رىيازىياتتا ( ئالگېبرادا ) ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنى رۇبىرت شىتىر دېگەن ياۋروپالىق كىشى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان. 1841 ـ يىلى ۋە 1915 ـ، 1937 ـ يىللىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەنگلىيىدە بېسىلغان. خارەزىمىنىڭ ھېساب، مەنتىق، ئىلمىي جەبىر، تېبابەت، مۇزىكا، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەردە مۇھىم ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ئالگېبرا ۋە ماتېماتىكىدۇر. « مۇفتاھۇل ئۇلۇم » دېگەن كىتابى ئەڭ چوڭ تىببىي لۇغەت بولۇپ، ئۇ تىبابەت، پەلسەپە، مەنتىق، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مۇزىكا، خىمىيىگە ئائىت بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى بابى مەخسۇس دورىگەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر خىل كېسەللىكلەرگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان يالغۇز ۋە مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى ۋە ھەر خىل ئوزۇقلۇقلار، ئۇلارنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئۆلچەملىرى ناھايىتى ئىنچىكە بېكىتىلگەن. بۇ كىشىنىڭ ئاناتومىيىگە ئائىت كىتابىدا ھەرىكەتلىك تومۇرلار، لىمفا تومۇرلىرى، مۇسكۇللار، نېرۋىلار، شىللىق پەردىلەر توغرىسىدا

ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان. شۇنىڭدەك سەمرىپ كېتىش، ئۇستىخانلارنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى، بەرەس، بەھەق، قوبا، جوزام، سەرتان، سەرئى، يەرقان ھەققىدە يازغان قوللانمىلىرى شۇنداقلا يالغۇز دورىلار ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى بار. بولۇپمۇ ئۆسۈملۈك ھەققىدە يازغان ئەسىرىدە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋە، گۈل - چېچەك، غازاڭ، يىلتىز، رەشتە، پوستى، شىرىسى، سۈتى، يېلىمى قاتارلىقلار ھەققىدە ئايرىم مەلۇمات بەرگەن. بۇ كىتابتىن ھازىرقى تېۋىپلىرىمىز ئوبدان پايدىلىنالايدۇ.

# ئەللامە نەجىبىددىن سەمەرقەندى

ئەللامە نەجىبىددىن سەمەرقەندى مىلادى 118 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەمەرقەند شەھىرىدە تۇغۇلغان چوڭ تېۋىپ بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، ۋە شاگىرت تەربىيىلىگەن، ئەمەلىي خىزمەت ئىشلەپ مەلۇم كىلىنىك تەجرىبىگە ئىگە بولغان. مەزكۇرنىڭ يازغان كىتابلىرىدىن «ئەغزىيەتىل مەرەز»، «ئەسباب ۋە ئالامەت»، «قارا بادىن كەبىر»، «قارا بادىن سەغىر» دېگەن كىتابلىرى ھازىرمۇ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. نەجىبىددىن سەمەرقەندى چىڭگىزخان ھىراتقا بېسىپ كىرگەندە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

# ھەكىم مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانى

بۇ زات 1746 - يىلى ھىندىستاندا قۇرۇلغان تۈرك - مۇغۇل پادىشاھلىقى زامانىسىدىكى شاھ ئالەمگىر ۋاقتىدا يېتىشىپ چىققان داڭلىق تېۋىپ بولۇپ، ئالەمگىر ۋە ئەكبەر شاھنىڭ دەۋرىدە ئوردا تېۋىپى بولغان. ئۇ پەلسەپە، مەنتىق، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ھەققىدە چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. ھىندىستان، ئىرانلاردا چوڭ - چوڭ كېسەللىكلەرنى داۋالاپ، ئەمەلىي نەتىجە ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرى ئۈستىدە بىرنەچچە پارچە كىتاب يازغان. مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانى ئۆزىنىڭ كىتابلىرىنى پارس تىلىدا يازغان. مەزكۇرنىڭ «تىببىي ئەكبەر»، «مۇفەررىھىلقۇلۇپ»، «قارا بادىن قادىرى»، «مۇجەررىباتى ئەكبەر»، «مىزانى تىب»، «ھۇدۇدى ئەمراز» قاتارلىق كىتابلىرى ھازىر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى پايدىلىنىدىغان ئاساسلىق كىتابلاردىن ھېسابلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# مۇھەممەد ئەزەمخان

مۇھەممەد ئەزەمخان ئىسلام تىبابىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان مەشھۇر ھىندىستان ھۆكۈمالىرىدىن بىرى بولۇپ، 19 ـ ئەسىر ئىچىدە چوڭ ھەجىمدىكى « ئىكسىرى ئەزەم » ( تۆت توم، 1000خىلدىن ئارتۇق كېسەللىك ۋە 30 مىڭدىن ئارتۇق رېتسېپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ، « مۇھىتى ئەزەم » ( تۆت توملۇق ئەسەر ،5000 دىن ئارتۇق يەككە دورا ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى سۆزلىنىدۇ ) ، تەشخىس ، قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر ، تىبابەت قانۇنلىرى ھەققىدىكى « رۇمۇزى ئەزەم » ، « قىستاتى ئەزەم » ناملىق داڭلىق ئەسەرلەرنى يازغان .

# مۇھەممەد ئەجمەلخان

( 1927 — 1862 )

بۇ زاتنىڭ ئاتىسى ئەسلى بۇخارالىق بولۇپ، مۇھەممەد ئەجمەلخان ھىندىستاندىكى تۈرك - موغۇل پادىشاھلىقى دەۋرىدە دېھلىدە تۇغۇلغان داڭلىق ئىسلام تىبابىتى ھۆكۈماسى. ئۇ، دۇنيانىڭ بىرقانچە ئەللىرىنى ساياھەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھىندىستانىنىڭ دېھلى، لاھۇر، ھەيدەر ئاباد قاتارلىق شەھەرلىرىدە مەخسۇس شىپاخانىلارنى قۇرغان ( ھازىرمۇ پاكىستانىنىڭ بىرقانچە شەھەرلىرىدە ئەجمەلخانىنىڭ نامىدىكى چوڭ تىبابەت دورىخانىلىرى بار ). ھىندىستاندا يەرلىك تىبابەتنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلام تىبابىتىنىڭ قانۇنىي ئورۇنغا ئېرىشىشى ئۈچۈن، ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىپ، نەتىجە قازانغان. دېھلىدىمۇ چوڭ بىر ئىسلام تىبابەت داشۆسى قۇرغان، خېلى كۆپ مەشھۇر تىببىي ئەسەرلەرنى يازغان.

مۇھەممەد ئەجمەلخانىڭ ئۆز ئەسىرىدە يازغان « شەرق تىبابىتى نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قېپقالدى ؟ » دېگەن تەھلىلى چوڭقۇر ئىلمىي، ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە.

## شەمسۇلئەتىببا غولام گىيلانىخان

شەمسۇلئەتىببا غولام گىيلانىخان 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىراننىڭ گىيلان شەھىرىدە تۇغۇلغان مەشھۇر تىۋىپ ھەم دوختۇر بولۇپ، بۇ كىشى ياش ۋاقتىدا يۇنان تىبابىتى، ھىندى تىبابىتى، ئەرەب ئىسلام تىبابىتىنى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان. كېيىن ئەنگلىيىگە بېرىپ، 12 يىلغا قەدەر غەرب تىبابىتىنى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان. غولام گىيلانىخان شەرق ۋە غەرب تىبابىتىدە دۇنيا بويىچە شۆھرىتى چىققان دوختۇر، تىۋىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەنگلىيە تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «شەمسۇلئەتىببا» (تىۋىپلار قۇياشى) دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن ھەمدە ئۇ ئەنگلىيە پادىشاھلىق سەھىيە جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان. ئىراننىڭ ھىفزى سىھھەت ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا بەلگىلەنگەن. لاھۇردىكى ئىسلام تىبابىتى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىمتىھان ئېلىش مەسئۇلى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بۇ كىشى ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، نېمىسچە تىللارنى ۋە پارسچە، ئەرەبچە، ئوردۇ تىللىرىنى تولۇق بىلەتتى. ئۇ ياۋروپا، ئامېرىكىلارنى بىرنەچچە قېتىم ساياھەت قىلىپ، ئىلمىي يىغىنلاردا لېكسىيە سۆزلىگەن. بۇ كىشىنىڭ دېھلى، كاراچى، لاھۇردا چوڭ دورىگەرلىك مۇئەسسەسەلىرى، دورا زاۋۇتلىرى ۋە كىتابخانىلىرى بار. ئۇنىڭ يازغان كىتابلىرىدىن: (1) «مەخزىنىلئەدۋىيەداكتىرى» (ئىككى توم كىتاب). بۇنىڭدا

دۇنيانىڭ ھەرقايسى مەملىكەتلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان يەككە دورىلارنىڭ ھەر خىل ئىسىملىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، چىقىش ئورنى، تەبىئىتى، خىمىيىلىك تەركىبى ۋە فارماكولوگىيىلىك تەسىرى پۈتۈنلەي ھازىرقى زامان غەرب تىبابىتىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە تەھلىل قىلىنىپ بېكىتىلگەن. ( 2 ) « مەخزىنىلھېكمەت » ( ئىككى توم ). بۇنىڭدا ھەر خىل كېسەللىكلەرنى تونۇش، دىئاگنوز قويۇش، داۋالاشنىڭ غەربچە ۋە شەرقچە ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلگەن.( 3 ) « مەخزىنىلئىلاج » ( ئىككى توم ). بۇنىڭدا باشتىن ـ ئاخىر ئىچكى كېسەللىكلەرنى سۆزلەيدۇ. ( 4 ) « ئىلاج بىلمۇفرىدات » ( يالغۇز دورىلار بىلەن كېسەل داۋالاش ). بۇنىڭدا 2000 خىلدىن ئارتۇق يالغۇز دورىلار بىلەن كېسەل داۋالاش تونۇشتۇرۇلغان. ( 5 ) « تارىخى تىب ». بۇنىڭدا دۇنيا تىبابەت تارىخى سۆزلىنىدۇ. « تارىخى ئەتىببا »، بۇنىڭدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرقى زامانغا قەدەر دۇنيادا نامى چىققان شەرق ۋە غەرب تېۋىپلىرىنىڭ تەرجىمھالى تونۇشتۇرۇلغان. ( 6 ) « لوغاتىلئەدۋىييە ». بۇنىڭدا پۈتۈن يەككە دورىلارنىڭ يۇنان، ئەرەب، پارس، ھىندى، ئوردۇ، ئىنگلىز، لاتىن، تۈرك قاتارلىق تىللاردىكى ئىسىملىرى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇلغان. ( 7) « مەخزىنىلجەۋاھىر ». بۇنىڭدا 21 مىڭ تىببىي ئاتالغۇنىڭ ئىنگلىز، ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى نامى تونۇشتۇرۇلغان. ( 8 ) « تەشرىخ ئۇمەناپىئىلئەزا » ( ئاناتومىيە ۋە فىزىئولوگىيە ). غولام گىيلانىخانىنىڭ مەزكۇر سەككىز خىل كىتابى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابىتىدە كەڭ تۈردە پايدىلىنىلماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

1 . ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى دەرسلىكى ( ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكۇمى دەرسلىكى ) ، ئابلىمىت يۇسۇپھاجى يازغان .

2 . « تەجرىبىلەر توپلىمى » ، مۇھەممەت ئېلى ھاجىنىڭ قول يازما كىتابى .

3 . « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى » ، 1982 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى باستۇرغان تۆت تومluق كىتاب . ئاپتورى : ئابدۇرېھىم سابىت .

4 . ئۇيغۇر تېبابىتى قىسقىچە تارىخي ماتېرىياللىرى توپلىمى ( 1 ) ، سەھىيە نازارىتى 1983 - يىل 1 - سان .

5 . « ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى » تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى ، 1983 - يىلى بېسىلغان كۆپىيە نۇسخىسى .

6 . « يۈەن سۇلالىسىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر » ، 1991 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان . ئاپتورى : ئابلىز مۇھەممەت سايرامى ، ئابدۇرازاق توختى .

7 . « سۇي ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى » ، 1993 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى . ئاپتورى : ئابلىز مۇھەممەت سايرامى .

8 . « دېڭىز ئۈنچىلىرى » ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

نەشر قىلغان. ئاپتورى: ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن.
9. ئۇيغۇر تىبابەت چولپانى ( 1985 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى باستۇرغان ).
10. « شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكۇم ئىلمىي ژۇرنىلى » 1991 ـ يىل 2 ـ، 4 ـ سان، 1992 ـ يىل 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ سانلىرى.
11. « ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى » ژۇرنىلى، 1992 ـ يىل 2 ـ، 3 ـ سانلىرى.
12. « تۇرپان تارىخىي ماتېرىياللىرى »، 2 ـ سان.
13. قەشقەر شەھىرى تارىخىي ماتېرىياللىرى، 3 ـ سان.
14. يەكەن تارىخىي ماتېرىياللىرى، 1 ـ سان.
15. « پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى ».
16. « پوسكام ناھىيىسى تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى »، 1 ـ قىسىم.
17. « ئۈرۈمچى شەھىرى تارىخىي ماتېرىياللىرى »، 8 ـ سان.
18. « شىنجاڭ گېزىتى » ( ئۇيغۇرچە ) 1987 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى سان، 5 ـ بەت.
19. « شىنجاڭ گېزىتى » ( ئۇيغۇرچە ) 1992 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى سانى، 5 ـ بەت.

# مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى

*

ئاپتورلىرى : سىدىق رەھمەت
مۇختار مامۇت مۇھەممىدى

مەسئۇل مۇھەررىرى : **باقىھاجى تەۋەككۇل**
مەسئۇل كوررېكتورى : **بەختىيار ئابلىمىت جەسۇر**

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092 × 787 مم ، 32 / 1
باسما تاۋىقى : 11.625 ، قىستۇرما ۋارىقى : 2
1997 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1997 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5080 ـــــ 1

ISBN7 — 5373 — 0572 — 2/K. 22
باھاسى : 8.00 يۈەن

本书简明扼要地介绍维吾尔医学领域中的名人及其事迹。


维吾尔医群星

*

编著者：斯迪克.热合买提
穆赫塔珥.马穆提穆罕默德

责任编辑：巴克阿吉.特外库勒
责任校对：拜合提亚尔.阿不里米提加苏尔

喀什维吾尔文出版社出版
新疆新华书店发行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092 毫米 1/32开本 11.625印张 2插页
1997年3月第1版 1997年3月第1次印刷
印数：1—5080

ISBN7 — 5373 — 0572 — 2/K.22(民文)
定价：8.00元